SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG
ОБЩЕСТВЕННЫЕ НАУКИ В СИНЬЦЗЯНЕ

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学



2

2013

ISSN 1002-9052

«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» گە كىرگەن ژۇرنال
7- نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ژۇرنال
入 选 " 中 国 期 刊 方 阵 "
荣 获 第 七 届 " 新 疆 期 刊 奖 "

# ئاكادېمىيەمىزدىكى نوپۇزلۇق ئاز سانلىق مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى



بېكسۇلتان كاسەي، قازاق، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى (بۇرۇنقى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى)نىڭ سابىق باشلىقى، قازاق ئەدەبىياتى مۇتەخەسسىسى، فولكلورشۇناس.

ئۇ 1947-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيەسى نەنسەندىكى توپقاراغاي دېگەن جايدا تۇغۇلغان. 1956-يىلى 9-ئايدىن 1966-يىلى 7-ئايغىچە ئۈرۈمچى ناھىيەسىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى سەۋەبىدىن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان. 1971-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەرجىمانلىق كۇرسىدا 8 ئاي ئوقۇغان. 1971-يىلى 11-ئايدىن باشلاپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ قازاق تىلى بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1981-يىلى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئىشلىگەن. 1983-يىلى 6-ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ، ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1984-يىلدىن 1987-يىلغىچە بۇ ئىنستىتۇتنىڭ قازاق، قىرغىز، تاتار ئەدەبىياتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1987-يىلدىن 1998-يىلغىچە ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1998-يىلدىن 2007-يىلغىچە ئىنستىتۇت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1996-يىلى كاندىدات تەتقىقاتچى، 2005-يىلى تەتقىقاتچى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

بېكسۇلتان كاسەي ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى — جۇڭگو قازاق ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ يازغان «قازاق ئەدەبىيات تارىخى»نىڭ 1-تومى 1996-يىلى نەشردىن چىقتى. بۇ ئەسەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2000-يىلى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى باھالاشتا ماتارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى — «قازاقلارنىڭ ئېيتىشىش سەنئىتى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ئەسىرى 2005-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى — «ئېيتىشىش سەنئىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى»، «جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ ئېيتىشىش سەنئىتى» ناملىق ئىككى كىتابنىڭ ۋە «قازاقلارنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرى» ناملىق كىتابنىڭ باش تۈزگۈچىسى بولدى. «قازاقلارنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرى» ناملىق كىتابى 2004-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق تەڭرىتاغ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتىغا، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيۇشتۇرغان «قازاق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسى» ناملىق توپلام ئىچىدىكى «ئاقىللار ئېيتىشىشى»، «ئاشىقنام» قاتارلىق ئون كىتابنى تۈزدى. «جۇڭگو مىللەتلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قامۇسى»نى تۈزۈشكە قاتناشتى، «جۇڭگو مىللەتلەر دىن-ئەپسانىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ قازاق بۆلۈمىنى، «يىپەك يولى بويىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى» ناملىق كىتابنى، «قازاق مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى بۆلۈمى (خەنزۇ تىلىدا)نى، «جۇڭگو ئۆرپ-ئادەت قامۇسى. شىنجاڭ تومى»نىڭ تۆت بابىنى، «جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 3-تومىنىڭ 2 بابىنى، 4-تومىنىڭ 6 بابىنى يازدى.

بېكسۇلتان كاسەي 1979-يىلدىن ھازىرغىچە قەدەر، قازاق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى، خەلق داستانلىرى، ئېيتىشىش سەنئىتى، ئەدەبىيات تارىخى، خەلق سەنئەتكارلىرى توغرىسىدا جەمئىي 90 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «خەلق قوشىقى — ئاق باتا» ماۋزۇلۇق ماقالىسى شىمالىي جۇڭگو بويىچە 2-قېتىملىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «سەنئەتتىكى بۇرۇلۇش ئارقىلىق، جەمئىيەتكە بۇرۇلۇشقا ئويغۇنلىشىش» ناملىق ماقالىسى شياڭگاڭ دۇنيادىكى جۇڭگولۇقلار مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان يىغىلىق يارىتىش تېپىدىكى ئىلمىي نەتىجىلەرنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مۇتەخەسسىس-ئالىملار ئەسەرلىرى خەزىنىسى»گە تاللانغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە «قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقاتى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئۇ 1999-يىلى جۇڭگو فولكلورشۇناسلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئەخلاق ۋە كەسپىتىكى ئىلغار شەخس، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەخلاق، كەسپىتىكى 100 مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. 2012-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «مۇرا» ژۇرنىلى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىملىق «ئاتامۇرا» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو فولكلورشۇناسلىق جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ فولكلورشۇناسلىق جەمئىيىتى بىلەن قازاق مەدەنىيىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپلىك پىروفېسسورى، تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «مەدەنىيەت خەزىنىسى» مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى، كىتاب تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيەسىنىڭ نەشر ئەپكارى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

2013 ـ يىللىق 2 ـ سان
( ئومۇمىي 127 ـ سان )

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

پەسىللىك ئومۇمىي ئىلمىي ژۇرنال
يەسىللىك ئۇنىۋېرسال
ئىلمىي ژۇرنال
2013 - يىللىق 2 - سان
(ئومۇمىي 127 - سان)

هەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 30 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

## بۇ ساندا

### پەلسەپە، سىياسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى


گومانىستار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدا ............... ۋاڭ شىنيەن 1

يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، «سانائەتلەشتۈرۈش،
شەھەر - بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نىڭ
ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرايلى ............................ خەن چاڭفۇ 7


### قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى


ساياهەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق - مەنپەئەتىنى
قوغداشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە ............................... فىردون پەتتار 16

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەقلىي مۈلۈك هوقۇقىنىڭ
قوغدىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ....................................... راملە رەجەپ 25


### قوشنا ئەللەر تەتقىقاتى


قازاقىستاننىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە تەبىئىي بايلىقى ........................ قاسىم خوجا 29


### مەدەنىيەت، سەنئەت تەتقىقاتى


ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتى توغرىسىدا ........................ ئابدۇقەييۇم مىجىت 35

تۇرپان مەشرەپ ناخشا - ئۇسسۇلى — «نازىركوم» توغرىسىدا ............ ئىنايىتىللا قۇربان ئارتۇچ 46


### ۋەسىقىشۇناسلىق، كۇتۇپخانا تەتقىقاتى


قەدىمكى ئۇيغۇر خەت - چەك، ئالاقىلىرى توغرىسىدا ........................ ئەنۋەر هوشۇر 52

ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ
قوغداش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ..................................... گۈلنۇر پەرهات 61

باش مۇھەررىر: ئابدۇرازاق تۆمۈر

مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەدجان مۆمىن

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىي مۇھەررىرى: رەشىدە مامۇت


## تارىخ، دىن تەتقىقاتى


چىڭ سۇلالىسى ئاخىرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

ماتارىپ ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى........................رەخمىتۇللا ھەسەن 66

فىقھى ئىلمى ۋە بەزى فىقھى ئىختىلاپلار توغرىسىدا.................. ئەخمەتجان ھەسەن 77


## تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى


ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈر ۋە ئۇنىڭ شەكىل

ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەھلىل.................... ئالىمجان توختى، مېھرىگۇل مامۇت 84

لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى ۋە ئۇنى

قوغداشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى توغرىسىدا.............................. كۈرەش تاھىر 94

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر....... ئايشەمگۇل ئابدۇرېشىت 105

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاقتۇ شېۋىسىدىكى

ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا............................ ئېزىز ھەسەن 112


## ئەدەبىيات تەتقىقاتى


ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆزلەشتۈرۈلمە ئەسەرلەرنىڭ

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قىممىتى توغرىسىدا........................ كېرىمجان ئابدۇرېھىم 120

توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىلىرىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر

ئۇيغۇر فېلىيەتونچىلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى........................ ئامانگۈل ئىمىن 131

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئېقىملار توغرىسىدا................ مەريەم قۇربان 139

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلەردىن مۇھەممەت

باغراش ئىجادىيىتىدىكى ئەپسانىلەرگىچە....... ........................ ئانارگۈل قاۋۇل 147

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى رادىق توغرىسىدا

— «دىۋان مەشھۇرى» ئاساسىدا............................... ماھىرە ئۆمەر 153



تەھرىر ھەيئەتلىرى:

ئابدۇرازاق تۆمۈر، ئابدۇرازاق سايىم، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئىمىن ئەھمىدى

ئارسلان ئابدۇللا، ئادىل خالىق، ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى بارات

# 《新疆社会科学》维吾尔文版

## 目 录

总编：阿不都热扎克·铁木尔
副主编：买买提·莫明

### 哲学、政治理论研究

人文学科与社会科学的统一性…………王信砚 1
加快推进农业现代化　努力实现“三化”同步发展…………韩长赋 7

### 法学研究

论游客合法权益保护中的几个问题…………菲尔东·帕塔尔 16
维吾尔十二木卡姆知识产权保护现状研究…………热米拉·热吉普 25

### 周边国家研究

论哈萨克斯坦的自然环境与资源…………哈斯木·霍加 29

### 文化、艺术研究

浅谈维吾尔族礼品交换习俗…………阿不都克尤木·米吉提 35
吐鲁番麦西来甫歌舞 —“纳孜尔库姆”…………伊那也提·库尔班 46

### 文献、图书馆研究

浅谈回鹘文文书研究…………艾尼瓦尔·吾守尔 52
对维吾尔古籍与文献数字化保护的几点看法…………古丽努尔·帕尔哈提 61

### 历史、宗教研究

清末维吾尔族教育改革探析（上）…………热合木吐拉·艾山 66
论伊斯兰教法及与一些教法冲突…………艾合买提江·艾山 77

### 语言学研究

探究维吾尔语功能语类及其形式特征…………阿力木江·托乎提、米里古丽·马木提 84
现代维吾尔语罗布方言的文化价值及其保护措施…………库来西·塔依尔 94
现代维吾尔语口语中存在的问题…………阿依夏木古丽·阿不都热西提 105
试析现代维吾尔语阿克陶土语中的亲属称谓…………艾则孜江·艾山 112

### 文学研究

论维吾尔文学改译作品的文学批评价值…………克里木江·阿不都热依木 120
托乎提·巴克对维吾尔杂文的影响…………阿曼古丽·依明 131
维吾尔古典文学思潮和文学流派…………麦尔也木·库尔班 139
维吾尔族神话对买买提·巴格拉西创作中的影响…………阿娜尔古丽·卡吾力 147
论维吾尔古典诗歌的韵后重叠…………玛依拉·吾买尔 153

本期执行编辑：热西旦·马木提

# گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدا

ۋاڭ شىنيەن

گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر مەيلى تارىخىي جەھەتتە ياكى ئۇقۇم جەھەتتە بولسۇن، مۇئەييەن بىردەكلىككە ئىگە. مېنىڭچە، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىردەكلىكىنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىردەكلىكى — ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، گۇمانىتار پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى دەل ئىنساننىڭ ئۆزى بولۇپ، بۇ پەن ئىنسانغا ھەقىقىي ئىنسانىي رەۋىشتە مۇئامىلە قىلىدۇ. گۇمانىتار پەنلەر ئىنساننى باشقا ھەرقانداق مەۋجۇداتتىن پەرقلەندۈرىدۇ، ھالبۇكى ئىنسان ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئەزەلدىن ئاياقلاشمىغان دەپ قارايدۇ، ھەممە ئىنساندىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇدىيەت ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىدۇ. «بۈيۈك بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ «گۇمانىتار پەنلەر» (Humanities) دېگەن ماددىسىدا مۇنداق شەرھلەنگەن: «گۇمانىتار پەنلەر - تەبىئىي پەنلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئىجتىمائىي پەنلەرگىمۇ كىرمەيدىغان بىر خىل پەننىڭ مۇجەسسىمى». ئۇ «ئىنسانىيەتنىڭ قىممىتى ۋە روھىنى ئىپادىلەيدىغان گۇمانىتارىزملىق تىرادىتسىيە (ئەنئەنە) ھەققىدىكى پەندۇر». ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى — جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بولۇپ، ئۇ ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي پەن تۈرلىرى بويىچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ساھە، مەلۇم تەرەپ ياكى مەلۇم تۈردىكى شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ ھەم مەلۇم ساھە، مەلۇم تەرەپ ياكى مەلۇم تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ. دېمەك، ھەر ئىككىلا پەننىڭ ئۆزىگە خاس تەتقىقات ئوبيېكتى بولغاچقا، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئوخشىمايدىغان ئىككى چوڭ، ئۆزئارا مۇستەقىل پەنلەر ساھەسىگە كىرىدۇ.

ئەمما، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئوبيېكتى جەھەتتىمۇ ئىچكى باغلىنىشلىققا ئىگە. مەلۇمكى، ئىنسان ھامان مۇئەييەن جەمئىيەتتە ياشايدۇ، جەمئىيەتمۇ ھامان ئىنسانلار پائالىيىتى ۋە ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن تەشكىل قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەمئىيەتكە قارىتا تېگىشلىك چۈشەنچە بولمىسا، ئىنسانلار تۇرمۇشىنى مەزمۇن قىلغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن چۈشەنچە بولمايدۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىسا، گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ئىنساندىن ئىبارەت بۇ خىل پەۋقۇلئاددە مەۋجۇدىيەتنى توغرا چۈشىنەلىشى مۇمكىن ئەمەس. كارل ماركس (1818~1883) پەلسەپە نۇقتىسىدىن چىقىپ: «ئىنساننىڭ ماھىيىتى نوقۇل شەخسلەردە ئەسلىي بار بولغان ئابستراكت مەۋجۇتلۇقتا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى رېئاللىقتا ئىپادىلىنىدۇ، رېئاللىق دېگەن پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ يىغىندىسىدۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، جەزمەن ئىنساننى مەركەز قىلغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر (يەنى ئىقتىساد، سىياسىي ۋە ئىدىيە قاتارلىقلار)نى ئېنىقلاش كېرەك. ئىنسان ماھىيىتىنى بەلگىلەيدىغان، باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن پەرقلىق بولغان تەرەپلەرنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئىنساندىن ئىبارەت بۇ خىل مەۋجۇدىيەتنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئىنسانغا نىسبەتەن يېتەرلىك چۈشىنىش بولمىسا، ئىنساننىڭ ماھىيىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىجتىمائىي پەنلەرمۇ ئوخشاشلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ھەتتا ئىجتىمائىي شەيئىلەرنىمۇ چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيدۇ. ئالايلى، راھەتپەرەسلىك پەلسەپىسىنى دەستەك قىلغان ئىقتىسادىي

شەخسلەرنىڭ تەسەۋۋۇرى ئادام سىمىتتىن باشلانغان غەرب ئەللىرىدىكى نۇرغۇن ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرىيەلىرىنىڭ توپ چىقىش نۇقتىسى بولغان. بۇ، ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئەيىبلەشكە ئۇچرىشىدىكى تۈپ سەۋەبتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ بىردەكلىكى ـــ ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئوخشاشلا ئىنسان بىلەن جەمئىيەتنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىدە، يەنى گۇمانىتار پەنلەرنىڭ تەتقىقاتىمۇ جەمئىيەتكە، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەتقىقاتىمۇ ئىنسانلارنى تەتقىق قىلىشقا چېتىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. گەرچە، گۇمانىتار پەنلەرنىڭ جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم نىشانى ئىنساننى تەتقىق قىلىش، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنىلا جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداقتىمۇ، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە قارىتا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىدا يەنىلا نېگىزلىك پەرق بار. مەسىلەن، گۇمانىتار پەنلەر ـــ ئىنساننى باشتىن-ئاخىر بىرخىل غەيرىي، مۇتلەق، پۈتمىگەن مەۋجۇدات دەپ قارايدۇ؛ ۋەھالەنكى، ئىجتىمائىي پەنلەر ـ ئىنساننى بىرخىل ھەرقانداق باشقا مەۋجۇداتتىن پەرقسىز، پۈتمىگەن مەۋجۇدات دەپ قارايدۇ. ئالايلى، ئىقتىسادىي شەخسلەر بولسا ئىنساننى بىر خىل پۈتكەن (مۇكەممەل)، باشتىن- ئاخىر ئۆزگەرمەيدىغان مەۋجۇدات دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن تەتقىقات ئوبيېكتى جەھەتتىكى ئىچكى باغلىنىش گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر ئۆز ئارا تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

ئىككىنچى، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىردەكلىكى ـــ بۇ ئىككى پەن ئۈستىدىكى ئىزدىنىش جەريانى بىلەن ئىزدىنىش نەتىجىسىدىكى ئۆزئارا تەسىردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەل قىلىدىغىنى، ئاساسلىقى ئىجتىمائىي شەيئىلەرنىڭ «نېمىلىكى»، «قانداقلىقى» ۋە «نېمە ئۈچۈنلۈكى» قاتارلىقلارغا جاۋاب بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى يورۇتۇپ، كىشىلەرنى ئىجتىمائىي شەيئى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشىگە ئائىت بىلىملەر بىلەن تەمىنلەشتۇر. ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ھەل قىلىدىغىنى، «زادى قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىشتىن ئىبارەت. گۇمانىتار پەنلەر ئىنساننىڭ زادى قانداق تۇرمۇش ۋە قانداق ھەرىكەتتە بولىدىغانلىقى، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەم راۋاجلىنىش ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق قانداق ھالەتتە بولۇشى كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ (ئەلۋەتتە، ئوبيېكتىپ شەيئى دېيىلگەندە، پەقەت ئىجتىمائىي شەيئىلەرلا كۆزدە تۇتۇلۇپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە شەيئىلەرنىڭ، جۈملىدىن ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارمۇ ھېسابقا ئېلىنىدۇ). گۇمانىتار پەنلەر يېڭى ساھە، يېڭىچە يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەھمىيىتى، ئىنسانىي قىممەت ھەم ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق، مۇئەييەن قىممەت قارىشى بىلەن قىممەت غايىسىنى نامايان قىلىدۇ، ئىنسانلار ھەرىكىتى ئۈچۈن، مۇئەييەت قىممەت يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ئىزدىنىش نەتىجىسى ھامان مۇئەييەن قىممەت قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىزدىنىش نەتىجىسى ئىجتىمائىي شەيئىلەرگە ئائىت مۇئەييەت بىلىمنى ئىپادە قىلىدۇ. گەرچە، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىزدىنىش نەتىجىلىرى بەك ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىسىنىڭ ماھىيىتى ـــ گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ئىزدىنىشى بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىزدىنىشىدىكى ئۆزئارا يېتەكلەشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

بىر جەھەتتىن، ئىجتىمائىي پەنلەر ئۆزىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئائىت بىلىم ئارقىلىق گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ئىزدىنىش يوللىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. كىشىلەر ئوبيېكتىنىڭ «زادى قانداق بولۇشى» دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئوبيېكتىنىڭ «نېمىلىكى»، «قانداقلىقى» ۋە «نېمە ئۈچۈنلۈكى» دېگەن مەسىلىلەرنى ھەقىقىي چۈشىنىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئوبيېكتىنىڭ «زادى

قانداق»لىقى ھەققىدىكى جاۋاب مۇقەررەر قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىممەت قاراشلىرىمۇ ئوڭايلىقچە كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. گۇمانىتار پەنلەر «قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتە، ئالدى بىلەن «قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن تۈپ سۆزنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى ياكى ئۇنىڭ ھەرخىل ئىجتىمائىي شەيئىلەر بىلەن قانداق ئۇچرىشىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك. يەنى چوقۇم ئىجتىمائىي شەيئىلەرنىڭ «نېمىلىكى»، «قانداقلىقى» ۋە «نېمە ئۈچۈنلۈكى»دىن ئىبارەت تۈپ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ۋەھالەنكى، گۇمانىتار پەنلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى شەيئىلەرنىڭ «نېمىلىكى»، «قانداقلىقى» ۋە «نېمە ئۈچۈنلىكى» قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي پەنلەر تەمىنلىگەن بىلىملەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىشى زۆرۈر. چۈنكى، ئىجتىمائىي پەنلەردىكى ئىلىم ـ بىلىملەر دەل ئاشۇ مەسىلىلەرنىڭ يەشمىسىدۇر. ئەلۋەتتە، «قانداق قىلىش كېرەك»تىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلە ئىجتىمائىي شەيئىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئۇمۇ تەبىئىي شەيئىلەر ياكى ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدۇ. گۇمانىتار پەنلەر «قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتە، يەنىلا مۇئەييەن تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە تايىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئەييەن دەۋردىكى گۇمانىتار پەنلەر نەزەرىيەسىدە جەزمەن زور مىقداردا ئىلىم ـ بىلىم ئامىللىرى بولىدۇ. بۇ ئامىللار تارىختىن بېرى بەزىلەرنىڭ: گۇمانىتار پەنلەر مەلۇم بىر ئالاھىدە بىلىم سىستېمىسىغا مەنسۇپ دېگەن خاتا تونۇشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان. ئەمەلىيەتتە ئۇلار: گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەشۇ خىل بىلىم ئامىللىرىنىڭ گۇمانىتار پەنلەرنىڭ «قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن ئەڭ چوڭ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشىدە ناھايىتى مۇھىم خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بايقىيالمىغان.

يەنە بىر جەھەتتىن، گۇمانىتار پەنلەرمۇ ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم شەرھلىگەن قىممەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىمۇ ئىزدىنىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى ھېسابلىنىدىغان ئامېرىكىلىق ئالىم مىرتون ئەنگلىيەنىڭ 17 ـ ئەسىردىكى تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن جەمئىيەت قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغان. 17 ـ ئەسىردە پۇرىتانىزم تەبىئىلا ئەنگلىيەدە يېتەكچى ئورۇندىكى مەدەنىيلىك قىممەت قارىشى بولۇپ قالغان. مىرتون: «پۇرىتانىزم دىنىي بىرخىل بىرىكمە گەۋدە بولۇپ، ئۇ قىيپالىڭاچ مەنپەئەتپەرەسلىكنى، دەھرىيلىك (بىدئەتلىك) قىزغىنلىقىنى، قەدىم بىرلىكى بولغان ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتنى، ئۇزۇل ـ كېسىل تەجرىبىچىلىكنى، ئەركىن تەتقىقات ھوقۇقىنى، ھەتتا مەسئۇلىيەت ۋە ئەنئەنە ئىنكارچىلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا پەننىي بىلىمدىكى قىممەت قارىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە» دەپ كۆرسەتكەنىدى. دەرۋەقە، ئەنگلىيەنىڭ 17 ـ ئەسىردىكى ئىلىم ـ پەنى دەل مۇشۇ خىل پايدىلىق مۇھىتتا تەرەققىي قىلىپ، نيۇتون (1642~1727) قاتارلىق مەشھۇر ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. نەتىجىدە، ئەنگلىيە دۇنيا ئىلىم ـ پەنىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. دېمەك، تەبىئىي پەن بىلەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى مۇشۇنداق بولىدۇ، ئىجتىمائىي پەننىڭ راۋاجىمۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ. گەرچە، ئىجتىمائىي پەننىڭ نىشانى ـــ جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى يورۇتۇپ، ئىجتىمائىي شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى ھەققىدىكى ئىلىم ـ بىلىمنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن مۇئەييەن تارىخىي مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي پەنلەرگە تەۋە ھەر بىر تارماق پەننىڭ ئاساسلىق ئىزدىنىش نىشانى، مۇھىم تەتقىقات يۆنىلىشى، ئاۋۋال تەتقىق قىلىدىغان تېمىسى ۋە ئاساسلىق باھا ئۆلچىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەينى چاغدىكى يېتەكچى خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قىممەت قارىشى بەلگىلىگەن، ئەلۋەتتە. بۇ خىل يېتەكچى خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قىممەت قارىشى ھامان ئەشۇ مەزگىلدىكى گۇمانىتار پەنلەرنىڭ نەزەرىيەسىدە مەركەزلىك ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، گۇمانىتار پەنلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشتىن ھاسىل قىلغان سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى سىستېمىسىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدىكى باشلامچىلىك ۋە يېتەكچىلىك رولىدىن ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز.

ئۈچىنچى، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىردەكلىكى، يەنە گۇمانىتار روھ بىلەن

ئىلمىي روھنىڭ دىيالېكتىكىلىق تولۇقلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنداقتا، گۇمانىتار روھ دېگەن نېمە؟ بۇ مەسىلىگە قارىتا ئالىملارنىڭ كۆزقارىشى ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، گۇمانىتار روھنىڭ ئۆزىلا بىر تارىخى كاتېگورىيە بولغاچقا، ئۇ ئوخشىمىغان دەۋردە ئوخشىمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ قايتا گۈللىنىش مەزگىلىدە، گۇمانىتار روھ ئاساسلىقى: خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىلاھچىلىقىغا قارشى تۇرۇش جەريانىدىكى ئىنسانىيلىققا مەدھىيە ئوقۇش، ئەقىل ـ ئىدراكنى تەرغىب قىلىش، ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تەكىتلەش ۋە دىنىدىن خالىي بەختلىك تۇرمۇشنى ئارزۇلاش قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. گۇمانىتار روھ ھازىرقى جۇڭگودا بولسا، «ئادەمنى ئاساس قىلىش»، ئادەملەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدىيەسىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، گۇمانىتار روھ ــ ئىنسانىيەتنىڭ بىرخىل ئۆز ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈش، باشقىلارنىڭ ئېھتىخارى، ھوقۇقى ۋە تەقدىرى (ھاياتى)نى قوغداشقا كۆڭۈل بۆلۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. گۇمانىتار روھ ــ ئىنسانلار قالدۇرۇپ كەتكەن ھەرخىل مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشتە، غايىۋى پەزىلەتكە ئىنتىلىش ھەم ئۇنى بەرپا قىلىشتا، ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ تونۇشىچە، گۇمانىتار روھ مۇنۇ تۆت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: 1) ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، گۇمانىتار روھ ــ ھۆرمەت، دوستلۇق ۋە قوغداش قاتارلىق جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. 2) ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدە ئىپادىلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، گۇمانىتار روھ ــ ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىنى سۆيۈش ۋە ئۆزىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. 3) ئىنساننىڭ تاشقى ماددىي مەنپەئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەركىنلىك، نام ـ ئابروي قوغلاشماسلىق، ئۆتۈپ كېتىش، مەنپەئەتپەرەسلىك قىلماسلىق، ماددىي بۇيۇملارنىڭ قۇلى بولماسلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. 4) ئىنسان بىلەن ئىنسان، جەمئىيەت بىلەن دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە ھەمكارلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. يۇقىرىقى تۆت جەھەتكە ھۆكۈم قىلىشتىكى ئورتاق ئۆلچەم - چىنلىق، سەممىيلىك، گۈزەللىكتىن ئىبارەت. چىنلىق، سەممىيلىك ۋە گۈزەللىكنى قوغلىشىش گۇمانىتار روھنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىدۇر. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، گۇمانىتار روھنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. لېكىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يادرولۇق ئۇقۇم يەنىلا ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ئابرويى بىلەن ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش ھەم ئۇنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. دېمەك، گۇمانىتار پەنلەر - گۇمانىتار روھنىڭ مەركەزلىك ئەكس ئېتىشىدۇر.

ئاتالمىش ئىلىم روھى دېگىنىمىز، ئالىملارنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىدە شەكىللەنگەن ھەم ئىلمىي پائالىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە تەلىپى بىلەن بىردەك بولغان ئاڭ ۋە پوزىتسىيەدىن ئىبارەت. بۇ روھ ئالىملار ئىلمىي پائالىيىتىنىڭ ھەربىر ھالقىلىرىدا، يەنى جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقە، ئىچكى قىسمىدىكى ئەزالار بىلەن قىلغان باردى ـ كەلدىلەردە ئىپادىلەنگەن ئېتىقاد، ئىرادە، سالاپەت، ئىستىل ۋە ئەخلاق قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئالىم مىرتون «ئىلىم روھىنىڭ سالاپىتى» ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىلىمنىڭ روھى سالاپىتى ـ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدۇ. لېكىن، ھەممىباپلىق (ئومۇمىيلىق)، ھەممىگە ئورتاقلىق، شەخسىيەتسىزلىك ۋە تەرتىپچانلىقنىڭ شۈبھىلىكى قاتارلىقلار ھازىرقى زامان ئىلمىي مەنىۋىيەت سالاپىتىنىڭ تۆت ئاساسىي مەزمۇنىدۇر. ئىلىم روھىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت ئىلىم ـ مەرىپىتى تەرەققىياتى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز بېيىيدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىلىم روھى ــ ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق شارائىتتا، ئىلمىي پائالىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. چۈنكى، ئىلىم ۋارىسچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك مەدەنىيەت فورماتسىيەلىرىنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈيۈك ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئىلمىي مىراسلارنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىش روھىنى جارى قىلىپ كەلدى؛ ئىلمىي پائالىيەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىمۇ يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە يېڭى بىلىملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت. روشەنكى، ئالىملەر يېڭىلىق

يارىتىش روھىغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر. يېڭىلىق يارىتىش ـ ئىلمىي ئىختىرا قىلىش ئىنتايىن جاپالىق مۇشكۈل خىزمەت بولۇپ، ئۇ ئىختىرا قىلغۇچىلاردىن قەتئىيلىكنى، ئەستايىدىللىقنى، بوشاشمايدىغان ئىزدىنىش روھى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلمىي ئىختىرا قىلىش ئۈچۈن، ھەرخىل خاتا مەۋقە ۋە بىرتەرەپلىمە قاراشلاردىن خالىي بولۇش، نوپۇزلۇقلارغا چوقۇنۇشتىن ۋە شەخسىي تەجرىبە خۇراپاتلىقىدىن قۇتۇلۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىختىرا قىلغۇچىلاردا يېتەرلىك ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن تەنقىدىي روھ بولۇشى لازىم. ئىلمىي ئىزدىنىش داۋامىدا ھامان ھەرخىل كونىلىققا يېپىشۇالغۇچىلارغا ھەتتا ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئالىملاردا ھەقىقەتكە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان جەسۇرانە روھ بولۇشى كېرەك ۋەھاكازالار.

ئىلىم روھى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن مەزمۇنلار ئىچىدە، ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ يادرولۇق بولغىنى ـ ئەمەلىيەتچانلىق روھى، تەنقىدىي روھ ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن ئىبارەت. ئەگەر، ئەمەلىيەتچانلىق، تەنقىد ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن چەتنىگەندە، ھېچبىر ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلمىي پائالىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ بۇ يەردە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلىم روھلىرى ھەرگىزمۇ تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتىدىكى پاتېنت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى ئىزدىنىش پائالىيىتىگىمۇ ماس كېلىدىغان، نەق ئەمەلىي ئىپادىسىنى تاپىدىغان روھتۇر. قىسقىسى، ئىلىم روھى دېگىنىمىز، بارلىق پەن تەتقىقات پائالىيەتلىرىنىڭ جېنىدۇر.

مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، گۇمانىتار پەنلەردە ئەكس ئەتكەن گۇمانىتار روھ بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەردە ئەكس ئەتكەن ئىلىم روھى جەزمەن پەرقلىق. ئەمما، ئۇلارنىڭ رولى ۋە فۇنكسىيەسى جەھەتتىن ئالغاندا، گۇمانىتار روھ بىلەن ئىلىم روھى يەنىلا دىيالېكتىكلىق ئۆزئارا تولۇقلىما مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئالايلى: بىرتەرەپتىن، مەيلى گۇمانىتار پەنلەر ساھەسىدىكى ياكى ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى ئىزدىنىش پائالىيىتىدە بولسۇن، گۇمانىتار روھ بىلەن ئىلىم روھى قەتئىي ۋە مۇتلەق مەۋجۇت. ئەگەر، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا گۇمانىتار روھ بىلەن ئىلىم روھىنىڭ ئويغاتقۇچىسى ياكى ئىشلەپچىقارغۇچىسى دېيىلسە، ئۇ چاغدا ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەقسىمات سىستېمىسىغا مەنسۇپ باشقا تارماقلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش، گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ «مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش» ياكى ئۆزئارا ئۆرنەك قىلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، پەلسەپە ـ ئىنسان بىلەن ئالەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا يۈرگۈزگەن ئويلىنىشلىرى ئاساسىدا ئىنساننى تەتقىق قىلىدۇ. پەلسەپەنىڭ ئىنسان بىلەن ئالەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئويلىنىش ھەم ئىزدىنىشلىرى، رېئال ئىنسان بىلەن ئالەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا يۈرگۈزگەن كۆزىتىشى بىلەن تەنقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە غايىۋى ئىنسان بىلەن ئالەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناۋادا، ئەمەلىيەتچانلىق، تەنقىد ۋە يېڭىلىق يارىتىشتەك ئىلىم روھى بولمىسا، چىن مەنىدىكى پەلسەپە تەتقىقاتىمۇ بولمايدۇ. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئىزدىنىشمۇ ئوخشاشلا گۇمانىتار روھقا موھتاج. ئەمەلىيەتتىمۇ تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گۇمانىتار روھمۇ كەم بولسا بولمايدۇ. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

ئاتوم بومبىسى تەتقىقاتىغا بىۋاسىتە ھەسسە قوشقان ئېينىشتېين (1879~1955) 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاتوم بومبىسىنىڭ بىگۇنا خەلققە زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبى قاتتىق توقۇنۇشقا ۋە چەكسىز ئازابقا تولغانىدى. بۇنىڭدىن، ئالىم: «بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز ـ ئالىملارنىڭ، ئىنژېنېرلارنىڭ زىممىسىگە ئىنتايىن ئېغىر ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنى يۈكلىدى» دېگەن تونۇشقا كەلگەن. ئالىم يەنە مۇنداق خىتاب قىلغان: «ئەگەر، سىلەر ھاياتىڭلاردا ئىنسانىيەتكە مەنپەت يەتكۈزۈشنى ئويلاپ، ئەمەلىي قوللىنىشچان پەنلەر بىلەنلا شۇغۇللانساڭلار، بۇ يېتەرلىك بولمايدۇ. ئىنسانغا كۆڭۈل بۆلۈش ـ بارلىق تېخنىكا جەھەتتىكى كۈرەشنىڭ باشتىن ـ ئاخىر مۇھىم نىشانى بولۇشى كېرەك. ئىنسانىيەتنىڭ ئەمگەكنى قانداق تەشكىللىشى ۋە مەھسۇلاتنى تەقسىملەشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇشىدىن ئىبارەت تېخىچە ھەل بولمىغان زور مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىلمىي ئىدىيەنىڭ نەتىجىلىرى

بىلەن ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئىنسانىيەتكە ئاپەت ياغدۇرماسلىق كېرەك». ئېيتىش كېرەككى، ئېينىشتېين ئېيتقان «ئىنساننىڭ ئەمگىكىنى قانداق تەشكىللەش ۋە مەھسۇلاتىنى تەقسىملەشنى قانداق يولغا قويۇش قاتارلىق تېخىچە ھەل بولمىغان مەسىلىلەر» ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدىكى تېمىلارغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. گۇمانىتار روھنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى ئىزدىنىشتە ئوينايدىغان رولىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا ئىجتىمائىي قېلىپلارنى بېكىتىش، جەمئىيەت تەرتىپىنى لايىھەلەش ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا، كىشىلەر گۇمانىتار روھنىڭ مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئەگەر، گۇمانىتار روھتىن چەتنەلگەن بولسا، بۇنى ئىجتىمائىي پەنلەر نەزەرىيەسىدىكى چوڭ كەمتۈكلۈك دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئىقتىسادشۇناسلىقى بىلەن باشقۇرۇش ئىلمىدە، ئىقتىسادىي خادىملار تەيلۇرنىڭ ئىلمىي باشقۇرۇش نەزەرىيەسىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغانلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەبنى تەيلۇرنىڭ گۇمانىتار روھنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتقانلىقىدا، دەپ پەرەز قىلىشىدۇ.

يەنە بىرتەرەپتىن، گۇمانىتار روھ بىلەن ئىلىم روھى ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت مەرىپىتىنىڭ ئىككى ئۆزئارا تولۇقلىغۇچى قانىتىدۇر. گۇمانىتار روھ بىلەن ئىلىم روھى گەرچە گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا مەركەزلىك ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى ھەرگىزمۇ گۇمانىتار پەنلەر ۋە ئىلىم ساھەسى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، گۇمانىتار روھ بىلەن ئىلىم روھنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ــ بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ساپاسىغا باھا بېرىشتىكى مۇھىم ئۆلچەم بولۇپ قالدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرقى زامان مائارىپىمۇ ئوقۇغۇچىلارغا مۇشۇ ئىككى تەرەپلىك ساپا تەربىيەسىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ھازىر جۇڭگودا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتقان ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ــ سوتسىيالىستىك ماس جەمئىيەت قۇرۇش بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش داۋامىدا، ئىلىم روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يەنىلا گۇمانىتار روھنى تەشەببۇس قىلىشىمىزغا ھەم تەشۋىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ؛ ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

(«شىنخۇا تەرمىلىرى»نىڭ 2010 ـ يىللىق 23 ـ سانىدىن ئېلىندى)

**تەرجىمە قىلغۇچى:** تاھىرجان مۇھەممەد

**تەرجىمە مۇھەررىرى:** ئابدۇرازاق تۆمۈر

# يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرايلى

خەن چاڭفۇ

پارتىيە 17 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ماس ھالدا ئىلگىرى سۈرۈش ــ «12 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خەلقئارالىق تەجرىبىلەر ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» تەرەققىياتىنى ئوخشاش ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ــ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، سانائەتلەشتۈرۈش ۋە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بولغان تىرەكلىك ۋە تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سانائەت ـ يېزا ئىگىلىكى بىلەن شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا.

**بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش ــ «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى ئوخشاش تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە**

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ يېڭى ئەسىرگە كىرگەندىن بۇيان، مەملىكىتىمىز سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، 2010 ـ يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 40.2%نى ئىگىلىدى، ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 70%دىن ئاشتى، بۇلار مەملىكىتىمىزدە سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىل باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، 2000 ـ يىلىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش نىسبىتى يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.36 پوئېنت ئاشتى، 2010 ـ يىلى شەھەر ـ بازارلاردا تۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ نىسبىتى 49.7%كە يېتىپ، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش تەرەققىياتنى تېزلىتىش باسقۇچىغا كىردى. يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئاساسلىق كۆرسەتكۈچتىن قارىغاندا، نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش نىسبىتى بىلەن پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە تۆھپە قوشۇش نىسبىتى ئوخشاشلا 52% بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن، تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تەبىئىي، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشتىن روشەن كەينىدە قالغان. بۇ ئاساسلىقى ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچىسى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشقا ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاش سانائەت قۇرۇلمىسىدىن ئارقىدا قالغان بولۇپ، 2010 ـ يىلى مەملىكىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى GDP نىڭ 10.2%نى ئىگىلىگەن بولسا، 1 ـ كەسىپتە ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملار پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملار ئومۇمىي

سانىنىڭ تەخمىنەن %38ىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا 28 پوئىنتقا يېقىن پەرق بولدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇش كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇشتىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئارقىدا قالغان بولۇپ، بۇ نۇرغۇن نوپۇسنىڭ يېزىلاردا تۇرۇپ قېلىشىغا، نۇرغۇن ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بەنت بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالغاچقا، يېزا ئىگىلىكىنى كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تەسكە توختاپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئىككىنچىسى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىدىكى پەرق چوڭىيىپ كەتتى، 2010 ـ يىلى 2 ـ كەسىپتىكى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 1 ـ كەسىپنىڭ 6.2 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا %40 كېڭىيىپ كەتتى. سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تەكشىسىز بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمدارلىقى ۋە يېزا ئىگىلىكى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر كۆرسەتتى. ئۈچىنچىسى، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ كىرىم، ئىستېمالدىكى پەرقى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ كەتتى، 2009 ـ يىلى شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ 3.33 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. گەرچە 2010 ـ يىلى شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى نىسبىتى 3.23:1 گە تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن قىسقا مۇددەت ئىچىدە شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم پەرقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىچىكلىتىشتە قىيىنچىلىق يەنىلا ئىنتايىن چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئىستېمالدىكى پەرقتىن قارىغاندا، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمىدىكى نىسبەت 3.1:1، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىدىن تەخمىنەن 5 پوئېنت يۇقىرى، يېزىلارنىڭ ئىستېمال نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمالدىكى پەرقنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتە ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان ئامىل بولۇپ قالدى.

ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، شەھەرلەشتۈرۈش ـ بازارلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياج داۋاملىق ئاشىدۇ، سۈپەتكە بولغان تەلەپ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ۋە ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش بېسىمى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ. مەملىكىتىمىز بايلىق مەنبەلىرى نىسبەتەن كەمچىل دۆلەت بولغاچقا، يەر، تاتلىق سۇ مەنبەسى كۈنسايىن جىددىي بولماقتا، كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرى كۈنسايىن كەسكىنلەشمەكتە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى دۇچ كەلگەن بايلىق مۇھىتىنىڭ چەكلىمىسى يەنىمۇ كۈچەيمەكتە. يېزا ئىگىلىك ئاساسى ئاجىز، ماددىي قۇراللىنىش سەۋىيەسى تۆۋەن، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئىقتىدارى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇپ، ئەمگەكچىلەر ساپاسىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالماسلىق مەسىلىسى كۈنسايىن گەۋدىلىك بولماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى يولغا قويۇش سىستېمىسى، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش ـ قوغداش سىستېمىسى تېخى مۇكەممەل ئەمەس. يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتى سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشتىن ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى توسالغۇ بولۇپ قالدى. بۇ يېزا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىنى ئاجىزلىتىپ، «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى ئوخشاش ئىلگىرى سۈرۈشكە ئېغىر توسالغۇ بولىدۇ.

شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 60 نەچچە يىللىق بولۇپمۇ

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى 30 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئومۇمىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شەھەر ـ بازارلار بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىياتتىكى تەكشىسىزلىق، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆزئارا ماسلاشماسلىق زىددىيىتى تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنغىنى يوق. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ مۇشكۈل، ئەڭ ئېغىر ۋەزىپە يېزىلاردا؛ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنىڭ ئەڭ مۇشكۈل، ئەڭ ئېغىر ۋەزىپىسىمۇ يېزا ئىگىلىكىدە. پەقەت خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە نەزەر سېلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، سانائەتلەشتۈرۈش ۋە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بولغان قوللاش ۋە تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن «يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار، دېھقانلار» مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، بەزى چەت دۆلەتلەرنىڭ «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئۈلگە قىلىشىمىز ۋە قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك**

يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش ــ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەت. بەزى دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىيات تەجرىبىلىرى ــ سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، ئەگەر يېزا ئىگىلىكى ۋاقتىدا كۈچەيتىلىپ، يېزىلار تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغانلىقىنى؛ ئەگەر يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارالسا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېگىلىشى، يېزىلارنىڭ خاراب بولۇشى، دېھقانلارنىڭ نامرات بولۇشىدەك نۇرغۇن مەسىلىلەر پەيدا بولۇپ، شەھەر ـ يېزىلار ۋە رايونلار ئارا پەرقنىڭ كېڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەتتا جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشى ۋە چېكىنىشى يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئامېرىكا يۇقىرى دەرىجىدە سانائەتلەشكەن ۋە شەھەرلەشكەن دۆلەت بولۇپ، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى، مەھسۇلات قىممىتى ئىنتايىن كىچىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بۇرۇنلا ئۆزىگە يېتىپ ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى باشتىن ـ ئاخىر ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سۈپىتىدە تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئامېرىكا يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن يۆلەش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مۇھاپىزەت خاراكتېرلىق سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇش، نىشانلىق باھانى قوللاش، بىۋاسىتە تولۇقلىما بېرىش، ئۆسۈمىسىز قەرز بېرىش، سۇغۇرتا ھەققى تولۇقلىما پۇلى بىلەن تەمىنلەش، «دەرس ئوقۇش پىلانى»نى يولغا قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، زامانىۋىلىشتۇرۇش مۇساپىسىدە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تۇراقلاشتۇرۇپ ۋە ئاشۇرۇپ، «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. فىرانسىيە تەرەققىي قىلمىغان رايونلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. ھۆكۈمەت تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلار ۋە قاقاس يەرلەرنى مەركەزلىك ھالدا بىرتۇتاش ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆلچەملىك ئېتىزلارغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىش، مەبلەغ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش ۋە مالىيەدە رىغبەتلەندۈرۈش، يۆلەش سىياسىتىنى قوللىنىش، يېزا سانائىتى ۋە 3 ـ كەسىپنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى مائارىپى ۋە كەسپىي تەربىيەلەش قەرز پۇلى ۋە تولۇقلىما پۇلىنى كۆپەيتىش، يېزىلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى

كۆچەيتىش، يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق بىرقاتار ئۇنىۋېرسال تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، تەرەققىي قىلمىغان رايونلىرىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. ياپونىيە «يېزا ئىگىلىكى نېگىزلىك قانۇنى» ۋە «يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى»نى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش، باھادا قوللاش، ئىمپورتقا چەك قويۇش، يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يەرلەرنى كۆلەملىك باشقۇرۇشقا يېتەكلەش، توپ تارقىتىش بازارلىرى ۋە قەرەللىك مال بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى ۋە شەھەر ـ يېزىلار تەرەققىياتىدىكى پەرقنى كىچىكلەتتى. بىرازىلىيەدە سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەرلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چوڭ شەھەرلەر زىيادە تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقتىن، نۇرغۇن يېزا ئاھالىلىرى شەھەرلەرگە سەلدەك ئېقىپ كىرىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە شەھەرلەشتۈرۈشنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە مەسىلە پەيدا قىلغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىرازىلىيە ھۆكۈمىتى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتىش، يەر ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئائىلىۋى يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسىنى يولغا قويۇش، يېزا ئىگىلىكى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دېھقانلار ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە شەھەر ـ يېزىلارنىڭ تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلماسلىق ھالىتىنى بارا ـ بارا ئۆزگەرتتى.

بۇ دۆلەتلەرنىڭ «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئالدىن سانائەتلەشتۈرۈشكىلا تايىنىپ، زىيادە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلمىسا، يېزىلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، ھەتتا يېزا ئىگىلىكىنىڭ قورۇلۇپ قېلىشىنى ۋە ئېغىر «شەھەر كېسىلى»نى پەيدا قىلىدۇ. «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى تەڭ ئىلگىرى سۈرگەندىلا، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ۋە ياخشى سۈپەتلىك دەۋرىيلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا سانائەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قايتۇرۇپ بېرىش، شەھەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى سانائەتلەشتۈرۈش تەرەققىياتىغا، يېزا نوپۇسىنىڭ يۆتكىلىشىنى شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش تەرەققىياتىغا، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى سانائەتلەشتۈرۈش تەرەققىياتىغا، شەھەرلەر تەرەققىياتىغا تىرىشىپ ماسلاشتۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم. ھەرقانداق دۆلەت سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ ئوتتۇرا ـ ئاخىرقى باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدۇ، لېكىن بۇ چاغدا ھەمىشە يېزا ئىگىلىكىگە سەل قارايدىغان خاھىش ئوڭايلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سانائەتلەشتۈرۈشنى بۇرۇنلا ئەمەلگە ئاشۇرغان فرانسىيە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا سەل قارىغاچقا، ئېغىر دەرىجىدە ئاشلىق كەمچىل بولۇش كرىزىسى يۈز بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئېغىر بەدەل تۆلىگەن. يېزا ئىگىلىكى دۆلىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى، بىر مىليارت 300 مىليون نوپۇسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىر بۇ ئاساس بىرقەدەر ئاجىز، كۆز ئالدىمىزدىكى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ باشلىنىش باسقۇچىدا، يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش ۋە قوللاشنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى ۋە بازارنىڭ رولىنى توغرا جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە، ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ رولى ئوخشاش بولمايدۇ. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى بۇرۇن سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر ئاساسلىقى بازارنىڭ ئىستىخىيەلىك تەڭشىشىگە تايىنىپ، «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نىڭ تەڭ تەرەققىياتىنى بارا ـ بارا ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۇزاق ۋاقىت كەتكەن؛ ياپونىيە قاتارلىق كېيىن سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر ئاساسلىقى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بولغان تۈرتكىسى ۋە ئارىلىشىشىغا تايىنىپ، «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نىڭ تەڭ تەرەققىياتىنى بىرقەدەر تېز ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، بازار مېخانىزمىنىڭ رولى بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا، ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىش دائىرىسى ۋە ئۇسۇلىدىمۇ خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرغاچقا، ئىقتىسادىي ئاساسى بىرقەدەر ئاجىز، بايلىقلىرىمۇ نىسبەتەن كەمچىل، شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى مەركەزلىك تەقسىم قىلىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم؛ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنىڭ تېزلىتىلىشى، بازار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، بازارنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئۈنۈملۈك تەقسىملەشتەك ئۇل خاراكتېرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

**ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسلىق تەدبىرلەر**

يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇشنى تەرەققىيات يۆنىلىشى قىلىپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېكولوگىيەلىك، بىخەتەر يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى ئاساسلىق نىشان قىلىپ، تەمىنلەشنى كېڭەيتىش بىلەن كىرىمنى ئاشۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش؛ پەن ـ تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈش بىلەن پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تايانچ كۈچ قىلىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى پەن ـ تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈشكە تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا ھەقىقىي تۇردە بۇراش؛ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيەلىك تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ۋە رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى سەرخىللاشتۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشنى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىپ، ئاممىۋى بايلىق مەنبەلىرىنىڭ شەھەر ـ يېزىلار ئارىسىدا تەكشى تەقسىملىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

«12 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى تۇتۇش كېرەك.

مىللىي دارامەت تەقسىمات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارغا بولغان قوللاش

سالمىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. «11 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، مەركەز «يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار، دېھقانلار»غا بولغان سېلىنمىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى، مەركەزنىڭ مالىيە سېلىنما مەبلىغى 2006 ـ يىلىدىكى 33 مىليارد 970 مىليون يۈەندىن 2010 ـ يىلىدىكى 85 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە كۆپەيتىلىپ، بەش يىلدا جەمئىي 300 مىلياردقا يېقىن مەبلەغ سېلىندى، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقان» چىقىمىنىڭ مالىيە چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى %14.5تىن %17.8كە كۆتۈرۈلدى، ئاممىۋى مالىيە يېزىلارغا تېخىمۇ كۆپ نەپ ئېلىپ كەلدى، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. «12 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، مىللىي دارامەت تەقسىماتىنىڭ ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ تەڭشەپ، ھۆكۈمەتنىڭ قوللاش، مۇھاپىزەت قىلىش سالمىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، «ئومۇمىي مىقدارنى داۋاملىق كۆپەيتىش، نىسبەتنى مۇقىم پەددە يۇقىرى كۆتۈرۈش» تەلىپىگە ئاساسەن، مالىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش مەبلەغ سېلىنمىسىنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، مالىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش سېلىنمىسى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى ئىلمىي بەلگىلەپ، يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش تۈرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مۇقىم مۆلۈك مەبلىغىنى كۆپەيتىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتتىكى مۇقىم مۆلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە، يېزا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى «يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار، دېھقانلار»نىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپ قالدى. ناھىيەلەردىكى بانكا، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئامانەت پۇللىرىنى ئاساسلىقى يەرلىكنىڭ قەرز پۇل تارقىتىشىغا ئىشلىتىش سىياسىتىنىڭ تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار، دېھقانلار»نى قوللاش مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك بىرىكتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش سىناق نۇقتىلىرىنىڭ دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسى، يېزا ئىگىلىك ئامانەت ـ قەرزى قاتارلىق تەرەپلەردىكى قانۇن، قانۇنىي بەلگىلىمىلەرنى تەتقىق قىلىپ ۋە تۈزۈپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار، دېھقانلار»غا مەبلەغ سېلىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك كاپالەت مېخانىزمىنى قۇرۇشىمىز كېرەك.

يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدە يېڭىلىق يارىتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئۇسۇلىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش كېرەك. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار، دېھقانلار»نىڭ ماس ھالدىكى تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى پەن ـ تېخنىكىسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنىڭ يىغىلىشىنى، ئەمگەك جەريانىنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇلۇشىنى، ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇشنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماددىي تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. «12 ـ بەش يىللىق پىلان»نىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، مەملىكىتىمىزدە يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتقا تۆھپە قوشۇش نىسبىتىنى ۋە يەر تېرىش، يىغىۋېلىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇلۇش نىسبىتىنى 2010 ـ يىلىدىكى %52تىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا %55 ۋە %60كە يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. زامانىۋى ئۇرۇقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ــ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، بىخەتەر دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى يېڭى سورتى ۋە ساغلام، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانات يېڭى سورتىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى سورتلارنى كېڭەيتىپ قوللىنىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى قوغداپ تېجەشلىك ئىشلىتىش، ئاپەتنى ئازايتىپ ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، سۇنى تېجەپ سۇغۇرۇش، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەردىكى كېسەللىك، ھاشارەت ئاپەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىشقا

ئوخشاش ھالقىلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ــ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم بەلگىسى، كۆپ ئىقتىدارلىق، ئەرزان باھالىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك ھۈنەرلىرىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئۇچۇر تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئۇچۇر بايلىقلىرىنى كۆپەيتىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقان»لار ئۇچۇن ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر مۇلازىمىتى سورۇنى ھازىرلاپ، يېزا ئىگىلىك ئۇچۇر تېخنىكىسىنى مۇلازىمەت قىلىش ۋە قوللىنىشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. دېھقانلارنى تەربىيەلەشنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا باب كېلىدىغان تېخنىكىنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشنى چۈشىنىدىغان، باشقۇرۇشقا ماھىر يېڭى تىپتىكى دېھقانلارنى تەربىيەلەپ چىقىش كېرەك.

يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى كەسىپلەشتۈرۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، كۆلەملەشتۈرۈش، تەشكىللەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە 260 مىليون دېھقان ئائىلىسى بار بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان يەر يېرىم گېكتارغىمۇ يەتمەيدۇ، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، دېھقانلار باشقۇرىدىغان يەر بەك ئاز. بىز يەرلەرنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى ئاساس قىلىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرگەن قوش قاتلاملىق باشقۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئازىيىپ بېرىش ۋەزىيىتىگە تىرىشىپ ماسلىشىشىمىز، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، مېخانىزمىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى دېھقان ئائىلىلىرى بىرلەشمىسى ۋە ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەشكىللىنىش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز؛ قانۇن بويىچە ئىختىيارى بولۇش، ھەق بېرىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، يەرلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ تېرىش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى باشقۇرۇش ۋە بۇ ھەقتىكى مۇلازىمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلەرنى يەر تېرىش ماھىرلىرىغا، كەسپىي ئائىلىلەرگە، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ۋە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كاپېراتىپلىرى قاتارلىق سۇبيېكتلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە يېتەكلەپ، يېزا ئىگىلىكىنى مۇۋاپىق ھالدا كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش؛ كۆكتات مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىھەلەشتۈرۈشنى تېزلىتىش، مال ـ چارۋا، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۆلەملەشتۈرۈشنى قوللاپ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ساغلام بېقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش؛ يېزا ئىگىلىك باشلامچى كارخانىلىرىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسلىق رايونلار، ئەۋزەللىككە ئىگە رايونلارنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ئەۋزەللىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ۋە ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسىپ بەلبېغى ۋە توپلىنىش رايونىنى شەكىللەندۈرۈپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئۈلگە رايونى قۇرۇش كېرەك.

دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازار سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بازارنىڭ خېيىم ـ خەتىرىدىن ساقلىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ پۇل قىلىشى مۇكەممەل بولغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازار سىستېمىسىدىن

ئايرىلمايدۇ. بىز زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپ سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان زامانىۋى بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى بىر تۈركۈم توپ تارقىتىش بازارلىرىنى نۇقتىلىق قۇرۇشىمىز ۋە ئۆزگەرتىشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى توپ تارقىتىش بازارلىرىنىڭ يېڭى پېتىچە ساقلاش، ئەشيالارنى توشۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى قوللىشىمىز، يېڭى، تىرىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋاقتىدا، بىخەتەر، تەكشى بازارلارغا كىرىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم. بازار نازارەتچىلىكى ۋە ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، بازارنىڭ ئالدىن مەلۇمات بېرىش مېخانىزىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. مەھسۇلاتلارنى بىۋاسىتە يەتكۈزۈپ بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، زامانىۋى ئوبوروت شەكلى ۋە يېڭىچە ئوبوروت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە يەتكۈزۈش»كە يار-يۆلەك بولۇپ، كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق بازار ئوبوروت سۇبيېكتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئېچىۋېتىلگەن ھەم بىرلىككە كەلگەن، تەرتىپلىك رىقابەتلىشىدىغان بازار ئوبوروت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش جەريانىدا خەلقئارا، دۆلەت ئىچى بازىرى، ئىككى خىل بايلىق مەنبەسىدىن بىر تۇتاش پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «سىرتتىن كىرگۈزۈش» بىلەن «سىرتقا چىقىرىش»نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئەۋزەللىككە ئىگە ساھەلەردە ئۆزئارا تولۇقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى تەمىنلەشكە ۋە كەسپلەر بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك جەھەتتىكى ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ۋە خەلقئارالىق رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەملىكەت بويىچە يېڭىدىن 50 مىلياد كىلوگىرام ئاشلىقنى ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى پىلانىنى يولغا قويۇپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاش، تۇتاش ئېچىش، ئومۇملاشتۇرۇپ ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سۈپەت قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، قۇرغاقچىلىق، سۇ ئاپىتى بولغاندىمۇ ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىزلارنى زور كۆلەمدە بەرپا قىلىشىمىز؛ مەملىكەت دائىرىسىدە داۋاملىق ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى ئايرىپ، ئەڭ پۇختا مۇھاپىزەت قىلىشنى يولغا قويۇشىمىز؛ يېزا يەرلىرىنى رەتلەش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان تېرىلغۇ يەر مەنبەلىرىنى ئاكتىپ، مۇقىم ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. مەملىكىتىمىزدە يېزا نوپۇسى كۆپ بولغاچقا، كەلگۈسىدە يۇكسەك دەرىجىدە شەھەر-بازارلاشساقمۇ، نەچچە يۈز مىليون ئاھالە يەنىلا يېزىلاردا ياشايدۇ. شۇڭا، مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا شەھەر-بازارلاشتۇرۇش بىلەن يېڭى يېزا قۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ماسلاشتۇرۇپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېزا، بازار، كەنتلەرنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇل مۇئەسسەسەلىرى، مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئاممىۋى ئىشلار قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىپ، جامائەت مالىيەسى، جامائەت ئەسلىھەلىرى، جامائەت مۇلازىمىتى بىلەن يېزىلارنى قاپلاپ، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېھقانلارغا بەختلىك، گۈزەل يۇرت-ماكان قۇرۇپ بېرىپ، يېزىلاردا ياشايدىغان كىشىلەرنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش شارائىتىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر-بازارلاشتۇرۇشنىڭ قوللاش، تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. شەھەرلەر ئارقىلىق يېزىلارنى يېتەكلەش سالمىقىنى زورايتىپ، شەھەر-يېزىلارنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ناھىيەلەرنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەمگەك زىچلىق تىپىدىكى كەسىپلەر، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش

سانائەتنىڭ ناھىيە بازىرىغا ۋە مەركىزىي بازارلارغا توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەھەر-يېزىلاردا ئىش تەقسىماتى مۇۋاپىق بولغان كەسىپلەر تەرەققىيات تۈزۈلۈشىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تۈزۈلمە مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىشىنى تېزلىتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە يېتەكلەش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلىرى يىغىلمىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. شەھەر-يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى باراۋەر ئالماشتۇرۇش مېخانىزمىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەلەشتۇرۇش، شەھەر-يېزىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قۇرۇلۇش يېرى بازىرىنى بارا-بارا قۇرۇش، يەرلەرنى تېجەپ ئىشلىتىش، دېھقانلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، يەرلەرنى سېتىۋېلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جامائەت خاراكتېرلىك ۋە تىجارەت خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش يەرلىرىنى قاتتىق ئايرىپ، يەرلەرنى سېتىۋېلىش دائىرىسىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، يەرلەرنى سېتىۋېلىشتا تولۇقلىما پۇلى بېرىش مېخانىزمى ۋە يېزىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى تىجارەت خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش يەرلىرىنى سېتىۋېلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، دېھقانلارنى سانائەتلەشتۇرۇش ۋە شەھەر-بازارلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىلىرىدىن تېخىمۇ زور دەرىجىدە بەھرىمەن قىلىش كېرەك. شەھەر-بازارلاردا بىرلىككە كەلگەن ئادەم كۈچى بايلىقى بازارلىرىنى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، شەھەر-بازارلاردا ئىشلەمچىلەرنىڭ باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. ناھىيەلەردە دېھقانچىلىقتىن باشقا ساھەلەردە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىپ، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يۆتكىلىدىغان يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىش، ھۆكۈمەتنىڭ تولۇقلىما ۋە ياردەم بېرىش، بازارغا يۈزلىنىش، كۆپ مەنبەلىك مەكتەپ قۇرۇشتەك كەسپىي تەربىيەلەش مېخانىزمىنى تېزدىن ئورنىتىش، يۆتكەلگەن يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىش كېرەك. نوپۇس تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ شەھەرلەرگە كىرىپ نوپۇسقا ئالدۇرۇش شەرتلىرىنى قاتلاملار بويىچە كەڭ قويۇپ بېرىپ، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرى ۋە يېزا نوپۇسىنى مۇۋاپىق، تەرتىپلىك ھالدا شەھەر-بازارلارغا يۆتكىلىشكە يېتەكلەش كېرەك.

(«شىنخۇا تەرمىلىرى»نىڭ 2012 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى)

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەدجان مۆمىن**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابدۇرازاق تۆمۈر**

# ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە

فېردون پەتتار

**مۇھىم مەزمۇنى:** كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كىرىم سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىزدە، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا ساياھەت كەسپى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ساياھەتچىلىك مىللىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. لېكىن، ساياھەت كەسپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆپىيىپ قالدى. بۇ ئەھۋاللار ساياھەت كەسپىنىڭ ساغلام، سىجىل تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ماقالىدە ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە بۇ ھەقتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنىش بىلەن بىللە، ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قانداق قوغداش توغرىسىدا مۇۋاپىق تەكلىپ-پىكىرلەر بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ساياھەتچىلەر؛ ھوقۇق-مەنپەئەت؛ قانۇن

دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، ساياھەتچىلىك ئاساسلىقى تاشقى پېرىۋوت يارىتىش ۋە ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ئېھتىياجى سۈپىتىدە گوۋۇيۇەننىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. ساياھەتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى شۇنىڭدىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا توغرا يولغا سېلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش مەزگىلىگە كىردى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە پۇقرالار كىرىم سەۋىيەسىنىڭ بىرقەدەر تېز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدە ساياھەتچىلەر سانى ۋە ساياھەت كىرىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10 سۈرئەتتە ئاشتى. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى مىللىي ئىگىلىكتىكى مۇھىم بىر كەسپكە ئايلىنىپ، ئولتۇراق ئۆي ۋە ئاپتوموبىلدىن كېيىنكى ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان پۇقرالار ئىستېمال ساھەسى بولۇپ قالدى. 2013-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شاۋ چىۋېي مەملىكەتلىك ساياھەت خىزمىتى يىغىنىدا: «2012-يىلى جىددىي بولغان خەلقئارا ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمىنىڭ تەسىرىدە، جۇڭگونىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى ئۆز تەرەققىيات نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتتى، تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. 2012-يىلى جۇڭگونىڭ ساياھەت ئومۇمىي كىرىمى تەخمىنەن 2 تىرىليون 570 مىليارد يۈەن بولىدىغانلىقى، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %14 ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچى ساياھەتچىلەر سانى 2 مىليارد 900 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىپ %10 ئاشتى. دۆلەت ئىچى ساياھەت كىرىمى تەخمىنەن 2 تىرىليون 220 مىليارد يۈەنگە يېتىپ %15 ئاشتى»① دەپ كۆرسەتتى.

---

① «2012-يىلى جۇڭگونىڭ ساياھەت ئومۇمىي كىرىمى تەخمىنەن 2 تىرىليون 570 مىليارد يۈەن بولدى»، «شىنخۇا تورى»نىڭ 2013-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى خەۋىرى.

ئاپتونوم رايونىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. 30 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، ساياھەتچىلىك ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ مىللەتلىك رايون. تارىخ ۋە جۇغراپىيەلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تۇرمۇش شەكىللىرى، تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى، دېڭىز بويى رايونلىرىغا نىسبەتەن بىرقەدەر ناتونۇش. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىكىگە ئاجايىپ كۈچلۈك سېھرىي كۈچ ئاتا قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكىتىمىز ساياھەت بازىرىدا ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىككە ئىگە. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. «2012 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىدى. شىنجاڭ چېگرا سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 1 مىليون 498 مىڭ ئادەم قېتىمنى كۈتۈۋېلىپ، 550 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت ياراتتى. بۇ ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 13.06% ۋە 18.35% ئاشتى؛ دۆلەت ئىچى ساياھەتچىلىرىدىن 47 مىليون 108 مىڭ 400 ئادەم قېتىم كۈتۈۋالدى. دۆلەت ئىچى ساياھەت كىرىمى 54 مىليارد 175 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 23% ۋە 32% ئاشتى؛ ساياھەتچى ئومۇمىي سانى 48 مىليون 606 مىڭ 400 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ساياھەتتىن كىرگەن ئومۇمىي كىرىم 57 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولدى. بۇ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 23% ۋە 30% يۇقىرى»①.

ساياھەت ئىلگىرىكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدىن ھازىرقى ئاۋام خەلق كەڭ دائىرىدە قاتنىشىدىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت پائالىيىتىگە، ئاددىي پۇقرالار كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ساياھەت كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە مەدەنىيەتتىكى كۆپ خىللىقنى چۈشىنىش ۋە ھېس قىلىش، خۇشاللىق ۋە ئارام ئېلىشقا ئېرىشىش، تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىشتىكى مۇھىم ۋاستە بولۇپ قالدى. لېكىن، دۆلىتىمىز ساياھەت كەسپىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا، ساياھەتكە مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇشنىڭ بىرقەدەر ئارقىدا قېلىشى، ساياھەت تۇختىمى تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، ساياھەت سودا مىقدارىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى سەۋەبىدىن، ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان، ساياھەتچى بىلەن ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، ساياھەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدا دائىم ماجرا يۈز بېرىدىغان بولدى. شۇڭا، ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ساياھەتتە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئاساسىدا مۇلازىمەت قىلىشتا بولسۇن، ساياھەت كەسپىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ياكى ساياھەت بازىرىنى قانۇن بويىچە تەرتىپكە سېلىشتا بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى

ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى دېگىنىمىز، ساياھەتچىلەرنىڭ سەيلى ـ ساياھەت پائالىيىتى جەريانىدا بەھرىمەن بولىدىغان، دۆلەتنىڭ ساياھەت قانۇن ـ بەلگىلىمە، قائىدە ـ نىزام ۋە مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملىرى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان، قانۇنسىز دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمايدىغان ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ـ ساياھەتچىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق، يەنە كېلىپ بۇ ساياھەت كارخانىلىرى ۋە ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچى، ساياھەت كەسپىنىڭ ساغلام، سىجىل تەرەققىي

① «2012 ـ يىلى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدە كۈتۈۋالغان ساياھەتچى سانى يەنە بىر قېتىم تارىخىي پەللە ياراتتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە)نىڭ 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانى.

قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن بايان قىلىشقا بولىدۇ:

1) ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق-مەنپەئەتلىرى. دۆلىتىمىز قانۇنلىرىدىن «ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى»، «توختام قانۇنى»، «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»، «پۇقرالارنىڭ چېگرادىن كىرىپ-چىقىشىنى باشقۇرۇش قانۇنى»، «چەت ئەللىكلەرنىڭ چېگرادىن كىرىپ-چىقىشىنى باشقۇرۇش قانۇنى»، «ساياھەت كوپىراتىپلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ساياھەت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى ۋە يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» قاتارلىقلاردا ساياھەتچىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتلىرى كەڭ دائىرىدە، تەپسىلىي بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1998-يىلى تۈزۈلگەن، 2012-يىلى تۈزىتىلىپ يولغا قويۇلغان «ساياھەت نىزامى»دىمۇ بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە بار. مەسىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ساياھەت نىزامى»نىڭ 45-ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ساياھەتچى تۆۋەندىكىدەك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ: (1) ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەمىنلىگەن مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش؛ (2) ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت تۈرى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆز ئىختىيارىچە تاللاش؛ (3) ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن كېلىشىم ياكى رەسىم-قائىدىلەر بويىچە سۈپىتى بىلەن باھاسى مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىش؛ (4) مەجبۇرىي سودا قىلمىشى ۋە توختامدا كېلىشىلگەنلىرىنىڭ سىرتىدىكى ھەقلىق مۇلازىمەتنى رەت قىلىش؛ (5) جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولۇش؛ (6) كىشىلىك ئىززەت-ھۆرمىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادىتى ھۆرمەتلىنىشكە ئېرىشىش؛ (7) قانۇن، بەلگىلىمىلەردە بەلگىلەنگەن ياكى ساياھەت توختامىدا كېلىشىم قىلىنغان باشقا ھوقۇق-مەنپەئەتلەر»①. دۆلىتىمىزنىڭ ساياھەتكە مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك قانۇن بەلگىلىمىلىرىدىن قارىغاندا، ساياھەتچىلەرنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئاساسلىق قانۇنلۇق ھوقۇقى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى، ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى ھوقۇقى. ساياھەتچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، جىسمانىي ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە، ئەلۋەتتە. ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى تەكىتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدە ياكى ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە بولسۇن، ساياھەت جەريانىدىكى ھادىسىلەر بىرقەدەر كۆپ يۈز بەردى. بۇ ھادىسىلەرنىڭ بەزىلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى.

ساياھەتچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز ھاياتىنى قەدىرلەش، ھوقۇق-مەنپەئەت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. ساياھەت كوپىراتىپلىرى ۋە باشقا ساياھەت مۇلازىمىتى كەسىپلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ساياھەتچىلەرنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش - ئۇلارنىڭ ساياھەت مۇلازىمىتى جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم بۇرچى. ساياھەت كوپىراتىپلىرى ۋە ساياھەت مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئۇلارنى ساياھەت مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ساياھەت ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. بۇ ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاساسىي مەقسەت ۋە نىشان. جىسمانىي بىخەتەرلىك ھوقۇقى — ھايات بىخەتەرلىك ھوقۇقى، ساغلاملىق بىخەتەرلىك ھوقۇقى ۋە باشقا جىسمانىي ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھايات ۋە ساغلاملىق

① «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ساياھەت نىزامى»نىڭ 45-ماددىسى. بۇ نىزام 1998-يىلى تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان، 2004-يىلى ئۇنىڭغا 1-قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن، 2012-يىلى 2-قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان.

ھوقۇقى ساياھەتچىنىڭ ئەڭ ئاساسىي جىسمانىي ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ. ساياھەت كوپىراتىپلىرى ۋە باشقا ساياھەت مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ساياھەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ساياھەتچىلەرنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشتە، ساياھەتچىنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىغا چوقۇم ھەقىقى كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ساياھەتچىلەرنىڭ ئىسىم-فامىلە ھوقۇقى، سۈرەت ھوقۇقى، نام-ئابروي ھوقۇقى قاتارلىق جىسمانىي ھوقۇقلىرىنى قوغداشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ساياھەتچىلەرنىڭ مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ــ ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت پائالىيەتلىرىگە ئۈگۈشلۈق قاتنىشىشىنىڭ ماددىي ئاساسى، شۇنداقلا قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ھوقۇقى. گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «ساياھەت كوپىراتىپلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ 21-ماددىسىدا: «ساياھەت كوپىراتىپلىرى ساياھەتنى تەشكىللىگەندە، ساياھەتچىلەرگە كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان سۇغۇرتىسى ئېچىرىشى ھەمدە تەمىنلىگەن مۇلازىمەتلەرنىڭ ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى تەلىپىگە ماس كېلىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ئىشلار توغرىسىدا ساياھەتچىلەرگە چوقۇم ھەقىقى چۈشەندۈرۈش بېرىشى ۋە ئۇلارنى ئېنىق ئاگاھلاندۇرۇشى ھەمدە خەۋپ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك»① دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ساياھەت كەسپى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەمىنلىگەن تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ جىسمانىي ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى تەلىپىگە ماس كېلىشىنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دۆلىتىمىزدە ھازىرغىچە مەخسۇس «ساياھەت قانۇنى» ئېلان قىلىنمىغانلىقتىن، ئىلىم ساھەسى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش جەريانىدىكى تاۋارلارنى سېتىۋېلىش، ئىشلىتىش ياكى مۇلازىمەتلەرنى قوبۇل قىلىش سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن قانۇن مۇناسىۋىتىنى بىر تۈرلۈك ئىستېمال قانۇن مۇناسىۋىتى، دەپ قاراپ كەلدى. شۇڭا، ئەدلىيە ئورگانلىرى ساياھەت ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا «ئىستېمالچىلار ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنى تەتبىقلايدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەر ئەلۋەتتە ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى قوغداش جەھەتتىمۇ تەتبىقلىنىدۇ. «ئىستېمالچىلار ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 7-ماددىسىدا: «ئىستېمالچىلار تاۋارلارنى سېتىۋالغاندا، ئىشلەتكەندە ياكى مۇلازىمەتنى قوبۇل قىلغاندا، جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى زىيانغا ئۇچرىماسلىق ھوقۇقىغا ئىگە. ئىستېمالچىلار تىجارەتچىلەر تەمىنلىگەن تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى تەلىپىگە ماس كېلىشىنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق»② دەپ بەلگىلەنگەن. ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى قوغداش جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك قانۇن بەلگىلىمىلىرىدىمۇ ئېنىق بەلگىلىمە بار. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ساياھەت نىزامى»نىڭ 38-ماددىسىدا: «ساياھەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار چوقۇم ساياھەت بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە تەسىر يېتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئورۇن ۋە ساياھەت تۈرلىرى توغرىسىدا ساياھەتچىلەرنى ئالدىن خەۋەردار قىلىشى ۋە ئېنىق ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك. ساياھەت بىخەتەرلىكى ھادىسىسى يۈز بەرگەندە، ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بىلەن بىللە، شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ساياھەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا دوكلاد قىلىشى كېرەك. ياتاق، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر ساياھەتچىلەرنى چوقۇم بىخەتەر، پاكىز ۋە سۈپىتى بىلەن باھاسى ماس كېلىدىغان مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

① «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ساياھەت كوپىراتىپلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ 21-ماددىسى.

② «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىستېمالچىلار ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 7-ماددىسى.

ئۇلارنىڭ ساياھەتچىلەردە ئاغرىپ قېلىش، نەرسە ـ كېرەكلىرى ئوغرىلىنىش، كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان قاتارلىق جىددىي ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە، ماسلىشىپ بىرتەرەپ قىلىش مەجبۇرىيىتى بار»① دەپ بەلگىلەنگەن. يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەر نۇۋەتتە ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. بۇ بەلگىلىمىلەرنى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە توغرا ئىجرا قىلىش ـــ ساياھەتچىلەرنىڭ جىسمانىي، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، ساياھەتچىلەرنىڭ خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى. خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى ـــ نەزەرىيەدە يەنە بىلىش ھوقۇقى، ئۇچۇرغا ئېرىشىش ھوقۇقىمۇ دېيىلىدۇ. دۆلىتىمىز «ئىستېمالچىلار ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 8 ـ ماددىسىدا: «ئىستېمالچىلار ئۆزى سېتىۋالغان، ئىشلەتكەن تاۋار ياكى قوبۇل قىلغان مۇلازىمەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە...»② دەپ بەلگىلەنگەن. يەنە دۆلىتىمىز «ساياھەت كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ 20 ـ ماددىسىدا: «ساياھەت كوپېراتىپلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك. ساياھەت كوپېراتىپلىرىنىڭ ساياھەتچىلەرگە تەمىنلىگەن ساياھەت مۇلازىمەت ئۇچۇرلىرى چوقۇم ھەقىقىي، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك. ساختا تەشۋىقات قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ»③ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە ساياھەت كوپېراتىپلىرىنىڭ ساياھەتچىلەرنى ھەقىقىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ساياھەتچىلەر نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ يەنە ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ ھەقىقىي ئۇچۇرىدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ساياھەتچىلەرنىڭ خەۋەردار بولۇش ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنى ـــ ئاساسلىقى قوبۇل قىلغان ساياھەت مۇلازىمەتلىرىنىڭ تۈرلىرى، دەرىجىسى، ئۆلچىمى قاتارلىقلاردىن خەۋەردار بولۇش، بۇ مۇلازىمەتلەرنىڭ ۋاقتى، باھا قاتارلىق مەزمۇنلىرىدىن خەۋەردار بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، سەمىمىي، ئىشەنچلىك مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى. ساياھەتچىلەرنىڭ سەمىمىي، ئىشەنچلىك مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى دېگىنىمىز، ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت كوپېراتىپى تەمىنلىگەن سەمىمىي، ئىشەنچلىك مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولۇش، ئالدامچىلىققا ئۇچرىماسلىق ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىز «ساياھەت كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ 21 ـ، 22 ـ، 23 ـ ماددىلىرىدا ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت كوپېراتىپى قاتارلىق ساياھەت مۇلازىمىتى ئورۇنلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك سەمىمىي، ئىشەنچلىك مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ساياھەت كەسپى ئورۇنلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەجبۇرىيەتلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن: يەنى ھەقىقىي بولغان ساياھەت مۇلازىمىتى ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى، ساياھەت كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان سۇغۇرتىسىنى بېجىرىش مەجبۇرىيىتى، يوشۇرۇن خەتەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش مەجبۇرىيىتى، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ھەق ئېلىش مەجبۇرىيىتى، مۇلازىمەتنى كۆپەيتىش سەۋەبىدىن قوشۇمچە ھەق ئالغاندا ئالدى بىلەن ساياھەتچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلار. ساياھەتچىلەر مەلۇم بىر ساياھەت كوپېراتىپى ئۇيۇشتۇرغان ساياھەت پائالىيىتىگە قاتنىشىشى بىلەنلا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي ساياھەت قانۇن مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. ساياھەت قانۇن مۇناسىۋىتىدىكى سۇبيېكتلارنىڭ ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ساياھەتچى بىلەن ساياھەت كوپېراتىپى ئوتتۇرىسىدا يازما ساياھەت توختىمى ئىمزالىنىشى كېرەك. ساياھەت توختىمى ئىمزالاش ـــ ساياھەت قانۇن مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا، ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا پايدىلىق.

تۆتىنچى، مەمۇرىي ۋە ئەدلىيەلىك قوغداشقا ئېرىشىش ھوقۇقى. ساياھەتچىلەرنىڭ مەمۇرىي ۋە

---

① «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ساياھەت نىزامى»نىڭ 38 ـ ماددىسى.

② «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىستېمالچىلار ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 8 ـ ماددىسى.

③ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ساياھەت كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ 20 ـ ماددىسى.

ئەدلىيەلىك قوغداشقا ئېرىشى هوقۇقى دېگىنىمىز، سايا‌ھەتچىلەرنىڭ ساياھەت جەريانىدا جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك هوقۇقى ساياھەت كوپىراتىپلىرىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرىغاندا، مەمۇرىي ئورگان ياكى ئەدلىيە ئورگانلىرىدىن تالاش ـ تارتىشنى بىرتەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش هوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئاساسلىقى مەمۇرىي جەھەتتىن ئەرز بېرىش هوقۇقى ۋە ئەدلىيە جەھەتتىن دەۋا قىلىش هوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۆۋەتتە، ساياھەتچىلەرنىڭ بۇ هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە يەنىلا «ئىستېمالچىلار هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» ۋە «ساياھەت كوپىراتىپلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر تەتبىقلىنىدۇ. دۆلىتىمىز «ئىستېمالچىلار هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 34 ـ ماددىسىدا: «ئىستېمالچى بىلەن تىجارەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئىستېمالچىنىڭ هوقۇق ـ مەنپەئەتى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەندە، تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق هەل قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، تىجارەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېلىشىش؛ ئىككىنچى، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇرەسسە قىلىشىنى تەلەپ قىلىش؛ ئۈچىنچى، مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي تارماقلارغا ئەرز سۇنۇش؛ تۆتىنچى، تىجارەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىلەن تۈزگەن كېسىم كېلىشىمىگە ئاساسەن كېسىم ئاپپاراتلىرىنىڭ كېسىم قىلىشىغا سۇنۇش؛ بەشىنچى، خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىش»① دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىز «ساياھەت كوپىراتىپلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ 24 ـ ماددىسىدا: «تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرى كۆرۈلۈپ ساياھەتچىلەرگە زىيان ئېلىپ كەلگەندە، ساياھەتچىلەر ساياھەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئەرز بېرىشكە هوقۇقلۇق: بىرىنچى، ساياھەت كوپىراتىپلىرى ئۆزىدىكى سەۋەبلىك سەۋەبىدىن مۇلازىمەتنى توختامدا كېلىشكەن مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆلچىمىگە يەتمىگەن بولسا؛ ئىككىنچى، ساياھەت كوپىراتىپىنىڭ مۇلازىمىتى دۆلەت ئۆلچىمى ياكى كەسىپ ئۆلچىمىگە يەتمىگەن بولسا؛ ئۈچىنچى، ساياھەت كوپىراتىپى ۋەيران بولۇپ ساياھەتچىنىڭ ئالدىن تاپشۇرغان ساياھەت ھەققى زىيانغا ئۇچرىغان بولسا. ساياھەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مەزكۇر نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك»② دەپ بەلگىلەنگەن.

2) ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت توختىمىدا بەلگىلىنىدىغان هوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى. ساياھەت توختىمى دېگىنىمىز، ساياھەت قانۇن مۇناسىۋىتىدىكى دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا سەيلى ـ ساياھەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئىختىيارىي، قانۇنلۇق ئاساستا تۈزۈلگەن، ئۆزئارا هوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى بەلگىلەنگەن كېلىشىمنى كۆرسىتىدۇ. ساياھەتچىلىك يېمەك ـ ئىچمەك، ياتاق، قاتناش، سەيلە ـ ساياھەت، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق كۆپ ساھە، كەسىپلەر بىلەن چېتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، تۈرلۈك ساياھەت توختاملىرىدا كېلىشكەن هوقۇقلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ. لېكىن، ساياھەت توختاملىرىغا ئاساسەن ساياھەتچى تۆۋەندىكىدەك هوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ: يەنى ساياھەت مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش هوقۇقى، جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى هوقۇقى، ھەقىقى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش هوقۇقى، ئەركىن ساياھەت قىلىش هوقۇقى، داۋالىنىش هوقۇقى، شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى قوغداش هوقۇقى، تۆلەمگە ئېرىشىش هوقۇقى، توختامنى ئۆزگەرتىش ياكى بىكار قىلىش هوقۇقى، ياردەمگە ئېرىشىش هوقۇقى ۋەھاكازالار.

بىرىنچى، ساياھەت مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش هوقۇقى. ساياھەت مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ـ ـ ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. ساياھەتچى ساياھەت مۇلازىمىتىنى ئىختىيارىي تاللاشقا هوقۇقلۇق. ساياھەت كوپىراتىپلىرى مەجبۇرىي بېكىتىپ بېرىشكە بولمايدۇ. ساياھەتچىلەر ھەقىقى ئۇچۇرغا ئېرىشىشكە هوقۇقلۇق. ساياھەت كوپىراتىپلىرى تەشۋىق قىلغان ساياھەت ئېلانلىرى ھەقىقى، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك. ئەگەر ساختا ئەھۋاللار بىلەن

① «ئىستېمالچىلارنىڭ هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 34 ـ ماددىسى.
② «ساياھەت كوپىراتىپلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ 24 ـ ماددىسى.

ساياھەتچىنى قايمۇقتۇرسا ياكى ئەمەلىيەت ئېلاندىكىگە توغرا كەلمىسە، ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ساياھەتچىلەر ساياھەت مۇلازىمىتىنى مۇۋاپىق باھادا قوبۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىككىنچى، توختامنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى. ساياھەتچى توختامنى ئۆزگەرتىپ ئۈچىنچى بىر تەرەپنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ساياھەتكە قاتناشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە مەلۇم چەكلىمىگىمۇ ئۇچرايدۇ. ساياھەت كوپېراتىپلىرى ئالاھىدە ئەھۋال بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇنى رەت قىلسا بولمايدۇ. توختامنى ئۆزگەرتىشنىڭ ساياھەت كوپېراتىپىغا كەلتۈرگەن زىيىنىنى ساياھەتچى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى، داۋالىنىش ھوقۇقى، ساياھەتچى ئەگەر ساياھەت جەريانىدا كېسەل بولۇپ قالسا ياكى يارىلانسا شۇ جايدىكى داۋالىنىش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق. تۆتىنچى، تۆلەم تەلەپ قىلىش ھوقۇقى. ساياھەتچىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغاندا ساياھەتچى قانۇن ياكى توختامدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ساياھەت كوپېراتىپى ياكى سۇغۇرتا شىركىتىدىن تۆلەم تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. بۇ ماددىي زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى ۋە روھىي زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەشىنچى، جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى ھوقۇقى. بىز باشتا جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى ھوقۇقىنى ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقى دەپ سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ ھوقۇق ساياھەت توختىمىنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ساياھەتچى ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم ئىش بولغانلىقى، شۇنداقلا ئادەتتە ئاسانلا ساياھەت ماجراسى يۈز بېرىدىغان ھالقا بولغانلىقتىن ساياھەت توختىمىدىمۇ ئېنىق بەلگىلىنىشى كېرەك. ئالتىنچى، توختامنى بىكار قىلىش ھوقۇقى. ساياھەتچى ئالدى بىلەن بىر ئىستېمالچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ساياھەت باشلىنىشتىن بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتتا توختامنى بىكار قىلسا بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىياننى ساياھەتچى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

## 2. ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشتا ساقلىنىۋاتقان بىرقىسىم مەسىلىلەر

1) ساياھەتچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر تېخى مۇكەممەل ئەمەس. دۆلىتىمىزدە ساياھەتچىلىك كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر ئاساسلىقى ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا ئىشلىرى قانۇنلىرى، مەمۇرىي قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، «ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى»، «ئىستېمالچىلار ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»، «توختام قانۇنى»، «شىركەت قانۇنى» قاتارلىقلار. بۇ بەلگىلىمىلەر تېخى بىر مۇكەممەل، سىستېمىلىق قانۇن مىزانى بولۇپ شەكىللەنمىدى. ساياھەتچىلىككە مۇناسىۋەتلىك بىرقىسىم قانۇن بەلگىلىمىلەر بىرقەدەر پىرىنسىپال بەلگىلەنگەنلىكى، قوللىنىشچانلىقىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئەمەلىي قوللىنىشتا قىيىنچىلىق مەۋجۇت. ئەلۋەتتە گوۋۇيۈەن، دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئېلان قىلغان مەمۇرىي قانۇن بەلگىلىمە ۋە تارماقلارنىڭ قائىدىلىرى، شۇنداقلا ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئورگان يەرلىك قانۇن بەلگىلىمىلىرى ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىدا مۇھىم بولغان قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. لېكىن، قانۇن تۈزۈش قاتلىمىنىڭ بىرقەدەر تۆۋەن بولۇشى، قانۇن كۈچىنىڭ رايون چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى، نوپۇزىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى، قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىسىدا بىردەكلىكنىڭ كەمچىل بولۇشى ــ دۆلىتىمىز ساياھەت كەسپىنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى بەلگىلىك دەرىجىدە چەكلەپ قويىدى.

2) ساياھەت توختىمى تۈزۈمى قېلىپلاشمىغان. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنلىرىدا ساياھەت توختىمىغا مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس قانۇن تۈزۈمى يوق. دۆلىتىمىز «توختام قانۇنى»دىمۇ ساياھەت توختىمى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە يوق. ساياھەت پائالىيىتىدىكى ساياھەت توختاملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ساياھەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ساياھەتچىلەرنى تەمىنلىگەن تىپىك توختام.

بۇنداق توختاملاردا ساياھەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كۆپىنچە ئۆزىدىكى ئەۋزەللىككە تايىنىپ ئورغۇن ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ئادىل بولمىغان، نامۇۋاپىق بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتلىرى ئاسانلا دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرايدۇ. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە ساياھەت توختىمى ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى ۋە تەرتىپى يوق. بىر تەرەپ قىلىشتا ئاساسلىقى «ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» ۋە «توختام قانۇنى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى تەتبىقلىنىدۇ.

3) ساياھەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا بولغان قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش يېتەرلىك ئەمەس. ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك، كەسىپلەرنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشى زىچ. ئاساسلىقى قاتناش، سەيلە-ساياھەت، ياتاق، يېمەك-ئىچمەك، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئالتە چوڭ ساھە، 20 نەچچە باشقۇرۇش تارماقلىرىغا چېتىلىدۇ. بۇ خىل باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە بىرلىككە كەلگەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسى بولمايدۇ، ھەرقايسى تارماقلار ئارىسىدا ئۈنۈملۈك بولغان ماسلىشىش ۋە ماسلىشىش مېخانىزمى كەمچىل بولىدۇ. ئەمەلىي خىزمەتتە دائىم بەزى مەسىلىلەرگە كۆپ تەرەپ ئارىلىشىۋالىدىغان، بەزى مەسىلىلەر بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان، مەسئۇلىيەتنى بىر-بىرىگە ئىتتىرىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بۇ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ساياھەتتىكى قانۇن يۈرگۈزۈش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

4) ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆز قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئېڭى بىرقەدەر ئاجىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن ياكى تەكشى ئەمەس. ساياھەتچىلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. دۆلىتىمىز ساياھەتچىلىرىنىڭ ساياھەت بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇش دەرىجىسى ئىنتايىن تۆۋەن، ساياھەتكە ۋە ئۆز ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن بىلىملىرى كەمچىل. خېلى بىر قىسىم ساياھەتچىلەر ساياھەت توختىمى ئىمزالاش ۋە ئۇنىڭدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ساياھەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار توختامغا خىلاپلىق قىلغاندا ياكى ئۆز ھوقۇق-مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلغاندا، ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتىدۇ ياكى نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ. قىسقىسى، دۆلىتىمىزدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆز ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئېڭى ئاجىز، قانۇن ۋاسىتىسىگە تايىنىپ ئۆز ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئىقتىدارى تۆۋەن.

### 3. ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدا بىرقانچە تەكلىپ

1) دۆلىتىمىزنىڭ ساياھەت قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى دۆلىتىمىزنىڭ «ساياھەت قانۇنى»نى تېزدىن ئېلان قىلىپ يولغا قويۇش كېرەك. بۇ قانۇن دۆلىتىمىزنىڭ ساياھەت ساھەسىدىكى نېگىزلىك قانۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، قاتناش، سەيلە-ساياھەت، ياتاق، يېمەك-ئىچمەك، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت ئالتە ئامىلنى چۆرىدەپ، ساياھەتچى بىلەن ساياھەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلىرى، ساياھەت توختىمى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ باشقۇرۇشى، ساياھەت بايلىقلىرىنى ئېچىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە قوغداش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ساياھەت پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ «توختام قانۇنى»، «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا مۇھىمى «توختام قانۇنى»غا ساياھەت توختىمىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى كىرگۈزۈپ، ساياھەت توختىمىنىڭ ئىمزالىنىشى، ئادا قىلىنىشى ۋە ساياھەت توختىمى

ماجىرالىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى تولۇق قانۇن ئاساسىغا ئىگە قىلىش كېرەك. يەنە ساياھەتتە تىپىك توختام تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. چۈنكى، تىپىك توختامدا ساياھەت كوپېراتىپلىرى بىلەن ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت تىپىك توختىمى ئىمزالاش ئالدىدىكى ھوقۇق-مەنپەئەتى، مەجبۇرىيىتى ۋە قانۇن جاۋابكارلىقىنى قانۇندا ئېنىق بەلگىلىگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا ساياھەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئۆزى تەمىنلىگەن توختام ئارقىلىق، ساياھەتچىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىنلى، شۇنداقلا ساياھەتچىلەرنى ئۆز ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداشقا ھەيدەكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2) بىرلىككە كەلگەن ساياھەتچىلىكنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. دۆلىتىمىز ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ساياھەتچىلىكنى كۆپ تارماقلار ئورتاق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ تەڭشىشى، بىر تارماق ئاساسلىق باشقۇرىدىغان، مۇناسىۋەتلىك باشقا تارماقلار باشقۇرۇشقا قاتنىشىدىغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئىش تەقسىماتى قاتارلىقلارنى قانۇن شەكلىدە ئېنىق بەلگىلەپ، مەسئۇلىيىتى بىلەن ھوقۇقى بىرلىككە كەلگەن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇشتا ساياھەت ئىدارىسى ئاساسلىق يېتەكچىلىك ئورنىدا تۇرۇشى، باشقا تارماقلار قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ساياھەت ئىدارىسىگە ماسلىشىپ خىزمەت قىلىشى بىرقەدەر مۇۋاپىق.

3) كەڭ ئاممىغا بولغان ساياھەتچىلىك قانۇن بىلىملىرى تەشۋىق-تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر رادىيو-تېلېۋىزىيە، گېزىت، ئىنتېرنېت قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئاممىغا ساياھەت بىلىملىرى ۋە ساياھەت قانۇن بەلگىلىمىلىرى توغرىسىدا تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. چۈنكى، كەڭ ئامما ياكى ساياھەتچىلەر ساياھەت بىلىملىرى ۋە ساياھەت قانۇن بەلگىلىمىلىرىدىن خەۋەردار بولغاندىلا، ئۆزىنىڭ ساياھەت ئىستېمالىنى مۇۋاپىق پىلانلىيالايدۇ، ساياھەتتىكى ئىستېمال سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. كەڭ ئامما ياكى ساياھەتچىلەر ساياھەت قانۇن بەلگىلىمىلىرى ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ساياھەتچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولالايدۇ، شۇنداقلا ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈپ، مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ. ساياھەتچىلەر ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغاندا، دەخلى-تەرۇز قىلغۇچىلارغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايدۇ. ئامما ياكى ساياھەتچىلەر ئۆزىنى قوغداش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كېلىشىش، مۇرەسسە قىلىش، ئەرز بېرىش، كېسىم قىلىش ۋە دەۋا قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ساياھەت ماجىرالىرىنى ھەل قىلالايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆز ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغدىيالايدۇ.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار

# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا

راملە رەجەپ

مۇھىم مەزمۇنى: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈلمىسىنى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا تەتبىقلاش ــ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ «كۆپ مەنبەدىن بىر گەۋدىلىشىش» ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا قارىتا تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ۋە قوغدىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن، ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام سەنئىتى شۇنداقلا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى مەخسۇس قوغداش سىستېمىسى تېخى شەكىللەنمىدى، شۇڭا مۇناسىۋەتلىك قانۇن تۈزۈملەرنى دەرھال تۈزۈپ چىقىش زۆرۈردۇر.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى؛ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش

## 1. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە تەبىر

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر بولۇپ، ئىشچان، ئىجادىيەت روھىغا باي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا مۇزىكا تىلى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئېنسىكلوپېدىيەسى. ئۇ مۇزىكا، ئەدەبىيات، ئۇسسۇل، تىياتىر قاتارلىق ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇشى، ئېسىل خىسلىتى، ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئارمىنى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى، ھەتتا ئەينى دەۋر تارىخى شارائىتىدىكى خۇشاللىق، غەم ـ قايغۇلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدا مۇزىكا لىرىكا ھەم تەسۋىر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ مۇزىكا بىلەن شېئىر مۇۋاپىق ماسلاشقانلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدەك بۇنداق بۈيۈك ئەسەر دۇنيا مىللەتلەر مەدەنىيەت تارىخىدا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بولۇپ، «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۆجىزە» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى «راك»، «چەببىيات»، «سىگاھ»، «چارىگاھ»، «پەنجىگاھ»، «ئۆزھال»، «ئەجەم»، «ئوشاق»، «بايات»، «ناۋا»، «مۇشاۋىرەك»، «ئىراق» قاتارلىق ئون ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. ئون ئىككى مۇقامنىڭ يەنە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋارىيانتلىرى بولۇپ، تېپىكلىرىدىن دولان مۇقامى بىلەن قۇمۇل مۇقامىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قاتارلىق ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. ئون ئىككى مۇقام ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن، ئۆزگىچە ئىقتىسادىي ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشىدىن شەكىللەنگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە. ئون ئىككى مۇقام ئەجداتلار تەرىپىدىن مىراس قالدۇرۇلغان ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىپ كەلگەن.

مىللى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇ يەنە ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ھەم تارقىلىشى سانسىزلىغان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىغا تايانغان بولغاچقا، ئۇ يەنە كوللېكتىپچانلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## 2. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىنىش ئەھۋالى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

### بىرىنچى، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىنىش ئەھۋالى

2005 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنى «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى 3 ـ تۈركۈمدىكى «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ھەم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى» دەپ ئېلان قىلدى①. 2008 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نىزامى» ئېلان قىلىنىپ، 2010 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى دۇنياغا يۈزلىنىپ، كۆپلىگەن چەت ئەللىك تەتقىقاتچى ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئۆز دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىغا مەركەزلەشتۈردى. دۆلەت سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، ئىدېئولوگىيە، پەلسەپە، سىياسەت، جەمئىيەت قاتارلىق تەرەپلىرىدە ئىپادىلەندى.

دۆلەت ئىچىدە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن باشلانغان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ ، 90 ـ يىللىرى بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىل بولۇپ، ئاز بولمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش خىزمىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىزمەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. دۆلىتىمىز تەتقىقاتچىلىرى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە تەكشۈرۈش، توپلاش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىر قانچە مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى ۋە يۈزدىن ئارتۇق تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلدى②. لېكىن، پۈتكۈل تەتقىقاتنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ساھەسىدىكى تەتقىقات ھازىر تېخىچە باشلانغۇچ ھالەتتە تۇرماقتا.

### ئىككىنچى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى كەڭ، يېقىندىن بارلىققا كەلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر. لېكىن، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتىكى تەتقىقاتلار دۆلەت ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن، خېلىلا ئاجىز. نۆۋەتتە، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى مەدەنىي مىراسقا ئىلتىماس قىلىش ئۇتۇقلۇق بولدى، يەرلىك قوغداش نىزامىمۇ تۈزۈلدى. لېكىن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»غا قارىتىلغان ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا ئائىت قانۇنىي بەلگىلىمىلەرنى تۈرغۇزۇش جەھەتتە يەنىلا بوشلۇق مەۋجۇت. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش زور ھەم مۇرەككەپ بولغان ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ كۆپ خىل ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ.

① شۈي جۇڭچى، تيەن يەن، ۋاڭ يىڭلار تۈزگەن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش تەتقىقاتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 18 ـ بەت.

② باتۇر بارات: «يېڭى ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى»، «مۇزىكا تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 3 ـ سان، 26 ـ بەت.

بىرىنچىدىن، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاساسىي جەھەتتىن مەمۇرىي قانۇندۇر. ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش — ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىي مىراسلارنى قوغداش جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى ياكى قىلمىشىدۇر. ئەمما، ھازىر قانۇن تۈرغۇزۇش قاتلىمى يەنىلا تۆۋەن، ئىستاتىستىكا كۆرسەتمە سىستېمىسى مۇكەممەل ئەمەس. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىدە كونكرېت تۈزۈلمە ئاساسى ھەم كونكرېت قوغداش ئۇسۇلى، ئۆلچىمى يېتەرسىز.

ئىككىنچىدىن، مۇشۇ خىل ئەقلىي مۈلۈكنى قوغداش تۈزۈمىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى سىستېمىسى بىلەن ئۆزئارا توقۇنۇشىدىغان تەرەپلىرى بار. يەنى: بىرى، خاسلىقىنى بېكىتىش قىيىن. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى سىستېمىسىدا خاسلىق ھەمىشە ۋاقىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قىممىتى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەيدىغان خاھىش مەۋجۇت. ئەمما، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ پەيدا بولۇشى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. چۈنكى، مۇقام ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تارقىلىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغان ۋە مۇكەممەللەشكەن، مەزمۇنى بارغانسېرى بېيىغان، ئومۇمىي قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارغان. يەنە بىرى، ھوقۇق سۇبيېكتىنى بېكىتىش قىيىن①. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى سىستېمىسىدا ئېنىق ۋە كونكرېت بولغان ھوقۇق سۇبيېكتى، يەنى ئالاھىدە تەبىئىي ئادەم، قانۇنىي شەخس ياكى باشقا تەشكىلاتلار مەۋجۇت بولىدۇ. ئون ئىككى مۇقام مەلۇم رايوندىكى ئاممىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجادىيىتىنىڭ مەسئۇلى بولغاچقا، ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە دائىم كونكرېت ھوقۇق سۇبيېكتىنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن قالسا، ھوقۇقنىڭ خاراكتېرىنى جەزىملەشتۈرۈش قىيىن. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى سىستېمىسىدا دائىم شەخسلەرنىڭ سىرىنى ساقلاشنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئون ئىككى مۇقامنى قوغداش جەريانىدا شەخسنىڭ سىرىنى قوغداش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. ئەمما، ئومۇمنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ھوقۇق سۇبيېكتىنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتى دەخلى ـ تەرۇزغە ئۇچرايدۇ.

### 3. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشتىكى قانۇن ـ تەدبىرلەر

زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەت ياكى ئاممىنىڭ ئېستېتىك خاسلىقى ۋە مەدەنىيەت روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سانائەت جەمئىيىتىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىلغان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئالاھىدە خاسلىقىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يوقىلىشى مىللىي خاسلىق، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش — دىققەت ـ نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، نەشر ھوقۇقىنى قوغداش تۈزۈمى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىكى شەكىلسىز مەدەنىيەت ئىپادىسىنى ئۈنۈملۈك قوغداش ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنىنىڭ ئۈلگىلىك نىزاملىرىدىن پايدىلىنىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئىپادىلىرىنى ئۆزگىچە قوغداش تۈزۈلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنيا ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ نەشر ھوقۇقىنى قوغداش ئەھدىنامىسى ۋە ئورۇنلانغان ھەم كۆچۈرۈلگەن بۇيۇملار ئەھدىنامىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدا ئىپادىلەنگەن شەكىلسىز مەدەنىيەتنىڭ نەشر ھوقۇقى ھەم باشقا ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان تۈزۈملەرنى ئورنىتىش كېرەك.

---

① ۋاڭ يۈيى، گې شياڭ: «مىللەتلەر ئارىسىدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇلاھىزە»، «جياڭشى مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان، 19 ـ بەت.

ئىككىنچى، تاۋار ماركىسى ھوقۇقىنى قوغداش تۈزۈمى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئالىيبۇرۇن شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ داڭلىق ماركىسىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەھسۇلاتى ياكى مۇلازىمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى «تاۋار ماركىسى قانۇنى» تەرىپىدىن قوغدىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كوللېكتىپ تاۋار ماركىسىغا ئىلتىماس قىلىش ۋە ماركىغا ئىسپات بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئون ئىككى مۇقامنىڭ تاۋار ماركىسى ھوقۇقىنى قوغداش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. تاۋارغا ئىلتىماس قىلىش ۋە ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان، ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەقلى مۈلۈك ھوقۇقىنى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەندە، مەلۇم تاۋار ماركىسى ئون ئىككى مۇقامغا ھاقارەت كەلتۈرگەندە ياكى ئۇنىڭ نامىغا داغ تەككۈزگەندە، دۆلەت شۇ ماركىنى تىزىمغا ئېلىشنى رەت قىلىشى ۋە ھەر زامان ئۇ ماركىنى چەكلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، پاتېنت ھوقۇقىنى قوغداش تۈزۈمى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىكى شەكىلسىز مەدەنىيەت ھاسىل قىلغان سودا قىممىتىنى «پاتېنت ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىمىلىرى ئارقىلىق قوغدىغىلى بولىدۇ. پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىنغان كەشپىياتنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ مەدەنىي ۋە روھى ئەھمىيىتىگە چېتىلىدىغان تەرەپلىرى بولسا، ياكى بۇ ئىلتىماس قىلىنغان كەشپىياتنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام سەنئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىقى بايقالسا، شۇ پاتېنت ئىلتىماسىنى رەت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن سىرت، مۇناسىپ ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگۈچى مەسئۇلىيەت سۇبيېكتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كونكرېت دەخلى ـ تەرۇز قىلمىشىغا قارىتا ئوخشىمىغان مەسئۇلىيەتنى ئارتىش تۈزۈمىنى قوللىنىش كېرەك.

دېمەك، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەقلى مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە بولۇپ، نوقۇل ئەنئەنىۋى نەزەرىيە ئاساسىدىكى ئەقلى مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئەندىزىسى بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق لازىم. نەشر قىلىش ھوقۇقى، تاۋارلاشتۇرۇش ھوقۇقى، يەرلىك نامايەندە ھوقۇقى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى كۆپ تەرەپلىك ئەقلى مۈلۈك ھوقۇقلىرىنىڭ قانۇنى قوغدىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەقلى مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى پاتېنت ھوقۇقى، ماركا ھوقۇقى، نەشر ھوقۇقى قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئايرىش لازىم. قاراتمىلىق قانۇن تۈرغۇزۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەقلى مۈلۈك مەزمۇنىنى قېزىپ چىققاندىلا، ئاندىن ئەقلى مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى قوغداش ھەم راۋاجلاندۇرۇشتىكى زۆرۈر رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى تەتقىقات مەركىزى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار

# قازاقىستاننىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە تەبىئىي بايلىقى

قاسىم خوجا

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە مەملىكىتىمىز بىلەن قازاقىستاننىڭ دوستلۇق ـ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان ئاساستا، قازاقىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، تەبىئىي شارائىتى، تەبىئىي بايلىقلىرى ۋە ھاۋا كىلىماتى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** قازاقىستان؛ تەبىئىي شارائىت؛ تەبىئىي بايلىق

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى 1991 ـ يىلى 16 ـ دېكابىردا مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. قازاقىستان بىلەن جۇڭگو 1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە دوستلۇق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. قازاقىستان بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا 1460 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورتاق چېگرا بار (بەزى ماتېرىياللاردا ئورتاق چېگرا 1700 كىلومېتىر دېيىلىدۇ ). قازاقىستان ـ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بويىچە زېمىن كۆلىمى ئەڭ چوڭ، تەبىئىي شارائىتى ئەڭ ئەۋزەل، كان بايلىقى مول، ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچى ئەڭ ئۈستۈن بىر دۆلەت.

## 1. جۇغراپىيەلىك ئورنى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 46°28′~87°29′، شىمالىي پاراللېل 40°55′~55°25′ كە توغرا كېلىدۇ. قازاقىستاننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2 مىليون 724 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 3000 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 1460 كىلومېتىر كېلىدۇ، قازاقىستان دۆلەت چېگراسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12 مىڭ 187 كىلومېتىر بولۇپ، شىمالدا رۇسىيە فېدراتسىيەسى بىلەن (6467 كىلومېتىر)، شەرقتە جۇڭگو بىلەن (1700 كىلومېتىر)، غەربتە كاسپىي دېڭىزى ۋە ئۇرال تاغلىرى بىلەن (600 كىلومېتىر)، جەنۇبتا تۈركمەنىستان (380 كىلومېتىر )، ئۆزبېكىستان (2300 كىلومېتىر) ۋە قىرغىزىستان (980 كىلومېتىر) بىلەن چېگرالىنىدۇ①.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، شەرقىي جەنۇبى قىسمى ئېگىز، غەربىي شىمالىي قىسمى پەس، كۆپ قىسىم جايلىرى تۈزلەڭلىك، ئۇنىڭ يىل بويى قار ـ مۇز قاپلاپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغلىرى، قاغجىراپ تۇرىدىغان چۆللىرىمۇ بار.

قازاقىستاننىڭ پۈتكۈل زېمىنى شىمالىي قازاقىستان رايونى، غەربىي قازاقىستان رايونى، ئوتتۇرا قازاقىستان رايونى، شەرقىي قازاقىستان رايونى ۋە جەنۇبىي قازاقىستان رايونى دەپ بەش قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. شىمالى، ئوتتۇرا، غەربى قازاقىستان رايونلىرى يايلاق رايونى، شەرقىي قازاقىستان رايونى تاغلىق رايون، جەنۇبىي قازاقىستان رايونى چۆللۈك رايون ھېسابلىنىدۇ.

## 2. تاغلىرى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسمى ئېگىز تاغلار بىلەن

① 哈斯木·霍加主编:《哈萨克斯坦概况》, 新疆人民出版社, 1993 年, 3-9 页.

ئورالغان. بۇ يەردە ئالتاي تاغلىرى، تارباغاتاي تاغلىرى، جۇڭغار تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قازاقىستان زېمىنى ئىچىدىكى ئالتاي تاغلىرى جەنۇبىي ئالتاي تېغى ۋە رۇدنىي ئالتاي تېغى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئېگىزلىكى 2300~2600 مېتىر كېلىدىغان تېگرىسىك تېغى، خول تېغى ۋە لىستۋياگا تېغى ئۇلارنىڭ تارماقلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تارماق تاغلارنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ئۇبىنىسك تېغى، ئىۋانوۋ تېغى، ئۇلبىنىسك تاغلىرى كېسىپ ئۆتۈشىدۇ. لىستۋياگا تېغىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە كاتون تاغلىرى بار. بۇ يەردە ئالتاي تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز بېلوخا چوققىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 4506 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ئۇكوك ئېگىزلىكى بولۇپ، ئۇ ئالتاي تېغىنىڭ مەركىزىدۇر. ئېگىزلىكى 1658 مېتىر كېلىدىغان كارىبىن تېغى جەنۇبىي ئالتاي تېغىنىڭ سوزۇلغان تارمىقى بولۇپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان.

تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى بىلەن شىمالى بۆلىكى قازاقىستان زېمىنىدا بولۇپ، كەڭلىكى 30~50 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 300 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2000~2200 مېتىر كېلىدۇ؛ شىمال تەرىپى زايسان كۆلىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ئالاكۆل، ئۇيالى كۆل ۋە ساسىق كۆلگىچە سوزۇلغان. تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ شەرققە سوزۇلغان قىسمى شورباس تېغى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېگىزلىكى 3816 مېتىر كېلىدىغان مارىلاق چوققىسى ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭغار ئالاتاۋ تاغلىرى قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى يەنە بىر ئېگىز تاغ تىزمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 450 كىلومېتىر، كەڭلىكى 100~350 كىلومېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 4500 مېتىر كېلىدۇ. پۈتكۈل جۇڭغار ئالاتاۋ تاغ تىزمىسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا — بېسباقان چوققىسى بولۇپ، ئېگىزلىكى 4464 مېتىر كېلىدۇ.

قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدا ئەبەدىي قار ـ مۇز قاپلاپ تۇرىدىغان تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىلىرى چوقچىيىپ تۇرىدۇ، تەڭرىتاغ چوققىسى قازاقىستان زېمىنىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولۇپ، ئېگىزلىكى 6995 مېتىر كېلىدۇ. پۈتكۈل تەڭرىتاغ مۇزلۇقىنىڭ ئاساسىي توپلاش ئورنى ۋە ئەڭ چوڭ مۇزلۇقى مۇشۇ يەردە. شىمالىي تەڭرىتاغدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ تىزمىسى تاشقى ئىلى ئالاتاۋ تاغلىرى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 350 كىلومېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 4951 مېتىر كېلىدۇ. تاشقى ئىلىئالاتاۋ تىزمىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە كىندىكتاس تېغى بار. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى پايتەختى ئالمۇتا شەھىرى ئۇنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان①.

شىمالىي قازاقىستاندا بىرمۇنچە پاكار تاغلار بار. كۆكچەتاۋ تاغلىرى شۇ نامدىكى ئېگىزلىكنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلىقى 20 كىلومېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 947 مېتىر كېلىدۇ.

گۈزەل مەنزىرىلىك بايانئاۋۇل تاغ تىزمىسى قازاقىستاننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 1026 مېتىر كېلىدۇ. بايانئاۋۇل تاغلىرىنىڭ غەربىدە ئېرمانتاۋ تاغ تىزمىسى بار، ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقى 100 كىلومېتىر كېلىدۇ.

### 3. دەريالىرى

قازاقىستان تېررىتورىيەسىدە 85 مىڭ چوڭ ـ كىچىك دەريا ـ ئۆستەڭ (پەسىللىك ئۆستەڭلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) بار، بۇنىڭ ئىچىدە 8000 دىن ئارتۇق دەريا ـ ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. كۆپ قىسىم دەريا ـ ئۆستەڭلەر كاسپىي دېڭىزى، ئارال دېڭىزى، بالقاش كۆلى ۋە تېڭىز كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئىچكى دەريا ـ ئۆستەڭلەردۇر. پەقەت ئېرتىش دەرياسى، ئىشىم دەرياسى ۋە توبول دەرياسىغا قوشۇلىدىغان ئېقىنلارلا شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قۇيۇلىدۇ. ئېرتىش دەرياسى، ئۇرال دەرياسى، ئىلى دەرياسى، سىر دەرياغا ئوخشاش چوڭراق دەريالار قازاقىستاننىڭ سەل چەت جايلىرىدىن ئاقىدۇ.

قازاقىستان زېمىنىدا سۈيى ئەڭ ئۇلۇغ دەريا ـ ئېرتىش دەرياسى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 4228 كىلومېتىر (قازاقىستان زېمىنىدىكى قىسمى 1700 كىلومېتىر)، ئېرتىش دەرياسى موڭغۇلىيە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي

① 王沛主编：《中亚五国概况》，新疆人民出版社，2006 年，3~4 页。

ئېتەكلىرىدىن باشلىنىپ قازاقىستاندىكى زايسان كۆلىگە قۇيۇلغاندىن كېيىن يەنە ئېقىپ چىقىپ، شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قۇيۇلىدۇ. ئېرتىش دەرياسىنىڭ قازاقىستاندىكى بۆلىكى بىر مىليون 592 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، دەريانىڭ كەڭلىكى 120~150 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ قازاقىستان زېمىنىدىكى قىسمىدا كېمە قاتنىيالايدۇ.

ئىلى دەرياسى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي تەڭرىتېغىدىكى تېكەس دەرياسى بىلەن كۈنەس دەرياسىنىڭ قوشۇلغان يېرىدىن باشلىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 1439 كىلومېتىر كېلىدۇ، قازاقىستان زېمىنىدىكى قىسمى 815 كىلومېتىر. دەريانىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 140 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، دەريا قىنىنىڭ كەڭلىكى 150~300 مېتىر كېلىدۇ. ئىلى دەرياسى قاپچاغاي ئېگىزلىكىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، قاپچاغاي سۇ ئامبىرىغا كىرىدۇ، ئاندىن جەنۇبىي بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقى چارىن دەرياسى بىلەن چىلەك دەرياسىدۇر. ئىلى دەرياسىدا كېمە قاتنىيالايدۇ.

سىر دەريا قازاقىستان زېمىنى سىرتىدىكى تەڭرىتاغلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2219 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنى نارىن دەرياسى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا 3019 كىلومېتىر كېلىدۇ، دەريانىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 219 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. سىر دەريانىڭ قازاقىستان زېمىنىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1400 كىلومېتىر كېلىدۇ. سىر دەريا ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

ئۇرال دەرياسى جەنۇبىي ئۇرال تېغىدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2428 كىلومېتىر بولۇپ، قازاقىستان زېمىنىدىكى قىسمى 1082 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 220 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، دەريا قىنىنىڭ كەڭلىكى 300~500 مېتىر. ئۇرال دەرياسى غەربىي قازاقىستاننى كېسىپ ئۆتۈپ ئاتىراۋ (گۇرىيېۋ) شەھىرىنىڭ يېنىدا كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

شىمالىي قازاقىستاندىكى دەريالاردىن توبول دەرياسى بىلەن ئىشىم دەرياسى، ئوتتۇرا قازاقىستاندىكى دەريالاردىن سارىسۇ دەرياسى بىلەن نۇرا دەرياسى ئەڭ چوڭ دەريالاردۇر. توبول دەرياسى جەنۇبىي ئۇرال تېغىنىڭ شەرقىي تارمىقىدىن باشلىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 1591 كىلومېتىر بولۇپ، قازاقىستان زېمىنىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭراق تارماقلىرى ئۇباغان دەرياسى، سىنتاست دەرياسى، ئايات دەرياسى ۋە ئۇي دەرياسىدۇر. ئىشىم دەرياسى سارئارقانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى نىياز تاغلىرىدىن باشلىنىپ، قازاقىستان چېگراسى سىرتىدا ئېرتىش دەرياسىغا قوشۇلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 2450 كىلومېتىر بولۇپ، قازاقىستان زېمىنىدىكى قىسمى 1400 كىلومېتىر كېلىدۇ.

سارىسۇ دەرياسى ئىككى تارماق ئېقىندىن، يەنى زاكىسىن سارىسۇ ۋە جامان سارىسۇ دەريالىرىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ ئىككى دەريا سارئارقانىڭ پاكار تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 761 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 81 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نۇرا دەرياسىمۇ سارئارقانىڭ پاكار تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 978 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 55 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نۇرا دەرياسى تېڭىز كۆلى ۋادىسىغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى كۆپەيگەندە قورغالجىن كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

## 4. كۆللىرى

قازاقىستاننىڭ بىپايان زېمىنىدا كاسپىي دېڭىزى، ئارال دېڭىزى ۋە سۇ ئامبارلىرىدىن باشقا، چوڭ ـ كىچىك جەمئىي 48 مىڭ 262 كۆل بار، بۇ كۆللەرنىڭ %94 ىنىڭ سۇ كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان كىچىك كۆللەردۇر. بۇ كۆللەرنىڭ كۆپ قىسمى شىمالىي قازاقىستانغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە جەمئىي 21 مىڭ 580 كۆل بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ 623 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرا قازاقىستان ۋە جەنۇبىي قازاقىستاندا جەمئىي 17 مىڭ 554 كۆل بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سۇ كۆلىمى 4658 كۋادرات كىلومېتىر. ئەڭ چوڭ كۆللەر قازاقىستاننىڭ غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. ئۇلار بالقاش كۆلى، تېڭىز كۆلى، ئالاكۆل، ساسىق كۆل، مارقا كۆللىرىدۇر.

كاسپىي دېڭىزى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى بولۇپ، كۆلىمى 374 مىڭ كۋادرات

كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 28.5 مېتىر تۆۋەن. ئۇنىڭ شىمالىي قىرغىقىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە شەرقىي قىرغىقىنىڭ بارلىق قىسمى قازاقىستانغا تەۋە، قازاقىستانغا تەۋە قىرغىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2340 كىلومېتىر كېلىدۇ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى جەنۇب تەرەپتە بولۇپ، 1025 مېتىر كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپىنىڭ سۈيى تېيىز بولۇپ 4 مېتىردىن 8 مېتىرغىچە كېلىدۇ. كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان دەريالاردىن ۋولگا دەرياسى، ئورال دەرياسى، ئېمبا دەرياسى، سۇلاك دەرياسى، سامۇر دەرياسى، كۇرا دەرياسى قاتارلىقلار بار.

قازاقىستاننىڭ ماڭغىستاۋ يېرىم ئارىلى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ئاتىراۋ، ئاقتاۋ شەھەرلىرى قازاقىستاننىڭ كاسپىي دېڭىزى قىرغىقىدىكى ئاساسلىق پورتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئارال دېڭىزى سۇ كۆلىمىدىن ئالغاندا، دۇنيا بويىچە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى 4 ـ چوڭ كۆل ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تۇران ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 53 مېتىر ئېگىز. سۇ كۆلىمى 46 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ ئۇزۇن يېرى 428 كىلومېتىر، كەڭلىكى 235 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 68 مېتىر كېلىدۇ، تۇز تەركىبى %10كە يېتىدۇ. قىشتا دېڭىز يۈزى مۇز تۇتىدۇ. دېڭىز سۈيىنىڭ كۆپلەپ پارغا ئايلىنىپ كېتىشى ۋە قۇيۇلىدىغان دەريا سۇلىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى تۈپەيلى، ئارال دېڭىزىنىڭ كۆلىمى يىلدىن ـ يىلغا كىچىكلىمەكتە. ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريا ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە غەربىي شىمال قىسمىدىكى قىرغاقلىرى قازاقىستان زېمىنىدە بولۇپ، ئارال دېڭىزى بويىدىكى ئارالسك شەھىرى ئاساسىي پورت ھېسابلىنىدۇ①.

## 5. ھاۋا كېلىماتى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق، زېمىنى كەڭ، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ھاۋا كېلىماتىدا ئېنىق بەلۋاغ ۋە سوغۇق بەلۋاغ كېلىماتىنىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلىنىدۇ. قازاقىستاننىڭ ھاۋا كېلىماتى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇقلۇق ئىقلىمى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 19℃~4℃، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 19℃~26℃ بولىدۇ. ئارال دېڭىزى بويىنىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 100 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. لېكىن، قازاقىستاننىڭ شىمالىي قىسمى، شەرقىي قىسمى، غەربىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغ ئېتەكلىرىدە يامغۇر مىقدارى ئومۇمەن 300 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ. پۈتكۈل قازاقىستان زېمىنىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ۋە ياز بىلەن قىشنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى خېلى چوڭ. قازاقىستاننىڭ شىمال قىسمىدىكى سىبىرىيە بىلەن تۇتىشىدىغان جايلىرىنىڭ 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئومۇمەن نۆلدىن تۆۋەن20℃ بولىدۇ؛ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلىرىنىڭ 1 ـ ئاي ۋە 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نۆلدىن تۆۋەن 4℃ ۋە نۆلدىن يۇقىرى 29℃ بولىدۇ. پۈتكۈل قازاقىستان زېمىنىدا ياز ياكى قىشتا بولسۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى 10℃تىن ئارتۇق بولىدۇ.

## 6. يەر بايلىقى

قازاقىستاننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2 مىليون 724 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %60ى تۈزلەڭلىك. قازاقىستان يەرلىرى پايدىلىنىش جەھەتتىن يەتتە تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1) ئاھالە جايلاشقان يەر كۆلىمى 19 مىليون 200 مىڭ گېكتار.

2) يېزا ئىگىلىكى يەر كۆلىمى 192 مىليون گېكتار.

3) سانائەت ـ قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف، دۆلەت مۇداپىئەسى ئورۇنلىرى ئىشلەتكەن يەر كۆلىمى 17 مىليون 300 مىڭ گېكتار.

4) تەبىئەتنى قوغداشقا ئاجرىتىلغان يەر كۆلىمى 900 مىڭ گېكتار.

① 蒲开夫、李琪著：《哈萨克斯坦》（新疆周边国家系列丛书），中国统计出版社，2000 年，29~30 页。

5) ئورمان ۋە يايلاقلار ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 10 مىليون 900 مىڭ گېكتار.
6) سۇ بايلىقلىرى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 0.9 مىليون گېكتار.
7) زاپاس يەر كۆلىمى 28 مىليون 100 مىڭ گېكتار.

قازاقىستاننىڭ زېمىنى بىپايان، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي يەر كۆلىمى (192 مىليون 800 مىڭ گېكتار) ئىچىدە تېرىلغۇ كۆلىمى 35 مىليون گېكتار، ئوتلاق كۆلىمى 6 مىليون گېكتار، يايلاق كۆلىمى 148 مىليون گېكتار كېلىدۇ. سۇغىرىلىدىغان يېرى تەخمىنەن 1 مىليون 550 مىڭ گېكتار بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن تۆت پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن مەھسۇلات قىممىتى دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

## 7. كان بايلىقى

قازاقىستاننىڭ زېمىنى كەڭ، كان بايلىقى مول، بولۇپمۇ يېقىلغۇ ئېنېرگىيەسى ۋە رەڭلىك مېتال كان بايلىقى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بارلىق جۇمھۇرىيەتلەر بويىچە، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا بويىچە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

1) كۆمۈر بايلىقى:

قازاقىستاننىڭ ئاساسىي ئېنېرگىيە بايلىقى كۆمۈر بولۇپ، تۆرلۈك يېقىلغۇ بايلىقلىرىنىڭ 77.6%نى تەشكىل قىلىدۇ. قازاقىستاندا كۆمۈر زاپىسى ئېنىقلانغان ئورۇن 400 بولۇپ، گېئولوگىيەلىك ئومۇمىي زاپىسى 140 مىليارد توننىغا يېتىدۇ. بۇلار ئاساسەن قاراغاندى، ئېكىباستۇز، تورغاي ۋە مايكوبى قاتارلىق تۆت چوڭ كۆمۈرلۈككە مەركەزلەشكەن.

قاراغاندى كۆمۈرلۈكى. ئۇنىڭ گېئولوگىيەلىك زاپىسى 51 مىليارد 300 مىليون توننىغا، كوكس زاپىسى 4 مىليارد 660 مىليون توننىغا يېتىدۇ.

ئېكىباستۇز كۆمۈرلۈكى. ئۇنىڭ گېئولوگىيەلىك زاپىسى 12 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ.

تورغاي كۆمۈرلۈكى. بۇ كۆمۈرلۈك 23 كاندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، گېئولوگىيەلىك ئومۇمىي زاپىسى 50~60 توننىغا يېتىدۇ ھەمدە قازاقىستان كۆمۈر بايلىقىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مايكوبى كۆمۈرلۈكى. بۇ كۆمۈرلۈكنىڭ گېئولوگىيەلىك زاپىسى 18 مىليارد توننىغا يېتىدۇ.

جىلاناق كۆمۈرلۈكى. ئۇنىڭ گېئولوگىيەلىك زاپىسى 12 مىليارد توننا كېلىدۇ.

تونگۇسكا ـ كورۇنلى كۆمۈرلۈكى. ئۇنىڭ كۆمۈر زاپىسى تەخمىنەن 1 مىليارد توننا كېلىدۇ.

2) نېفىت بايلىقى:

قازاقىستاننىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 4 مىليارد 500 مىليون توننا ۋە 5 تىرلىيون 900 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ. نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى ئاساسەن قازاقىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاقتۆبە ئوبلاستى، ئاتىراۋ ئوبلاستى، ماڭغىستاۋ ئوبلاستى ۋە غەربىي قازاقىستان ئوبلاستىغا مەركەزلەشكەن. ئەڭ چوڭ نېفىت گازى رايونلىرى ـ كاسپىي دېڭىزى نېفىت گازى رايونى ۋە ماڭغىستاۋ ـ ئۇستيۇرت نېفىت گازى رايونىدۇر.

قازاقىستان نېفىتىنىڭ ئاساسىي قىسمى ماڭغىستاۋ نېفىت رايونىغا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭ كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نېفىت زاپىسى مول.

ئۆزېن نېفىتلىكى ماڭغىستاۋ يېرىم ئارىلىدىكى ئەڭ چوڭ نېفىتلىك ھېسابلىنىدۇ. ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 700 مىليون توننىغا يېتىدۇ.

بۇزاچى يېرىم ئارىلىدا يېڭى نېفىت رايونى قۇرۇلۇپ، بۇ يەردىكى قاراجانباس، قالامقاس نېفىتلىكلىرىدىن مول خام نېفىت ئېلىنغان.

1997 ـ يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، قازاقىستاننىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى تەخمىنەن 10 مىليارد توننىغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئاستىدىكى نېفىت زاپىسى 3 مىليارد 200 مىليون توننا،

سۇ ئاستىدىكى نېفىت زاپىسى 5 مىليارد 400 مىليون توننا كېلىدۇ. سۇ ئاستىدىكى نېفىت ئاساسەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئاستىغا جايلاشقان. ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىمۇ ناھايىتى مول نېفىت زاپىسى بارلىقى ئېنىقلاندى.

3) مېتال كان بايلىقى:

قازاقىستاننىڭ مېتال كان بايلىقى مول، تۈرى تولۇق. تۆمۈر رۇدىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 8 مىليارد توننا بولۇپ، ئاساسەن قوستاناي ئوبلاستىغا جايلاشقان. بۇ يەردە سوكولوف، سارباي، لىساكوۋسك، قاچار ۋە ئاياتتىن ئىبارەت بەش تۆمۈر كان رايونى بار.

خروملۇق تۆمۈر رۇدىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 200 مىليون توننا بولۇپ، جەنۇبىي ئافرىقا ۋە زىمبابۋېدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. خروملۇق تۆمۈر رۇدىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئاقتۆبە ئوبلاستىدىكى كەنپىر سايغا جايلاشقان.

مىس رۇدىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى تەخمىنەن 1 مىليارد 100 مىليون توننا بولۇپ، ئاساسەن سابىق جېزقازغان ئوبلاستىغا جايلاشقان. بۇ ئوبلاستتا ئىككى چوڭ مىس كېنى رايونى بار، يەنى جېزقازغان مىس كېنى رايونى ۋە شىمالىي بالقاش مىس كېنى رايونى.

قوغۇشۇن ـ سىنىك كانلىرى ئاساسلىقى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئالتاي تېغى رايونىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى زاپىسى ئەڭ كۆپ، جايلىشىشى ئەڭ مەركەزلىك. بۇنىڭدىن باشقا، سابىق جىزقازغان ئوبلاستى، قاراغاندى ئوبلاستى ۋە جەنۇبىي قازاقىستاندىمۇ قوغۇشۇن ـ سىنىك كانلىرى بار. قازاقىستاندا قوغۇشۇن كانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 11 مىليون توننا، سىنىك كانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 14 مىليون تونىنغا يېتىدۇ.

قازاقىستاندا چوڭ ـ كىچىك 220 ئالتۇن كېنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بولۇپ، بۇ كانلاردا تەخمىنەن 1000 توننا رۇدا ئالتۇن زاپىسى، 100 توننا كېپەك ئالتۇن زاپىسى بار. قازاقىستاندىكى ئاقباقاي، ئابىز، باقىرشىق، ۋارۋارىنىسكويې، جېتىقارا، ئىتمۇرىن، پروگرىس، مايقايىڭ، مېزەك قاتارلىق جايلاردىكى ئالتۇن كانلىرى مەشھۇر كانلاردۇر. قازاقىستان ئالتۇن زاپىسى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 9 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەر يىلى ئون توننا ئۆپچۆرىسىدە ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

قىسقىسى، قازاقىستاننىڭ يەر ئاستى بايلىقى ئىنتايىن مول، ئۇنىڭ نېفىت زاپىسى دۇنيا بويىچە 12 ـ ئورۇندا، كۆمۈر زاپىسى 9 ـ ئورۇندا، تۆمۈر رۇدا زاپىسى 8 ـ ئورۇندا، قوغۇشۇن ۋە مولىبدېن زاپىسى 4 ـ ئورۇندا، مارگانىتس زاپىسى 3 ـ ئورۇندا، خرومىت زاپىسى 2 ـ ئورۇندا، ۋولفرام زاپىسى 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلاردىن باشقا، قازاقىستان زېمىنىدا نېكىل، قەلەي، تىتان، تانتال، كوبالت، ئۇران قاتارلىقلارنىڭ مول زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان①.

**ئاپتور:** ش ئۇ ئار ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پېنسىيونېرى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار

① 张保国著:《苏联对中亚及哈萨克斯坦的开发》，新疆人民出版社，1989年版，6~11页。

# ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتى توغرىسىدا

ئابدۇقەييۇم مىجىت

**مۇھىم مەزمۇنى:** سوۋغات بېرىش دۇنيادىكى كۆپ قىسىم مىللەتلەردە كەڭ ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي ئالماشتۇرۇش شەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىگە خاس سوۋغات بېرىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇ ماقالىدە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىدىكى سوۋغات بېرىش ھەققىدىكى تەتقىقاتلار، ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇرلار؛ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى؛ سوۋغات بېرىش

سوۋغات بېرىش دۇنيادىكى كۆپ قىسىم مىللەتلەردە كەڭ ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي ئالماشتۇرۇش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ باشقا ئىجتىمائىي ئالماشتۇرۇش شەكىللىرىدىن پەرقلىنىدۇ. سوۋغات بېرىش ئادىتى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسىلىرىنى — باشقىلارنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، بەدەلسىز بېرىشى ۋە تەقدىم قىلىشىدىن ئىبارەت ئالاھىدە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدۇر. سوۋغات بېرىش ئىنسانلاردا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئېڭى شەكىللەنگەندىن كېيىن پەيدا بولغان. شۇڭا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك شەكلىدىكى ھەممە ئورتاق ئىشلىتىدىغان، تەڭ بۆلۈشۈپ يەيدىغان ياكى ئىستېمال قىلىدىغان نەرسىلىرىنى سوۋغات دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىگە بېرىشنى سوۋغات بېرىش دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. سوۋغات بېرىش پائالىيىتىنى ئۇنىڭ دائىرىسىگە قاراپ تار مەنىدىكى سوۋغات بېرىش ۋە كەڭ مەنىدىكى سوۋغات بېرىش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. تار مەنىدىكى سوۋغات بېرىش — كىشىلەرنىڭ رەسمىي مۇراسىم خاراكتېرلىك سورۇنلىرىدىكى قائىدىلەشكەن سوۋغات بېرىش پائالىيىتىنى كۆرسەتسە، كەڭ مەنىدىكى سوۋغات بېرىش كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈش، مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش، ياردەم بېرىش، ھەمكارلىشىش ۋە كۆڭۈل ئىزھار قىلىش مەقسىتىدە قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىكى خالىس ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئالماشتۇرۇش ئىختىيارىي ئاساستا بولىدۇ، سوۋغات بەرگۈچى سوۋغات ئالغۇچىنىڭ ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىكى بەزى ئېھتىياجلىرىنى چىقىش قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى سوۋغاتلارنىڭ بېرىلىش سورۇنى ۋە شەكلى ھەرخىل بولۇپ، شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ كۆز قارىشى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سوۋغات بېرىش پائالىيىتى بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكلى ۋە خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىلەرنىڭ سوۋغات بېرىش ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ دائىرىسى ۋە ئىزچىللىقىنى بەلگىلەيدۇ. «سوۋغاتنىڭ قىممىتى نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ باھاسىدا بولماستىن، بىلدۈرگەن مەنىسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. سوۋغات يەنە ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قاتلىمىنىمۇ ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مۇبادا سوۋغاتنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە يۇقىرى بولسا، سوۋغات قوبۇل قىلغۇچىدا ھەر خىل تەئەججۈپلۈك ئويىنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن»①. شۇڭا، سوۋغاتنىڭ ماددىي قىممىتى سوۋغات بەرگۈچى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي شەرت-شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى — ئەنگلىيەدە كۆرگەن-بىلگەنلىرىم»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2012-يىلى 4-ئاي نەشرى، 188-بەت.

## 1. سوۋغات بېرىشنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئەجدادلارنىڭ سوۋغات ھەققىدىكى قاراشلىرى، ئادىمىگەرچىلىك مىزانلىرى، تىرىكچىلىك شەكلى، سوۋغات بېرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى پىسخىك خاھىشلار ۋە بۇ ئادەتلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسى قاتارلىقلارنى ئىلمىي نۇقتىدىن شەرھلەش ۋە تەتقىق قىلىش ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتىنى تەتقىق قىلىشتا رايون پەرقىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. سوۋغات بېرىش كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى دائىرىسىدە ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا قىلىنىدىغان مەقسەتلىك ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى. ئۇ ھەرخىل ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ئالاھىدە شەكىل ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولغان، قائىدە ـ يوسۇنلاشقان ئىجتىمائىي ئالاقە شەكىللىرىنىڭ بىرى. نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش پائالىيىتى ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ تەسىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇش، دىنىي تۈسى نىسبەتەن قويۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. سوۋغات بېرىش پائالىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئاكتىپ، ئىجابىي رول ئويناپ كەلگەن بولۇپ، ئۇمۇر مۇراسىملىرىدا ئۆزئارا سوۋغات ئالماشتۇرۇلىدۇ ھەمدە بۇ پائالىيەتنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ. سوۋغات بېرىش ئادىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئورنىنى بىلىش، سوۋغات مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلىرى ۋە كۈنىمىزدىكى ھالىتىنى چۈشىنىش ھەمدە سوۋغات بېرىش پائالىيىتىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەرنى ئايرىپ چىقىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ سوغات ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدىكى ساغلام، ئىلغار بولغان تەرەپلەرگە ۋارىسلىق قىلىش زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە. سوۋغات بېرىش ئادىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا شەكىللەندۇرۇۋالغان پارىنى «سوۋغات»، پارىخورلۇق «سوۋغات بېرىش» دەپ قارايدىغان خاتا قاراشلىرىغا رەددىيە بەرگىلى، سوغات بېرىشنى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ ئەمەس، بەلكى «ئىش ھەل قىلىش»نىڭ ئۇسۇلىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشتەك يامان خاھىش، ناچار قىلمىشلارنى تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت چۈشەنچىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ساغلام ئىنسانىي كامالەت مەنزىلىگە مېڭىشقا ئۈندىگىلى بولىدۇ.

## 2. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ سوۋغات بېرىش توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى

سوۋغات بېرىش ئادىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار غەربتە خېلى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، ئىنسانشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار دالا تەكشۈرۈشلىرىدە سوۋغات بېرىش پائالىيىتىگە دىققەت قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بەلگىلىك ئورۇن بەرگەن. تۆۋەندە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى سوۋغات بېرىش پائالىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1) مارسېل مائۇس (Marcel Mauss). فىرانسىيەلىك ئىنسانشۇناس مائۇسنىڭ «سوۋغات» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنسانشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە سوۋغات بېرىش ئادىتى ھەققىدىكى تەتقىقات قىزىق تېمىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇ: «سوۋغات بېرىش — جەمئىيەتتىكى بىر خىل ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ئومۇميۈزلۈك ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى سوۋغات بېرىش، ئېلىش ۋە قايتۇرۇشتىكى مەجبۇرىيلىق پسىخىكىسىنىڭ تۈرتكىسىدە داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شەخسلەر ۋە گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلاش ۋە ھەر قايسى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى بېكىنمىچىلىك ۋە چەتكە قېقىشنى ئازايتىشتۇر»① دەپ قارايدۇ. مائۇس يەنە سوۋغات بېرىش پائالىيىتىنىڭ قىممەت قاراش،

① مارسېل مائۇس: «سوۋغات ھەققىدە ـ ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى ئالماشتۇرۇش شەكلى»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 1~5 ـ بەتلەر.

ئىقتىساد، دىن، ئەخلاق، قانۇن قاتارلىق ھەر خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. مائۇس تەكىتلىگەن سوۋغاتنىڭ كاتېگورىيەسى ئادەم بەھرىمەن بولغىلى بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوۋغات ئەمەلىيەتتە بېرىش، ئېلىش ۋە ئالغاندىن كېيىن قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەجبۇرىيەتنىڭ بىرىكمىسىدۇر. مائۇس قەدىمكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ سوۋغات بېرىش جەريانى دەل شۇ سوۋغاتتىكى ئالاھىدە بىر ئىلاھى كۈچنىڭ سوۋغات قوبۇل قىلغۇچىنى توختىماستىن سوۋغات قايتۇرۇشقا مەجبۇرلىشى بولۇپ، بۇ ئىلاھى كۈچ ھەردائىم ئۆز ئورنىغا قايتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر قايتۇرۇلمىسا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ھەتتا سوۋغات قوبۇل قىلغۇچى ئۆز جېنىدىن ئايرىلىشىمۇ مۇمكىن دەپ قاراپ، بۇ ئىلاھى كۈچنى «سوۋغات ئىلاھى»① دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش تارىخى ۋە ئەمەلىيىتىگە قارىغاندا، مائۇس ئوتتۇرىغا قويغان «ئالاھىدە بىر ئىلاھى كۈچ سوۋغات قوبۇل قىلغۇچىنى توختىماستىن سوۋغات قايتۇرۇشقا مەجبۇرلايتتى» دېگەن قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسىي يوق دەپ قارايمەن.

2) مالىنوۋسكى (B. Malinowski). ئەنگلىيەلىك ئىنسانشۇناس مالىنوۋسكىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ «ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى جىنايەت ۋە ئادەت» ناملىق ئەسىرىدە سوۋغات بېرىش ئادىتىنى «ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش» پىرىنسىپىغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ئۇ بىر ئادەمنىڭ سوۋغات بېرىشى ئۇنىڭ قارشى تەرەپتىن سوۋغات كۈتكەنلىكىدىن، بىر ئادەمنىڭ سوۋغات قايتۇرۇشى ئۇنىڭ قارشى تەرەپنىڭ سوۋغات بېرىشنى توختىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن بولىدۇ② دەپ قارىغان. ئەگەر مالىنوۋسكىنىڭ ئېيتقىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا سوۋغات بېرىشى ئۇنىڭ قارشى تەرەپتىن سوۋغات كۈتكەنلىكىدىن، سوۋغاتنى قايتۇرۇشى قارشى تەرەپنىڭ سوۋغات بېرىشنى توختىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن بولسا، بۇ «سوۋغات كۈتۈش» ياكى «سوۋغات بېرىشنى توختىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەش» ماھىيەتتە سوۋغات بەرگۈچى ۋە سوۋغات قايتۇرغۇچى ھەر ئىككى تەرەپتە بىر خىل تەمەخورلۇق خاھىشى بار دېگەنلىك بولىدۇ. دۇنيادا باشقىلارغا سوۋغات بەرسە ئۇلاردىن بىرەر نەرسە تەمە قىلماستىن، بەلكى خالىس نىيەت بىلەن بېرىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپ. شۇڭا، مالىنوۋسكىنىڭ بۇ قارىشىنى بەك ئىلمىي دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

3) كارل پولانىي (Karl Polanyi). ئامېرىكىلىق ئىقتىساد ئىنسانشۇناسى كارل پولانىي مالىنوۋسكىنىڭ نەزەرىيەسىنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەپ، كىشىلەرنىڭ «ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشى»نىڭ ئۆزى بىر خىل ئالماشتۇرۇش شەكلى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش، ئابروي ـ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەم ئەسلىدىكى ئورنى ۋە سالاھىيىتىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ ۋاسىتىسى بولىدۇ③ دەپ قارىغان.

4) لېۋى ستراۋس (Levi Strauss). فىرانسىيەلىك ئىنسانشۇناس لېۋى ستراۋس «تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئاياللارنى ئالاھىدە سوۋغات بويۇمى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، نىكاھ ـ سوۋغات بۇيۇمى ھېسابلانغان ئاياللارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش تۈزۈمىدۇر④ دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېۋى ستراۋسنىڭ بۇ قارىشى ئىنسانلار تارىخىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدىكى سوۋغات قارىشىنى چۈشەندۈرۈشكە ماس كەلسىمۇ، ھازىرقىدەك مەدەنىيەت كۆپ خىللاشقان دەۋردىكى سوۋغات

---

① مارسېل مائۇس: «سوۋغات ھەققىدە ــ ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى ئالماشتۇرۇش شەكلى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 35 ـ بەت.

② خۇاڭ يۈچىن: «سوۋغات، ئۆمۈر مۇراسىمى ۋە ئادىمگەرچىلىك چەمبىرى»، «جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىللىق 4 ـ سان.

③ جۇڭ فۇمىن: «سوۋغات ئالماشتۇرۇش ۋە كىشىلىك پائالىيەت»، «گۇاڭشى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىللىق 1 ـ سان، 95 ـ بەت.

④ سەي يالىڭ: «تۇگرۇ كەنتىدىكى سوۋغات ئالماشتۇرۇش»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ماقالىسى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي، 4 ـ بەت.

بېرىشنىڭ شەكلى، مەزمۇنى ۋە جەريانىنى چۈشەندۈرۈشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

5) فىرانسىيەلىك مائۇۋرىس گودېلىئېر (Maurice Godelier). مائۇۋرىس گودېلىئېرنىڭ «سوۋغاتنىڭ سىرى» ناملىق ئەسىرى سوۋغات بېرىشنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيەلىرىدىكى ئۆزگىرىشى ۋە مۇھىملىقى، سوۋغاتنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىكى رولى تەتقىق قىلىنغان ئەسەر. ئاپتور ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا مارسېل مائۇس ۋە لېۋى ستراۋسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسەرلىرىگە قارىتا ئىنچىكە تەھلىللەرنى يۈرگۈزىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ مېلانېزىيەدىكى دالا تەكشۈرۈشىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئاپتور سوۋغات بېرىش ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى نەزەرىيەلەردە كەمچىلىك بار. چۈنكى، ئۇلار پەقەت ئالماشتۇرۇلىدىغان سوۋغاتلارنىلا مۇھاكىمە قىلغان① دەپ قارايدۇ. ئۇ ھەر قانداق شەكىلدىكى سوۋغاتنى تەھلىل قىلغان ۋاقىتتا سوۋغات بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچىنىڭ سوۋغات بېرىشتىن بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىنى ئويلىشىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئاپتور ئەسەردە يەنە ئادەملەرگە بەرگەن سوۋغاتنىڭ ماھىيىتى بىلەن تەڭرىلەرگە بەرگەن سوۋغاتلارنىڭ ماھىيىتىدىكى پەرققە دىققەت قىلغان. ئۇ يەنە سىمۋول تەسەۋۋۇر ۋە ئەمەلىيەتتىن ئاۋۋال ئەمەس، سىمۋول بىر خىل ساپ ھالەتتە تۇرمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ھەر خىل مەزمۇنلاردا — تەسەۋۋۇردا، سىمۋولدا ۋە ئەمەلىيەتتە — بىر خىل بىردەكلىك بار. ئىنسانشۇناسلارنىڭ ھەل قىلغىنى نوقۇل روھىي ھادىسىلەر ئەمەس، بەلكى تەپەككۇرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئوينىغان رولى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ روھىي قىسمى. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەريانىدا ئادەمنىڭ تەپەككۇرىدىكى بەزى نەرسىلەر ئۇنى-تىنسىز غايىب بولىدۇ، بەزىلىرى غايىۋىلىشىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ تەگكىلى بولمايدىغان شەرتلىرىگە ئايلىنىدۇ② دەپ قارايدۇ. قىسقىسى، مائۇۋرىس گودېلىئېر «سوۋغاتنىڭ سىرى» ناملىق ئەسىرىدە تارىخنى قېزىش ۋە ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق سوۋغاتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى.

6) خارۇمى بېفۇ (Harumi Befu). ياپونىيەلىك خارۇمى بېفۇ سوۋغات بۇيۇملىرىدىكى ئىپادىلەش خاراكتېرى ۋە قورال خاراكتېرىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشى كىشىلەرنىڭ سوۋغات بېرىش مۇددىئاسىنى بەلگىلىگەن③، دەپ قارىغان. ئىپادىلەش دېگەندە كىشىلەر سوۋغات بۇيۇمىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ سوۋغات ئالغۇچىغا بولغان ئىززەت-ھۆرمىتى، ئارزۇ-ئۈمىد، تىلەك-تەبرىكلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سوۋغات — سوۋغات بەرگۈچىنىڭ سوۋغات ئالغۇچىغا بولغان مۇھەببىتى، مىننەتدارلىقى، ھېسداشلىقى، قايغۇسى، خۇشاللىقى ۋە ئارزۇ-تىلەكلىرى قاتارلىق ھەرخىل ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا سوۋغات بېرىشىدە مۇئەييەن مەقسەت-مۇددىئا بولىدۇ. سوۋغاتنىڭ ئىپادىلەش خاراكتېرى، قورال خاراكتېرى ۋە مەجبۇرىيلىق خاراكتېرىدىن ئىبارەت ئۈچ خۇسۇسىيەت سوۋغاتلاردا تەڭ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سوۋغات بېرىش جەريانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۆمۈر مۇراسىملىرىدىكى سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ ئىپادىلەش خاراكتېرى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ، بۇ سوۋغات بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىراق-يېقىنلىق دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سوۋغات — كىشىلەر ئارا يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتنى چىڭىتىش ۋە داۋاملاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قورال بولۇپ، مۇبادا سوۋغات بەرگۈچىدە سوۋغات بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى پۈتتۈرۈۋېلىش مەقسىتىلا بولسا، بۇ خاراكتېر جەھەتتىن پارىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. گەرچە سوۋغات ئالماشتۇرۇش سوۋغات بەرگۈچى ۋە ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن سوۋغات بېرىش غەرەزسىز خالىسلىقنى ئالدىنقى شەرت

① مائۇۋرىس گودېلىئېر: «سوۋغاتنىڭ سىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى 4-ئاي نەشرى، 8~9-بەتلەر.
② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
③ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

قىلغان ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش پائالىيىتى مۇئەييەن مەقسەتدارلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي دېگەنلىك ئەمەس. ھالبۇكى، ئۇ مەقسەتلەر دائىم يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدۇ. سوۋغات ئالغۇچى سوۋغات بەرگۈچىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى كۆزىتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت خاراكتېرى ۋە پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىغا قاراپ سوغاتنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقنى بەلگىلەيدۇ. ئومۇمەن، سوۋغات ئالماشتۇرۇش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كاتالىزاتورلۇق رول ئوينايدۇ. سوۋغات بېرىش كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەقسەتلىك ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ھەرخىل ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ تەسىر قىلىشى ۋە چەكلىشى نەتىجىسىدە ئالاھىدە شەكىل ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولغان، قائىدە ـ يوسۇنلاشقان ئىجتىمائىي ئالاقە شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر.

### 3. ئۇيغۇرلاردىكى سوۋغات بېرىش ئەنئەنىسى

گەرچە ئۇيغۇرلار مول سوۋغات بېرىش ئەنئەنىسگە ئىگە خەلق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە تېخى مەخسۇس، سىستېمىلىق تەتقىقاتلار روياپقا چىقمىدى. ئۇيغۇر فولكلورى ۋە ئېتنوگرافىيەسىگە ئائىت ماقالە ـ ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتى ھەققىدە بەزى پارچە ـ پۇرات بايانلارلا بار. ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ خۇرۇچى قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، مەڭگۈتاش يازما يادىكارلىقلىرىدا سوۋغات بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇچۇرلار بار. مەسىلەن، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا: «مەن شۇنچىلا جايلارغىچە قوشۇن تارتىپ باردىم، (لېكىن) ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن. ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان يەر ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، تابغاچ خەلقى بىلەن ياراشتىم. (ئۇلار) ئالتۇن ـ كۈمۈش، ھاراق ـ شاراب، يىپەك ماللارنى غەم قىلمايلا بېرىدۇ: تابغاچ خەلقىنىڭ گېپى چۈچۈك، سوۋغىلىرى ئېسىل ئىكەن، تاتلىق سۆزى، ئېسىل سوۋغىلىرى ئارقىلىق يىراقتىكى خەلقلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە شۇنچىلىك يېقىنلاشتۇرىدىكەن»① دېيىلگەن. بۇ بايانىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا خەلقلەر بىلەن سوۋغات بېرىش مۇناسىۋىتىدە بولغان، سوۋغات بېرىشنى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى تېخىمۇ يېقىن قىلىشنىڭ، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئورنىتىشنىڭ بىر ئۇسۇلى قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دە: «ئوڭ تەرەپتە ئالتۇن خاقان دېگەن بىر خاقان بار ئىدى. بۇ ئالتۇن خاقان ئوغۇز خاقانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، نۇرغۇن ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىتنى سوۋغا قىلىپ، ئوغۇز خاقانغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى»② دېيىلگەن. ئېپوستا يەنە ئەتراپتىكى نۇرغۇن خاقان ۋە بەگلەرنىڭ ئوغۇز خاقانغا ھەددى ـ ھېسابسىز سوۋغاتلارنى بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، دوستلىشىپ ياشىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇلاردىن قەدىمدە سوۋغات بېرىشنىڭ بىر خىل يارىشىش، دوستلۇق، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنىڭ بەلگىسى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە ھۆكۈمرانىنىڭ پۇقرالارنى ۋە قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرىنى قانداق باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارغا سوۋغاتلارنى بېرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

شېرىن سۆز، كۈلەر يۈز، مال ـ نەرسە بېرىش
كىشىگە بۇ ئۈچ نەرسە ياخشى بىر ئىش.
كۈلەر يۈز، شېرىن سۆز بىلەن بەر تاۋار

---

① ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپلەر تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 78 ـ بەت.

② گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرىگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ــ ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 47 ـ بەت.

ئازات ئەرلەر بۇ ئۇچكە كىلىپ توپلىشار.
گەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى سوۋغات ئەيلىسەڭ
قىلۇرلەر پىدا جان ساپ ئالتۇنغا تەڭ①.

بۇ مىسرالاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سوۋغات بېرىشنى ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىش، ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى دەپ قارىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىمۇ سوۋغات بېرىش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ئۇچۇرلارنى خاتىرىلىگەن. بۇ ھەقتە مەن ئىلگىرى ئېلان قىلغان « ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تىكى سوۋغات بېرىش ئادىتى ھەققىدىكى بايانلار توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 2 ـ سان) ناملىق ماقالەمدە مەخسۇس توختالغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ يەردە قايتا توختالمايمەن. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا سوۋغات بېرىش ھەققىدىكى كۆزقاراش ۋە چۈشەنچىلىرى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «بارماقنىڭ يانمىقى بار، ئالماقنىڭ بەرمىكى بار»، «ئالىمەن دېسەڭ ئاۋال بەر»، «بەرگىنىڭگە مىننەت قىلما، ئالغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما»، «بار تاۋىقىم يان تاۋىقىم، ھۆل بېرىپ قۇرۇق يانساڭ، يېرىم يولدا سۇن تاۋىقىم»، «قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيار»، «چەينەك پىيالىگە ئىگىلسە، پىيالە ئېغىزغا تىگەر»... دېگەن ماقال ـ تەمسىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىشنىلا كۆزلەپ، بېرىشكە چىدىمايدىغان يامان ئادەتكە قارشى تۇرۇش، سوۋغات قوبۇل قىلغاندا مۇۋاپىق پەيت تېپىپ، ئۇنى لايىقىدا قايتۇرۇشنى زۆرۈر دەپ بىلىشتەك ئىلغار قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە سوۋغات بېرىش پائالىيىتىدە ئېلىشتا ئاكتىپ، بېرىشتە پاسسىپ بولىۋالماسلىقنى، ئېلىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال بېرىشنى ئويلاش كېرەكلىكىنى، ئاچكۆز، تاماخور بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزئارا سوۋغات بېرىشتە گەرچە قارشى تەرەپتىن بىرەر نەرسە ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسەت قىلىنمىسىمۇ، لېكىن سوۋغات قوبۇل قىلغۇچىنىڭ قارشى تەرەپكە لايىقىدا بىر نەرسە قايتۇرماسلىقى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىزدەشنى بىلمەيدىغانلىقى، ئادىمىگەرچىلىكنىڭ يوقلۇقى ۋە قائىدە ـ يوسۇن ئۇقمايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر بىرەرسىگە سوۋغات بەرگەندە، قارشى تەرەپنىڭ سوۋغات بۇيۇمنى قەدىرلىشىنى، دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشنى ھەمدە ئۇنى ھەر بىر كۆرگەندە ئۇنى سوۋغات قىلغۇچىنى ئەسلەپ، ياد ئېتىپ تۇرۇشنى، بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ ئۈزۈلمەستىن، تېخىمۇ چىڭىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار خۇشاللىق، رازىمەنلىك ئاساسىدىكى سوۋغات بېرىش، مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئۆز لايىقىدا قايتۇرۇشنى ئادىمىگەرچىلىكنىڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدىن دەپ قارايدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىلمىيلىك، ئىنتىزامچانلىق، ئاڭلىقلىق ۋە كۆچلۈك ئەمەلىيەتچانلىقمۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي توپنىڭ مەدەنىيلىشىش دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سوۋغات بېرىش ئادىتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خۇسۇسىيەت (ئالاھىدىلىك)لىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر روجەكتۇر. كىشىلەرنىڭ سوۋغات بېرىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئالىرى، سوۋغات بېرىش ئوبيېكتى، سوۋغات قىلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ تۈرى ۋە دائىرىسى، سوۋغات ئالغان ياكى بەرگەندىكى ھېس تۇيغۇلىرى سوۋغات ئالغۇچى بىلەن بەرگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى ۋە دەرىجىسىنى، ئۇلارنىڭ سالاھىيەتلىرىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسىنى ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. سوۋغات بېرىش كۆپ تەرەپلىمە مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىشى، قوشۇلۇشى ۋە مۇجەسسەملىنىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتىدۇر. شۇڭا، بىر مىللەتتە سوۋغات بېرىش پائالىيىتىنىڭ بالدۇرراق شەكىللىنىشى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي توپ بولۇپ ئۇيۇشۇشىنى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئېڭىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلسا، بۇ ئادەتنىڭ سىجىل داۋاملىشىشى شۇ مىللەتتە بەلگىلىك مەدەنىيەت ئاساسى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سوۋغاتنىڭ تۈرى ۋە شەكلىنى سوۋغات بەرگۈچى ۋە ئالغۇچىلارنىڭ

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 515 ـ ، 517 ـ بەتلەر.

ئىجتىمائىي ئورنى، سالاھىيىتى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنىڭ دەرىجىسى بەلگىلەيدۇ.

## 4. سوۋغات بېرىشنىڭ رولى

ئۇيغۇرلاردىكى سوۋغات بېرىش ئادىتىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىشى ئۇنىڭ كىشىلەرگە بەلگىلىك پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزگەنلىكى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئالاقە جەريانىدا بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىغانلىقىدىندۇر. سوۋغات بېرىش پائالىيىتىنىڭ مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك رولى بار:

بىرىنچى، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش رولى بار. سوۋغات بېرىش ـ كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر خىل پايدا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كۆڭۈل ئىزھار قىلىش جەريانىدۇر. سوغات كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە قانائەتلەندۈرىدۇ. ئادەتتە سوۋغات بېرىشتە سوۋغات قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ھەر خىل ئېھتىياج ـ زۆرۈرىيەتلىرى، قىزىقىشى، ھەۋىسى، ياقتۇرۇش ـ ياقتۇرماسلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، تويلۇق سوۋغاتلار قىز ـ يىگىتنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى يارىتىشىغا، ئائىلىنىڭ ئۇلىنى سېلىشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، ئۇلاردا بىر خىل ئىززەت ـ ھۆرمەت، ئىشەنچ تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

ئىككىنچى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بەلگىلىك پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ، داۋاملىشىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. خەلقىمىزدىكى «ئەلدىن ئەلگە نەپ» دېگەن ماقال بۇنى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن. سوۋغات تەقدىم قىلىش كۆڭۈلنى ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۇنى تەكشۈرۈش ـ تۈزۈش، نورماللاشتۇرۇش، يېقىنلاشتۇرۇش، كۈچەيتىشتە يۇمشاق كۈچلۈك، كاتالىزاتورلۇق رول ئويناپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق، مېھىر ـ مۇھەببەت، ھەمكارلىق ۋە ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق رىشتىسىنى چىڭىتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئېسىل ئەنئەنىلەرنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. سوۋغات بېرىش ئادىتىگە شۇ خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت خاسلىقى مۇجەسسەملەشكەن. بۇ خىل ئەنئەنىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ياش ئەۋلادلارغا ئۆرپ ـ ئادەت تەربىيەسى بېرىپ، ئۇلارنى بەلگىلىك كىشىلىك مۇناسىۋەت تەجرىبىسىگە ئىگە قىلىشتا سوۋغات بېرىش پائالىيىتى بەلگىلىك ئىجابىي روللارنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتى نۇرغۇنلىغان ئېسىل پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاق تەركىبلىرى يۇغۇرۇلغان ھالەتتە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيەت جەھەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەت خاسلىقى كىشىلەرنىڭ روھىي تەكشۈرگۈچلىكىنى ساقلاش، گۈزەل ئەخلاق پەزىلەت يېتىلدۈرۈش، ياخشى ئىستىل بەرپا قىلىشىدا ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

## 5. سوۋغات بېرىش ئادىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

بىر مىللەتنىڭ ھەر قايسى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى سوۋغات بېرىش ئادەتلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ تاشقىي ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدە مۇئەييەن پەرقلەر بولىدۇ. چۈنكى، ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىتى، سوۋغات ئالغۇچى ۋە بەرگۈچىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى سۇبيېكتىپ ئىدىيەسى ۋە قىممەت قارىشى ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتى باشقا فولكلورىستىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش نىسپىي تۇراقلىقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە بەلگىلىك ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. ئۇ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە جەمئىيەت، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بەزى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا

قىلغان. بۇ ئۆزگىرىشلەر ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىدۇ. مەلۇم بىر ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتىگە ئۇلار ياشىغان رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكلى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى، ئېتىكا ـ ئەخلاق ۋە گۈزەللىك قارىشى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار تەسىر كۆرسىتىدۇ.

1) دىنى ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى. دىنىي ئېتىقادتىكى ئۆزگىرىش تەبىئىي ھالدا ئۆرپ ـ ئادەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دىنى ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى ئالماشتۇرۇلىدىغان سوۋغاتلارنىڭ تۈرى، شەكلى ۋە مەزمۇنىغا بەزى يېڭى نەرسىلەرنى قوشىدۇ ياكى بۇرۇندىن بار بولغان نەرسىلەرنى شاللاپ چىقىرىدۇ. سوۋغات بېرىش ئادىتىنىڭ كۆپ قىسمى كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دىنىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدىكى چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلار ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى كەيپىيات ۋە يېڭىچە قىممەت قاراش شەكىللەندۈرگەن. ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى دىن ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەردىكى ئۆزگىرىش سوۋغات ئادەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي دىن ــ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە قۇياشقا، يەر ۋە سۇغا تېۋىنىپ ئۇنىڭغا نەزىر ـ چىراق قىلغان بولسا، كېيىن بۇددا، مانى دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە مانىغا ۋە بۇدداغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراق قىلىش، سوۋغات بېرىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. مەسىلەن، ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە سوۋغات قىلىش چەكلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولغان ھەج قىلىش پائالىيىتىدە كىشىلەر ھەرەمدىن قايتىشىدا ھەجگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆزىگە يوللۇق تۇتقان كىشىلەرگە زەمزەم، خورما، «قۇرئان»، جايناماز، تەسۋى قاتارلىق ھەرەمنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە دىنىي بۇيۇملارنى سوۋغات سۈپىتىدە ئالغاچ كېلىش ئەنئەنىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلار سوۋغات بېرىش پائالىيىتى جەريانىدا بەلگىلىك ئەدەب ـ ئەخلاق مىزانلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بەزى سوۋغاتلار باشقىلارغا ھاۋالە قىلىش شەكلىدە بېرىلىدۇ. ھاۋالە قىلىنغۇچى چوقۇم سوۋغاتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنداق سوۋغات ھاۋالە قىلىنغۇچىغا تاپشۇرۇلغان ئامانەت بولۇپ، ئۇنى يەتكۈزمەسلىك ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى. ھەر بىر سوۋغات بۇيۇمى نۇرغۇن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىگىلىك شەكلى ۋە مەدەنىيىتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. ئوۋچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە كىشىلەر ئوۋ ئوۋلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسىلەرنى سوۋغات بۇيۇمى قىلغان بولسا، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق سوۋغات بۇيۇمى قىلغان. چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە، مال ـ چارۋىلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، چارۋا ـ ماللار، ئاتلارنىڭ جابدۇقلىرى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسى ۋە ئاساسلىق سوۋغات بۇيۇمى ھېسابلىناتتى. مەسىلەن، «قاغىلىقلار توي ئىشلىرىدا تويلۇق ئۈچۈن ئات، كالا تاپشۇرىدىغان بولۇپ، تويلۇقنىڭ مىقدارى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە شەرەپلىك ھېسابلىناتتى»①. ئۇيغۇرلار ئولتۇراق دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان شەھەر مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، سوۋغات بېرىش ئادەتلىرىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن، سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى تېخىمۇ كۆپىيىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، ئاشلىق ـ يېمەكلىكلەر، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى ئاساسلىق سوۋغات بۇيۇمىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان مۇقىم، ئولتۇراق تۇرمۇش كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ سوۋغات بېرىش پائالىيىتىگە زور قولايلىقلارنى ئېلىپ

---

① قۇربان تۇران: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ نىكاھ ئادەتلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «مىراس» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان، 32 ـ بەت.

كەلدى ھەمدە سوۋغات بېرىشكە ئائىت مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ جۇغلىنىشىغا، مۇكەممەللىشىشىگە پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى ياراتتى.

3) ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى. كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر سوۋغات بېرىشكە، سوۋغاتلارنىڭ قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى سوۋغاتلارنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرنىڭ سوۋغات بېرىش ئادەتلىرىدىكى بەزى ئىلغار تەرەپلەرنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزلەشتۈردى.

4) زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرى ۋە زامانىۋى تاراتقۇلارنىڭ تەسىرى. بۈگۈنكى ۋاقىتلاردا قاتناش ـ تىرانسپورت ئىشلىرىنىڭ قالاقلىقى، ئولتۇراقلىشىشنىڭ تارقاق بولۇشى، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سوۋغات بېرىش پائالىيىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تورلاشمىغانلىقى سەۋەبلىك، كىشىلەر ئۆزئارا ئەۋەتەلمەيدىغان ياكى تاپشۇرۇپ ئالالمايدىغان سوۋغاتلارنى ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. خەلقىمىزدىكى «ئىلگىرى باغدادتىن كەلسە، ھازىر قازناقتىن چىقار» دېگەن ماقال بۇنى ناھايىتى دەل ئىپادىلەپ بەرگەن. تاراتقۇلاردا تەشۋىق قىلىنىۋاتقان ھەرخىل تۈردىكى ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى، قوۋۋەت تالقانلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى كىشىلەرنىڭ سوۋغات تاللىشىدىكى ئاساسلىق ئوبيېكتلىرىغا ئايلاندى. قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى سوۋغات بېرىش بۇيۇمى بولغان دوپپا ۋە قول ياغلىقلارنىڭ ئورنىنى مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى قىلىنغان ئەتىرگۇل ۋە باشقا نەرسىلەر ئېلىشقا باشلىدى.

5) ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى. سوۋغات بېرىش پائالىيىتى بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئۆزگىرىش ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ سوۋغات بېرىش پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ دائىرىسى ۋە ئىزچىللىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى سوۋغات بېرىش پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بىۋاسىتە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى؛ نىكاھ مۇناسىۋىتى بويىچە شەكىللەنگەن كۆپ قاتلاملىق قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتتىكى تۇغقانلارنى؛ تەۋەلىك ئاساسىدا شەكىللەنگەن قولۇم ـ قوشنىلارنى؛ كەسىپ مۇناسىۋىتى بىلەن شەكىللەنگەن دوست ـ يارەن، ئاغىنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى تۇرمۇش رىتىمى، شەھەرلىشىش سۈرئىتى ۋە بىنالىشىش قەدىمىنىڭ تېز بولۇشىدىن كېلىپ چىققان ئەنئەنىۋى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ زور دەرىجىدە سۇسلىشىشى، قوشنىدارچىلىق ئەنئەنىسىدىن ياتلىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قولۇم ـ قوشنىلار ئارا سوۋغات بېرىش دائىرىسىنىڭ تارىيىشى، سۇسلىشىشى ۋە يوقىلىشىغا سەۋەب بولدى.

## 6. سوۋغات بېرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە

سوۋغات بېرىشتە سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ تاللىنىشىغا ئەھمىيەت بەرگەندىن سىرت، يەنە شۇ سوۋغات بۇيۇملىرى ئالماشتۇرۇلىدىغان سورۇندىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەرگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. سوۋغاتلارنىڭ تەييارلىنىشى، سوۋغات بەرگۈچىنىڭ سالاھىيىتى، سوۋغات بېرىش قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئالماشتۇرۇش سورۇنلىرىدا دېيىلىدىغان تەكەللۇپ سۆزلەر سوۋغات بېرىش پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار ھېسابلىنىدۇ.

1) سوۋغات تەييارلاش. سوۋغات ئېلىشتا قارشى تەرەپنىڭ يېشى، جىنسى، قىزىقىشى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، كەسپى، ئىجتىمائىي ئورنى، بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ

يىراق ـ يېقىنلىق دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ ئورلىشى، قاچىلىنىشىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. سوۋغاتلار خاراكتېرىگە قاراپ بەزىلىرى ئورىلىدۇ، بەزىلىرى ئورالمايدۇ. يەنى يېمەكلىك ـ ئاشلىق تۈرىدىكى سوۋغاتلار پەتنۇسقا سېلىنىپ، چىرايلىق داستىخانغا ئورىلىدۇ. داستىخاننىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىشىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئاياللاردا مەخسۇس سوۋغات يۆگەيدىغان داستىخان تەييارلايدىغان ھەم ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. داستىخانلار ئاساسەن ئاق رەڭدە تەييارلىنىدۇ. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسى ۋە ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار ئاق رەڭنى بەخت ـ ئامەت، ياخشىلىق، پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ سىمۋولى قىلغان. داستىخاننىڭ پاكىز، چىرايلىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بىر ئايالنىڭ سوۋغات يۆگەشكە ئىشلەتكەن داستىخىنىدىن ئۇنىڭ پاكىز، چېۋەرلىكى ۋە روھىي دۇنياسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2) سوۋغات بەرگۈچى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆمۈر مۇراسىملىرىدىكى سوۋغات تەييارلاش، بېرىش، ئېلىش ۋە قايتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئايالالار تەرىپىدىن بىجىرىلىدۇ. سوۋغات بېرىش پائالىيىتىدە ئايالالارنىڭ ئوينايدىغان رولى چوڭ بولىدۇ. سوۋغاتلارنى ئادەتتە چوڭلار كۆتۈرۈپ كىرىدۇ، ئەگەر كىچىك باللار كۆتۈرۈپ كىرسە بۇ قارشى تەرەپكە بولغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ.

3) سوۋغات بېرىش جەريانى. سوۋغات بېرىش جەريانىدا چوقۇم پوزىتسىيە، ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزگە ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ. پوزىتسىيەدە ناھايىتى قىزغىن، ئوچۇق ـ يورۇق، سەممىي، كەمتەر بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدە ياخشى تەسىرات پەيدا قىلىش زۆرۈر. ئۇيغۇرلاردىكى «ئاش ـ تاۋىقىڭ كېرەك ئەمەس، قاش ـ قاپىقىڭ كېرەك» دېگەن ماقالدا كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە سوۋغات بېرىش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىللىق، خۇشخۇي، ئوچۇق ـ يورۇق، كەمتەر، سەممىي مۇئامىلە قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان. ھەرىكەت جەھەتتە، ئۇيغۇرلاردا سوۋغات چوقۇم ئوڭ قولدا كۆتۈرۈلىدۇ ۋە قوش قوللاپ بېرىلىدۇ. بۇ، ئۇيغۇرلاردىكى ئوڭنى ئۇلۇغلاش قارىشى ۋە ئىسلامدىكى «ھەر ئىش ئوڭدىن باشلانسا خەيرلىك بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىدىن كەلگەن. ئۆمۈر مۇراسىملىرىدىكى سوۋغات بېرىش جەريانى ۋە رەت تەرتىپى نىسبەتەن تۇراقلاشقان بولۇپ، مېھمانلارنىڭ كېلىشى بىلەن ساھىبخان دەرھال ئوڭ قولچىلاپ داستىخانلارنى ئېلىپ، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلايدۇ. مېھمانلار چىرايلىق كۈتۈۋېلىنغاندىن كېيىن داستىخان يىغىلماي تۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ ئەكەلگەن سوۋغاتلىرى كەلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر مېھمانلار پۇل، رەخت ياكى شۇ قاتاردىكى سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ساھىبخاندىن بىر پەتنۇس ياكى لىگەن سوراپ سوۋغاتلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. سوۋغاتلار قويۇلغاندىن كېيىن، ساھىبخان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلارغا رەھمەت، ھەشقاللا ئېيتىدۇ. مېھمانلارمۇ بۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ چىن كۆڭلىنى ھەرخىل تەكەللۇپ، ئەدەپ سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشنى مۇھىم دەپ بىلىدۇ. باشقا سورۇنلاردىكى سوۋغات بېرىش تەرتىپى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلار ئاساسەن مۇشۇ تەرىقىدە بولىدۇ. ئەگەر سوۋغاتنىڭ ئالاھىدىلىكى، رولى ۋە ئىشلىتىلىشىنى قارشى تەرەپكە چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا توغرا كەلگەندە، قارشى تەرەپكە ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ قويۇش، سوۋغاتنىڭ ماددىي قىممىتىنى بەك تەكىتلەپ كەتمەسلىك كېرەك. قارىماققا سوۋغات، ئىئانە، سەدىقە، پارە قاتارلىقلار شەكىل جەھەتتە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ سوۋغات بېرىش پائالىيەتلىرىدە چۈشەنچە، كۆزقاراش، پوزىتسىيە جەھەتتىن بۇلارنى ناھايىتى كەسكىن پەرقلەندۈرگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سوۋغات ـــ سوۋغات بەرگۈچىنىڭ سوۋغات ئالغۇچىغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتى، مۇھەببىتى، مىننەتدارلىقى، ھېسداشلىقى، خۇشاللىقى، قايغۇسى، تەبرىك ـ تىلىكى ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغات بېرىش پائالىيىتىدە باشقىلارغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش، كۆڭلىنى ئېلىش ۋە تەبرىكلەش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ. سوۋغات بېرىش ئادىتى روشەن مىللىي خاسلىققا ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. سوۋغات بېرىشتە

كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش، سىجىل داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزى سوۋغات تۈرلىرىنىڭ مەقسەتدارلىقىنىڭ دەرىجىسىدە پەرق بولىدۇ. ھەر بىر مىللەتتە بېرىلگەن سوۋغاتلارنىڭ قايسىلىرىغا لايىقىدا سوۋغات قايتۇرۇش، قايسىلىرىغا قايتۇرماسلىققا نىسبەتەن بىرلىككە كەلگەن مۇئەييەن ئورتاق قاراش ۋە تونۇشلار بولىدۇ. باشقىلارغا غەرەزسىز ھالدا بىرەر سوۋغات بەرگەندە سوۋغات بەرگۈچىدىكى ئۆز نەپسىدىن كېچەلەيدىغان بىر خىل ئالىياجانابلىق، مەردلىك، سېخىيلىق خىسلىتى نامايان بولىدۇ.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار

---

**ئاپتورلار سەمىگە:**

1. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر شەكىل جەھەتتە ئىزاھلىق ماقالە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئىزاھلارنىڭ كېلىش مەنبەسى (كىمنىڭ قايسى كىتابىدىن ئېلىندى)، نەشرىيات نامى ۋە بەت سانى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئىزاھ شۇ مەزمۇن نەقىل ئېلىنغان بەتنىڭ ئاستىغا كېلىشى كېرەك.

2. ماقالىنىڭ 10 بەتتىن ئاشقان قىسمىغا قەلەم ھەققى بېرىلمەيدۇ ھەم ماقالىنىڭ سۈپىتىگە قاراپ پەرقلىق قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ، شۇڭا ئاپتورلارنىڭ ماقالىنى ئوبدان پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئىملالىرىنى تۈزىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىزگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

3. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئاپتورلارنىڭ ماقالىسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئاي ئىچىدە ماقالىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا ئاپتور بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. ئۇقتۇرۇش قىلىنمىغان ئاپتورلار ماقالىلىرىنى باشقىچە يول بىلەن بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ، ماقالە قايتۇرۇلمايدۇ.

4. ئاپتورلار ماقالىنى كومپيۇتېر (ئەل كاتىپ 5.5 سىستېمىسى)دا ئۇرغۇزۇپ، پوچتا ئارقىلىق ياكى ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى pantatkikat@sina.com ئارقىلىق ئەۋەتسە بولىدۇ.

5. ئاپتۇرلار ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، ماقالىنىڭ تېمىسىنى خەنزۇچە ئېنىق يېزىشى كېرەك. ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئاپتورلارنىڭ ئادرېس ۋە تېلېفون نومۇرىنى ماقالىغا ئېنىق يېزىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

# تۇرپان مەشرەپ ناخشا ـ ئۇسسۇلى ــ «نازىركوم» توغرىسىدا

ئىنايىتىللا قۇربان ئارتۇچ

**مۇھىم مەزمۇنى:** قوچۇ ــ يۈكسەك تارىخىي مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئىگە قەدىمىي ماكان. تۇرپان مەشرەپلىرى، يەنى سۇماجا سەيلىسى، نورۇز بايرىمى، مەجلىس ئولتۇرۇشلىرى نەغمە ـ ناۋاسىز ئۆتمەيدۇ. تۇرپان مەشرەپ مۇقامى بىلەن نازىركوم ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ بىۋاسىتە باغلىنىشى بار. بۇ ماقالىدە تۇرپان مەشرەپ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ قانداقتۇر قايسى بىر تارىخقا، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمگە مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى بۇ سەنئەت مىراسىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ راۋاجلىنىپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تۇرپان: مەشرەپ ناخشا ـ ئۇسسۇلى: نازىركوم

تۇرپان ــ شىنجاڭدىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختا بۇ يەردە ياشىغان قوۋملار كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ناخشا ـ ئۇسسۇل نامايەندىلىرىنى ياراتقان.



مىلادىيە 982 ـ يىلى ۋاڭ يەندى ئىدىقۇت پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈش يۈرۈشىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىدىقۇتلۇقلار ھەر دائىم كۆل بويىدا سەيلە ـ ساياھەت قىلىشىدۇ، ئۇلار قوللىرىغا چالغۇ ئەسۋاب، داقا ـ دۇمباق ئېلىپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىدۇ. ئەر ـ ئاياللىرى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق، ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ئۇ يەرلەردە قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان»① دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن تۇرپان مەشرەپ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ئىچىدىكى نازۇرگوم ناخشىسى ۋە ئۇسسۇلى مىللىي ئۇسلۇب، يەرلىك شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ نامايەندىسىدۇر. «نازىركوم ناخشىسى» ھەققىدە موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ناملىق كىتابىدا: «ئەبۇلمۇزەپپەر ۋە ئەلمەنسۇر مۇھەممەدئەلىخانلارنى چىن (خان ئوردىسى)غا ناھايىتى كۆپ سوۋغا ـ سالاملارنى راسلاپ، ئالىم، بايۋەچچە، مىڭبېشىنى باش قىلىپ، ئەرز يېزىپ، بىر قانچە مۇددىئالارنى تىزىپ يولغا سالدۇ. بېيجىڭ ۋە لەنجۇ تەرەپلەرگە كەتكەن ئۇيغۇرلار غېرىب ـ مۇساپىرچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز جاي ـ ماكانلىرىغا يانغاندا خوش بولۇپ چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشى مۇڭلۇق ۋە غەمكىن ئاۋاز بىلەن چاڭ كەلتۈرۈپ ‹ۋاي ـ ۋاي... نازىركوم› دەپ غەزەل ئوقۇيدۇ»②. «چوڭ يول بىلەن مۇقام ئىختىرا قىلىپ ئۆتكەندە، ئۇزۇن يولدىن ئالدىغا كەلگەن خالايىق ئۇلارنىڭ مۇڭ ـ زارىنى ئاڭلاپ، تاقەت قىلالماي يىغا ـ زارە قىلىشقان. شۇڭا، نازىركوم غەزەل ساداسى ئەل ئىچىدە تا بۈگۈنگىچە

① ۋاڭ يەندى: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 126 ـ بەت.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 154 ـ بەت.

ياڭرىماقتا»① دەپ يازىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «نازىركوم» ئەۋرىشىم، نازاكەتلىك، كېلىشكەن قىز ـ ئاياللارنى مەدھىيەلەپ ئوقۇغان، غەزەل بىلەن ئۇسسۇل بىر گەۋدە بولۇپ زىچ مۇجەسسەملەنگەن ناخشا ـ ئۇسسۇلدۇر. تۇرپاندىكى تۆۋەن مىڭئۆيى، بېزەكلىك مىڭئۆيى تام سۈرەتلىرى ئىچىدە تولغانماي ئوينىلىدىغان نازاكەتلىك ئۇسسۇل شەكىللىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان نازاكەتلىك ئاساس قىلىنغان، كەڭ ئېتەكلىك كۆينەك كىيگەن، بېشىغا چىكەن دوپپا، بويىنىغا مەرۋايىت ـ مەرجان تاقىغان ئۇسسۇلچى قىزنىڭ نازىنىن ئوبرازى شەرمى ـ هايالىق ئەخلاق ـ پەزىلەتنى نامايان قىلىدۇ.



تۇرپان مەشرەپ ناخشا ـ ئۇسسۇلى ـ «نازىركوم» ئىدىقۇت (تۇرپان) ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسسۇلى، پىسخىك خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدا ئۇلارنىڭ روھىيەت تارىخى، مۇھەببەت تۇيغۇسى، مىجەز خاراكتېرى، جۈملىدىن ئارزۇ ـ ئارمان، ئۈمىد ـ ساداقىتى ئىپادىلەنگەن. نازىركوم ناخشا ـ ئۇسسۇلى ئۆزگىچە ئۇسلۇپ، يەرلىك مىللودىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، يۇقىرى ماھارەت ۋە ھەشەم تەلەپ قىلىدۇ.

نازىركوم ناخشا ـ ئۇسسۇلىدا ئۈچ ئاساسلىق ئامىل يەنى مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ناخشا تېكىستى تۇرپان خەلق قوشاقلىرىدىن تۈزۈلگەن. نازىركوم ناخشا ـ ئۇسسۇلى مۇقەددىمە، زەيتۇنخان، يارىم بىلەن ئىككەيلەن، بىزنىڭ ھويلا، قارا يورغا، جاقا ـ جۇمبۇلۋاق، يەتتە كەپتەر، ئۆرگىلەي جان، ھەجۋىي كومېدىيەلىك ئۇسسۇل باخشى تۆرەم، يەملەپ باخشىم، توكۇر باخشىم، ئېگىز بولۇڭ مۇللام، نەزمىسىز چۈشۈرگۈ، مۇزىكا بىلەن تامام بولىدۇ. نازىركوم ئۇسسۇلىنى ناخشىلىق ئۇسسۇل دېيىشكىمۇ، ئۇسسۇللۇق ناخشا دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

نازىركوم ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ گۇرۇپپىلىق ئۇسسۇل، چاتما ناخشا شەكلىگە ئىگە. نازىركوم ئۇسسۇلى ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل، مىللىي ئۇسسۇل، قىزلار كوللېكتىپ ئۇسسۇلى، ئوغۇللار كوللېكتىپ ئۇسسۇلى، قىز ـ ئوغۇللار كوللېكتىپ ئۇسسۇلى، يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل، لەپەر (ئېيتىشىش)، پەردازداز قىلىش ئۇسسۇلى، تاماق تەييارلاش ئۇسسۇلى قاتارلىق مول مەزمۇن، كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە.



«نازىركوم» ناخشا ـ ئۇسسۇلىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن يەرلىك ئۇسسۇللۇق ناخشىلار ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن:

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر يۈرەگىم قىپ ـ قىزىل قاندۇر،
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن كۆڭلۈم ھەردەم پەرىشاندۇر.

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر ئەجەب دىۋانىلەر بولدۇم،
بۇ ئالەمدە خالايىققا كى ئەپسانىلەر بولدۇم.

1) ناخشا «زەيتۇنخان». رىۋايەت قىلىنىشىچە، لۈكچۈن بەگلىكى دەۋرىدە مەسۇمە بىر قىز مومىسىغا ھەمراھ بولۇپ ياشىغانىكەن، بۇ نازىنىن قىز بارچە تۇرپان قىزلىرىغا ئوخشاشلا گۈزەل بولۇشتىن تاشقىرى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ئۆز قۇرداشلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن، جەلپكار ئىكەن. شۇڭا، ئۇنى بىر كۆرگەن كىشى ئاشىق بىقارار بولۇپ غىزا ـ تاماق تۆگۈل ھەتتا ئۇيقۇنىمۇ تەرك ئېتىدىكەن. بۇ قىزنىڭ نام ـ شەرىپى زەيتۇنەم ئىكەن. مىڭلىغان كىشىلەر زەيتۇنەمنى يۇرتىمىزنىڭ ھۆر ـ پەرىسى دەپ

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 155 ـ بەت.

ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن قارايدىكەن. زەيتۇنەمنىڭ ئۆيىگە تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچىلەر كەپتۇ، زەيتۇنەمنىڭ كۆتكۈنى باتۇر، ئىشچان يىگىت ئابدۇغېنى ئىكەن.

زەيتۇنخاننىڭ قولىدا ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بار،
سەندەك يارنى تاپقاندا بۇنداق جاننىڭ نېمە ئىشى بار.

زەيتۇنخاننىڭ چىرايلىق باغ ئىچىدە ئۆيى بار،
ئاشۇ باغدا قىپ ـ قىزىل ئېچىلدۇرغان گۈلى بار.

ئاشۇ باغدا ئۆيۈم بار، زەيتۇنخانغا كۆيۈم بار.
ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق، ئالماي دېسەم مەيلىم بار.

نەقرات
ئاللا زەيتۇنخان، يايرىم زەيتۇنخان،
كۆرۈشكەن يالىرى ئاز قالدى بۇ جان.

ناخشىنىڭ بۇ باسقۇچىدا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ شەرم ـ ھايالىق، ئەپپەت ـ نومۇسلۇق پەزىلەتلىرى، ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىستىكى كىشىلەرگە ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىدۇ.

2) ناخشا «يارىم بىلەن ئىككەيلەن». بۇ ئېنىق قاتلاملىق ناخشىلىق ئۇسسۇل كەيپىياتىنىڭ راۋاجى، رىتىم ئۆزگىرىشى، شەكلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئىنسان قەلبىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئارقىلىق ئاشكارىلايدۇ. مەسىلەن:

يارىم بىلەن ئىككەيلەن بىر مەھەلىدە چوڭ بولغان،
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق ئايرىلماسقا دوست بولغان.

ساي ـ سايدا ياتامدۇ ئاھ كىيىكنىڭ بالىسى ھەي،
ئاناسىغا ئوخشامدۇ؟ كۆزنىڭ قاراسى ھەي.

نەقرات
بىر سەن بىلىسەن، بىر مەن بىلىمەن، ھېچ كىشى بىلمەس،
تۈنلەر كېچىسى ئول كېچىدە تارتقان ئەلىمىنى ھەي.

3) ئېيتىشىش (لەپەر). باشلامچى ئۇسسۇلچى ئەر ـ ئايال ئۆزئارا ئېيتىشىش شەكلىدە بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناش ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەر ـ ئايال ئۇسسۇلچىلار ناخشىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ھويلا تېرەكلىك،
ئىمارەتكە ئۆرگىلەي كېرەكلىك،
يارىم بولسا ئۆرگىلەي چىرايلىق.

ئون تاغاردا قونىقى يۆلەكلىك،
بۆشۈكىدە بالىسى بۆلەكلىك،
ئويناۋېرىڭ يۈرەكلىك.

سۇ قايرىلىپ ئۆرگىلەي ئاقمايدۇ،
يار قايرىلىپ ئۆرگىلەي باقمايدۇ.

يار قايرىلىپ ئۆرگىلەي باققاندا،
بىر خىيالىي ئۆرگىلەي ياقمايدۇ.

ئىقرات
ئۆرگىلدى جان، چۆرگىلدى جان،
يارنىڭ ئېتى گۈلشەرىخان،
كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

ئېيتىشىش توغرىسىدا شۆەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە مەلۇمات بار. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ناخشا ئېيتىپ، ئۆزلىرى ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ خەن دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ، خەنزۇلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنغان①. ئېيتىشىش ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن كونسېرت، ئۇنىڭدىكى قىز ـ يىگىتنىڭ يېقىملىق ئاۋازى، نازاكەتلىك، نەپىس، قەيسەر، جاسارەتلىك ئۇسسۇل ھەرىكىتى كىشلەرنى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

4) ناخشا «قارا يورغا». ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار قوچۇغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار بۇ يېڭى ماكاندا دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا تېزلا ماسلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چارۋىچىلىقنىمۇ تاشلاپ قويمىدى. ئۇلار ئات بېقىشقا تولىمۇ ئامراق ئىدى، بۈركۈت ئوۋچىلىقىمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇھىم ئاممىۋى پائالىيىتىگە ئايلانغانىدى. ئۇلار ئاتقا مىنىپ تۈرلۈك ئوۋلارنى ئېتىشاتتى. ئۇلار مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە بۇقا سوقۇشتۇرۇش، ئايغىر ئويىنتىش، ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق ئويۇنلارنى ئويناتتى. بۇ خىل پائالىيەتلەر قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ مىنىڭ يايرىمنى،
باشقا ياردىن ئاشتى دەيدۇ گۈلىخانىمنى.

ئېگىز داۋان ئاشماغۇنچە دەشتلەر كېزىلمەس،
قارا يورغا مىنمەگۈنچە مەنزىل كۆرۈنمەس.

«قارا يورغا» ئۇسسۇلىدىكى ئۆزەڭگە دەسسەش، تىزگىن تارتىش، بىر پۇتلاپ تاقلاپ چاپچىپ سەكرەش، يورغىلاپ مېڭىش، شوخشۇپ، سىلجىپ يۈرۈش، جىددىي، كۈچلۈك رىتىم، چەبدەس ھەرىكەتلەر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدىكى جەسۇر قىياپىتىنى ئەسلىتىدۇ. قىسقىسى، «نازىركوم» ناخشا ـ ئۇسسۇلىدىكى «قارا يورغا» ئۇسسۇلى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىققا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلانماقتا.

5) ناخشا «جاققا ـ جۇمبۇلۋاق». قوچۇ ئۇيغۇرلىرى مەلۇم مەۋجۇدىيەت ـ تەبىئەت ئېتىقادىنى ئۆزىنىڭ ھىمايىچىسى دەپ قاراپ، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئىقابلىق تەقلىدىي ئۇسسۇللار ـ تۆگە ئويۇنى، تىكە ئويۇنى، جەرەن ئويىنتىش، توخۇ ئۇسسۇلى، شىر ـ يولۋاس ئۇسسۇلى قاتارلىق ئېپتىدائىي ئىقابلىق سىمۋوللۇق ئۇسسۇللارنى ئويناشقان، بۇ ئۇسسۇللارنىڭ ھەممىسى «جاققا ـ جۇمبۇلۋاق» ئۇسسۇلىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

جاققا ـ جۇمبۇلۋاق، جاققا ـ جۇمبۇلۋاق،
ئەسكى لىگىرچاق،
ئىككى توخۇنىڭ بىرى ئاق،

① شۆەنزاڭ: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»؛ ئەركىن ھىمىت نىياز: «ئاتاقلىق تۈركولوگ، مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ۋە تۇرپانشۇناس A. W. گاباتىن»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان، 50 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

كۆندى تۇغدۇ ئىككى ياڭاق.
جاققا ـ جۇمبۇلۋاق، جاققا ـ جۇمبۇلۋاق،

ياڭاقىڭنى چاق،
مېغىزىنى تېتىپ باق،
شاكىلىنى ئېتىپ باق.
جاققا ـ جۇمبۇلۋاق، جاققا ـ جۇمبۇلۋاق،

جاققا ـ جۇمبۇلۋاق، جاققا ـ جۇمبۇلۋاق،
قىزىق گەپ ئاڭلايمەن دېسەڭ،
مەن دېگەننىڭ ئاغزىغا باق.

6) تەقلىدىي ئۇسسۇل. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى: «ئۇچار ـ قانات تۇمشۇقى تەقلىد قىلىنغان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى كىشىلەرنىڭ غەيرەت ـ جاسارىتىنى ئاشۇرسا، ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ پەيلىرىنى بېشىغا تاقاپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل ئادەملەرگە مەئىشەتلىك، باياشاتلىق، سۈزگۈلۈك ئاتا قىلىدۇ» دەپ قارىغان. شۇڭا، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى كەپتەرنى تىنچلىقنىڭ سىمۋولى، دوستلۇق، ئالاقىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە قاراپ، كەپتەرنىڭ ئۇچۇشىغا تەقلىد قىلىنغان «كەپتەر ئۇچۇرۇش» ناخشا ـ ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلغان. مەسىلەن:

ئالتە كەپتەر يەتتە بولدى،
يەتتە كەپتەر سەككىز بولدى.
قوندى تېرەككە،
سەككىز كەپتەر توققۇز بولدى،
توققۇز كەپتەر ئوتتۇز بولدى،
يارنىڭ ئۇتى تەگدى يۈرەككە.
يۈگۈرۈپ ـ يۈگۈرۈپ يېتىشكىلار ،
شايى كۆڭلەككە.

7) كومىدىيەلىك، ھەجۋىي ئۇسسۇل. قىزغىن، سالماق ناخشىلىق ئۇسسۇلدىن كېيىن دەبدەبە بىلەن تېماتىك، ھەجۋىي ئۇسسۇل باشلىنىدۇ، بۇ ئۇسسۇلغا ئەرلەر كوللېكتىپى قاتنىشىدۇ، ئاياللار ياندا ماس ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئەرلەر قاتناشقان بۇ ھەجۋىي كومېدىيەلىك ئۇسسۇلدا ئۇسسۇلچىلار ئالچاڭلاپ مېڭىپ، ئاقساپ مايماق ـ سايماق قەدەم ئېلىپ تىز پۈكۈپ، ئوڭ ـ سولغا پۇت چۆرۈيدۇ، نۆۋەت بىلەن ئوڭ ـ سول كۆزىنى قىسىپ، قاشلىرىنى قىيسايتىپ، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى دومسايتىپ ئوينايدۇ.

ئەپسۇسكى، بەزى كىشىلەر: « ‹نازىركوم ئۇسسۇلى› دىكى ‹نازىر› دېگەن ئادەم ئىسمى، ‹كوم› دېگەن دۇمباق، تۇرپاندا نەزرىكام دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاي ـ ۋاي نەزرىكام دەپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتقان. بۇ نەزرىكام دېگەن ئادەمنىڭ بىر كۆزى كور بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى يەكچەشمە دەپ مەسخىرە قىلىپ، ۋاي ـ ۋاي نەزرىكام دەپ قوشاق قوشۇپتۇ، بۇ ناخشا ئەل ئىچىگە تارقاپتۇ» ① دەپ قارايدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ھەرقانداق بىر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادىمىيلىك گۇمانىتارلىق پىسخىكىسىدا ئاجىز، مەجرۇھ، مېيىپلارنى جامائەت ئالدىدا مەسخىرە قىلىش مۇناپىقلىق دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارغا كۆيۈنۈش، مەدەت بېرىش، ھېسداشلىق قىلىش بىر قوۋمنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. ئۇسسۇلنىڭ كومىدىيەلىك، يۇمۇرىستىك بولۇشىنىڭ ئامىللىرى نېمە؟ سەنئەتكارلىرىمىز بولۇپمۇ ئۇسسۇل ئىجاتچىلىرىمىز نازۇرگوم ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ تارىخىي راۋاجى، مىللىي مەدەنىيەت سەنئىتىمىزنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى زۆرۈر. تۆۋەندە «نازىركوم

---

① م. نىيازى: «نازىركوم ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 3 ـ سان، 51 ـ، 52 ـ بەتلەر.

ناخشا ـ ئۇسسۇلى»نىڭ قۇمۇل ۋارىيانتىدىكى مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

قاشىڭنى قارا كۆردۇم ئالليەي، ئاللەي،
تال بويۇڭنى ئۇز كۆردۇم ئالليەي، ئاللەي.
ئاخشام كۆرگەن بويۇڭنى خېنىمەي نازىركوم،
كېچە ياتىپ چۈش كۆردۇم ۋاي ـ ۋاي نازىركوم،
جېنىمەي نازىركوم

نەدىمۇ ئەر كىشىنى ۋاي ـ ۋاي نازىركوم، جېنىمەي نازىركوم دەپ ناخشا ئېيتقان بار.

مىلادىيە 762 ـ يىلى قوچۇ خانى بۆكىخان مانى دىنىنى رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن. مانى دىنى ئەقىدىسىدە، ئىنسانلارغا بالايىقازا ئاقساق توكۇر قىياپىتىگە كىرىۋالغان جىنلاردىن كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار توتېم ئېتىقادىي، شامان دىنى ۋە مانى دىنى ئېتىقادى سەۋەبلىك، «پېرىخۇن»لۇق يەنى ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق روھىي كېسەل داۋالىغان. نازىركوم ناخشا ـ ئۇسسۇل تۈركۈمىدىكى «توكۇر باخشىم»، «يەملەپ باخشىم»، «باخشى دەرەم» قاتارلىق ئۇسسۇللار شامان ۋە مانى ئېتىقادىغا چوقۇنۇش تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇسسۇلغا قاتناشقۇچى ئەرلەر جىن ـ شاياتۇننى ئوت كۆچۈرۈپ، ئىسرىق سېلىپ قوغلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ساغلام بېجىرىم بولۇش ئىستىكىنى ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

دېمەك، تۇرپان، قۇمۇل، لۈكچۈن ۋادىلىقى دەۋرىدە، بولۇپمۇ ئارسلان تېكىن زامانىسىدا نازىركوم ناخشىسى ۋە نازىركوم ناخشا ـ ئۇسسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقىنى قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ كەلگەن سەنئەتكارلارنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ يەردە بىز ئابدۇللا غوجا، ئابدۇللا غوجا ئوغلى نازىر ئاخۇن، ئىمامئاخۇن، ئەلى پەرياد، زاھىر تالىپ (قارا يۈزى)، قېيىيۇم ھاجى بۇيلۇق، تۇرسۇن دىڭ قۇلاق، غوپۇر زىياۋىدىن، سىراجىدىن زەپەر، قۇربان روزى، غېنى روزى، روزىخان ئەخمىدى، قاسىم ئىبزىز قاتارلىقلارنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز.

يۇقىرىدىكى خەلق سەنئەتكارلىرى نورۇز بايرىمى، دادۇر مەشرىپى، توي ـ تۆكۈن، ئائىلىلەردىكى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشلاردا نازىركوم ناخشا ـ ئۇسسۇللىنى ئورۇنلاپ، ئۇنى پىششىقلاپ ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تولۇقلاپ راۋاجلاندۇرغان. تارىختىن بۇيانقى كۆركەم، گۈزەل مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەتىۋارلىشىمىز لازىم. سەنئەتكارلىرىمىز بولۇپمۇ ئۇسسۇل ئىجاتچىسى، رېژىسسور، ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرى مىللىي ئۇسسۇل، كىلاسسىك ئۇسسۇللارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشتا سۇبيېكتىپ ھېسسىياتقا ئەمەس، بەلكى ئەقلىي تەپەككۇرغا تايىنىشى، زامانىۋى بولۇش ۋە مىللىي بولۇش، ئىلمىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. ئەبجەش بولۇش، شالغۇت بولۇش، شەھۋانە ناخشا ـ ئۇسسۇللار بىزگە مەنسۇپ ئەمەس. بىز ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز، نېمىگە چوقۇنۇپ نېمىگە ھېرىسمەن بولۇشنى بىلىشىمىز لازىم.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئۇسسۇل فاكۇلتېتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

# قەدىمكى ئۇيغۇر خەت - چەك، ئالاقىلىرى توغرىسىدا

ئەنۋەر ھوشۇر

**مۇھىم مەزمۇنى:** قەدىمكى ئۇيغۇر خەت - چەك، ئالاقىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار بولۇپمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئومۇمىي ۋە ئايرىم تەرەپلىرىدىن ئۈچۈر بەرگۈچى ھۆججەت بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. بۇ ماقالىدە ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر خەت - چەك، ئالاقىلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى، شەكلى، قوللىنىش ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** قەدىمكى ئۇيغۇرلار؛ خەت - چەك، ئالاقىلەر

---

«ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرى دېگىنىمىزدە، ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق قوللىنىشتىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ رايونلاردا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى يازما يادىكارلىقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ»①. «گەرچە بۇ ئابىدە - يازما يادىكارلىقلانىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن تۆۋەندىكىدەك ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىككە، يەنى ئېپتىدائىيلىقتا ۋە يۈكسەك چىنلىقتا ئىگە»②.

قەدىمكى ئۇيغۇر خەت - چەك، ئالاقىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئۇ تارىخنىڭ ئۈزۈنلۈقى، قوللىنىشنىڭ پۇختا ھەم مۇكەممەللىكى بىلەنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى قەدىمكى ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئومۇمىي ۋە ئايرىم تەرەپلىرىدىن ئۈچۈر بەرگۈچى ھۆججەت بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. چۈنكى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ بېرىدۇ»③.

خەت - چەك، ئالاقىلەر - بىر مىللەتنىڭ مۇكەممەل بولغان يېزىق مەدەنىيىتى، شۇنداقلا قانۇن تۈزۈم مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇرەككەپلىشىشكە، ئىنچىكىلىككە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى 10 نەچچە پارچە خەت - چەك، ئالاقىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە خەت - چەك، ئالاقىلەر ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر ئارىسىدا كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى راۋانلاشتۇرۇش، تەڭشەش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسىگە ئايلانغان. شەكىل جەھەتتىن ھۆججەت، ئىلتىماس (ئەرىزنامە)، پەرمان (بۇيرۇق) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. ھەرخىل ھۆججەتلەرنىڭ

---

① ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى 1 - نەشرى، 1 - بەت.

② S. G. كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - بەت.

③ D. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 12 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، «كىرىش سۆز» 17 - بەت.

ئۆزىگە خاس مۇقىم قۇرۇلما شەكلى بولغان.

## 1. ھۆججەت

قەدىمكى ئۇيغۇر خەت ـ چەكلىرى ئىچىدە ھۆججەت ـ «تىلخەت»، «قولخەت» دېگەندەك خاس ناملار بىلەن ئاتىلىپ، كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان. مەزمۇن جەھەتتە، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرى، يەنى پۇل، كۆنجۈت يىغى قەرز بېرىلگەنلىكى، قەرزگە ئېلىنغانلىقى، ئۆزۈمزارلىقلار بىلەن ئېتىزلىقلارنىڭ سېتىلغانلىقى ۋە سېتىۋېلىنغانلىقى، مال ـ تاۋارلارنىڭ تېگىشلىگەنلىكى قاتارلىقلار ئىنكاس قىلىنغان. قۇرۇلما جەھەتتە، ۋاقىت، قەرز ئېلىش سەۋەبى، رايى، قەرز ئېلىنغان بۇيۇم تۈرى، قايتۇرۇش مۇددىتى، قايتۇرۇش شەكلى، ئۆسۈمى، قايتۇرالمىسا قوللىنىلىدىغان جازا ـ تەدبىر ۋە ۋاسىتىلىك قايتۇرغۇچىلارنىڭ ئىسمى، شەرتى، گۇۋاھچىلار، ھۆججەت يېزىپ بەرگۈچىنىڭ ئىسمى، تامغىسى تەرتىپ بويىچە يېزىلغان. مىسال:

ھۆججەت (1)

چاشقان يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەنكى قاۋسىدۇغا ئۆسۈمگە تۆلەش ئۈچۈن، كۆنجۈت كېرەك بولۇپ قېلىپ، ئېلتۈمۈردىن بىر كۈرە كۆنجۈت (قەرز) ئالدىم. كۈزدە ئىككى كۈرە كۆنجۈت بېرىمەن. ئەگەر ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمىسەم، ئەلنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ بېرىمەن. (بۇنى) بەرگۈچە بار ـ يوق بولۇپ قالسام، ئىنىم قاسوقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆز ئەينى بويىچە بېرىدۇ. گۇۋاھچى: قابان؛ گۇۋاھچى: بونگەك. بۇتامغا مېنىڭ (ھۆججەتنى ) مەن قاۋسىدۇغا ئۆزۈم يازدىم①.

ھۆججەت (2)

توخۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەنكى ئىلچىگە تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەر كېرەك بولۇپ، قايىمدۇنىڭ يالتۇرغاندىكى يېرىم سىق (ئۆلچەم بىرلىكى) يېرىنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئىجارىگە ئالدىم. بۇ يەرگە قانچىلىك ئۇرۇق كەتسە، ئىككىمىز تەڭ چىقىرىپ تېرىيمىز، چىققان ھوسۇلنى تەڭ بۆلۈشىمىز. بۇ يەرگە باج ـ پاراق كەلسە، ئىككەيلەن تەڭ تۆلەيمىز. بۇ سۆزگە گۇۋاھچى: قارا باخشى؛ گۇۋاھچى: چىسىم. بۇتامغا مەن ئىلچىنىڭ (بۇ ھۆججەتنى) مەن مىسىرسىلارغا دەپ يازغۇزدۇم②.

يۇقىرىقى قەرز ئېلىش ھۆججەتلىرى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك ئېرىشەلەيمىز:

1) ھۆججەتلەرنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى 12 مۆچەلدىكى ھايۋانات ئىسىملىرى بويىچە ئېلىنغان. مەسىلەن، «قوي يىلى چاقسا پۇت ئېيىنىڭ 28 ـ كۈنى»، «توخۇ يىلى ئارام ئېيىنىڭ 26 ـ كۈنى»، «ئىت يىلى ... ئاينىڭ 26 ـ كۈنى» دېگەندەك. بىز بۇنىڭدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ تەشكىللىنىلىشىنىڭ قانۇنىيەتلىك، مۇقىم ھەم مۇكەممەل بولغان كالېندار ئىشلىتىلىپلا قالماي، بەلكى كالېندار ئىشلىتىشنىڭ جەمئىيەتتە كەڭ تۈردە ئومۇملاشقانلىقىنى بىلەلەيمىز.

2) جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى جەھەتتە. ئېلىم ـ بېرىم ھۆججەتلىرىدە ئالغۇچى «ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن» ئۆزى ئېھتىياجلىق مەلۇم بىر خىل نەرسىنى قەرز ـ ئۆتنە ئالىدۇ. شەرت شۇكى، ھەر ئىككى تەرەپ كېلىشىپ تولۇق رازى بولغاندىن كېيىن بېكىتىلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن قەرز ئالغۇچى بىلەن قەرز بەرگۈچىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ئىگە ھۆر ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، كۆچلۈك بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز. تۈركولوگلاردىن D. تىخونوف: «ئۇيغۇرلار ئىچىدە سىنىپىي جەمئىيەت 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەكىللەنگەن بولسا كېرەك»③ دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئۇ يەنە: «ئۇيغۇر خانلىقى (744~840 ـ يىللىرى) ئۇرۇق قەبىلىچىلىك مۇناسىۋەتلىرى كۈچلۈك بولغان فېئوداللىق ئىدى»④ دەپ يازىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى ھۆججەتنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى 10 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە

① ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرايىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 355 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 356 ـ بەت.

③ D. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 16 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى ئەسەر، 17 ـ بەت.

بولۇپ (باشقا ھۆججەتلەردە 8 ـ ئەسىرگە تەئەللۇقلىرىمۇ بار)، بىز بۇنىڭدىن شۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. لېكىن، مۇشۇ دەۋرگە تەئەللۇق بەزى ھۆججەتلەردە ئادەم (ئاساسلىقى ئاياللار) نى ئېلىپ ـ سېتىش ۋە قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلاردا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ــ قۇللۇق تۈزۈم ئېلېمېنتلىرىنىڭ خېلى بىر مەزگىلگىچە ساقلانغانلىقىنى، ھېچ بولمىغاندا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر پىشىپ يېتىلگەن مەزگىللەردىمۇ يەنىلا ئىمتىيازغا ئىگە بەگ ــ تۆرىلەر ياكى ئۇرۇقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە سىنىپىي مۇناسىۋەت شەكلىنى ساقلاپ كېلىشكە يول قويۇلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

3) مەزكۇر ئېلىم ـ بېرىم ھۆججەتلىرىنى تۈزۈشكە شەخسى نىشان ـ بەلگىسى، يەنى تامغىسى بار بىر نەچچە گۇۋاھچى قاتناشقان. ھۆججەتلەرنى قەرز ئالغۇچىنىڭ ئۆزى ياكى مۇئامىلىدار ئىككى تەرەپكە ۋاكالىتەن ساۋاتلىق بىر كىشى يېزىپ بەرگەن. ئاخىرىغا «ئۆزۈم بىتىدىم» (ئۆزۈم يازدىم)، «ئايىدىپ بىتىدىم» (باشقىلارغا يازغۇزدۇم) دەپ يېزىلغان. بۇ ئۇچۇردىن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى، جۈملىدىن ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتىنى تەخمىنەن ھېسابلاپ چىقالايمىز. بۇ ھەقتە D. تىخونوف: «ئەگەر ھۆججەتلەردە نامى يېزىلغان ھەممە ئەرلەرنى يۈز دەپ ھېسابلىساق ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىن ساۋاتلىقلارنى تاللىۋالساق، ئۇ چاغدا بارلىق ئاھالىلەر ئىچىدىن ئەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ يا ئۇنداق، يا مۇنداق دەرىجىدىكى ساۋاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ»① دەپ يازىدۇ. مەن بۇ يەكۈندىكى ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتىدىن گۇمانلىنىپ، يەتتە پارچە ئېلىم ـ بېرىم ھۆججىتىنى نىسبەتلەشتۈردۈم. بۇلاردىن ئىككى پارچىسىنى قەرز ئالغۇچىنىڭ ئۆزى، بەش پارچىسىنى باشقىلارنىڭ ۋاكالىتەن يېزىپ بەرگەنلىكىنى بىلدىم. بۇ يەتتە پارچە ھۆججەتنى پۈتۈشكە 32 ئادەم قاتناشقان بولۇپ، ئۇلاردىن يەتتە نەپىرى ھۆججەتنى يازغان، بۇ ئومۇمى ئادەمنىڭ %23نى ئىگىلەيدۇ. ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆججەت يازالىشى ناتايىن، چۈنكى ساۋاتلىق بولۇش ھۆججەت يېزىشنىڭ بىر تۈرلۈك شەرتى، لېكىن بىردىنبىر شەرتى ئەمەس. ھۆججەت يېزىشتا ھەممە ئادەم ساۋاتلىق بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا بىر ئادەم قەلەم تەۋرىتىدىغان گەپ. دېمەكچىمەنكى، ھۆججەتنى تۈزۈشكە قاتناشقۇچىلاردىن گەرچە بەزىلىرى قەلەم تەۋرەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى ساۋاتسىزلار قاتارىغا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندا، D. تىخونوفنىڭ «ئەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى يا ئۇنداق، يا مۇنداق ساۋاتلىقلار ئىدى» دېگەن يەكۈنى ئاساسەن توغرا بولغان بولىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە بىرخىل پەرەز ياكى نىسپىي يەكۈن بولۇپ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

4) ھۆججەتلەرنى تۈزۈشكە ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى، ئەڭ كۆپ بولغاندا سەككىز كىشى قاتناشقان. يەنە كېلىپ ھۆججەت تۈزۈشكە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر بولۇپ، ئاياللار قاتناشتۇرۇلمىغان. بىر قىسىم ھۆججەتلەردە ئاياللارنى ساتقانلىق ياكى نەرسىگە ئالماشتۇرغانلىق توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر ئۇچرايدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورنىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، ئاياللارنىڭ ھوقۇقسىز ئىشلىرى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

5) ئەينى دەۋردە، خەت ـ چەك، ئالاقىلەر كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان بولۇپ، كىشىلەر يېرىم قاپ ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ مەخسۇس گۇۋاھچىلارنى شاھىت قىلىپ، ئۆلچەملىك تىلخەت پۈتۈشكەن. بىز بۇنىڭدىن ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىقتىساد، جۈملىدىن بازار ئېڭىنىڭ تولىمۇ يۇقىرىلىقىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىشىش، ئىلمىيلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. بۇ ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىنى ئاغزاكى پۈتۈشۈپ، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، كۆپ قىسىم ۋاقتىنى دەۋا ـ دەستۇر بىلەن ئاچچىق يۇتۇپ ئۆتكۈزۈۋاتقان ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ئىبىتقاندا ئۈرنەك قىلغۇدەك ياخشى ئادەت.

6) جازانىخورلۇق. ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا شەھەرلىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويغانىدى. ئوتتۇرا

① D. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، «كىرىش سۆز» 29 ـ بەت.

تۈزلەڭلىك بىلەن يەتتىسۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان سودا يوللىرى ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن ئۆتەتتى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى مانا شۇ سودا ـ تىجارەتلىرىدە ۋاستىچىلىق رولىنى ئوينايتتى. لېكىن، سودا ـ تىجارەت ۋە شەھەرلەرنىڭ نىسبەتەن تېز تەرەققىي قىلىشى ئىگىلىكنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگە زور تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولۇپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. «تاشقى سودىدا ئاساسلىق مەنپەئەتدار بولۇپ كەلگۈچىلەر ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى»①. بۇ خىل رېئاللىق، يەنى ئەركىن دېھقان ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ئۇششاق ئىگىلىكى تەبىئىي يوسۇندا جازانىخورلۇقنى مۇنبەت تۇپراق بىلەن تەمىنلىگەنىدى. نەتىجىدە جازانىخورلۇق فېئودالىزم بىلەن بىرلىشىپ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى خەت ـ چەكلىرىدە ئېلىم ـ بېرىم ھۆججەتلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن جازانىخورلۇقنىڭ جەمئىيەتتە ئومۇمىي ھادىسىگە ئايلانغانلىقىنى، دەرىجىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ھۆججەتلەر ئىچىدە پۇل ۋە يەرنى قەرزگە ئېلىش ھۆججەتلىرى بىرقەدەر كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۈنجۈت، كۈنجۈت يېغى، مۇسەللەس، ئاشلىق، بۆز (پاختا رەخت) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھۆججەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۆسۈم نىسبىتى خالىغانچە بېكىتىلگەن ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يىللىق سۈرۈك بىلەن بېرىلگەن. بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى قىسقا بولغانسېرى، ئۇنىڭ ئۆسۈم پىرسەنتى شۇنچە يۇقىرى بولغان. مەسىلەن، بىر ھۆججەتتە بىر راھىپنىڭ مىڭ تەڭگە پۇلنى بىر ئايدا يۈز تەڭگە ئۆسۈم بېرىش شەرتى بىلەن قەرزگە بەرگەنلىكى ئېيتىلغان②. بۇ قەرزنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 10%، يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى 120% بولغان. ئەگەر قەرز پۇل بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە قايتۇرۇلمىسا، قەرز بەرگۈچى قەرزدارنىڭ مۈلكىنى تۆلەم ئورنىدا ئېلىشقا ھەقلىق بولغان. باشقا ئۈچ ھۆججەتتە 6 ـ ئايدا بىر كۈرە كۈنجۈت قەرز ئېلىپ، كۈزدە ئىككى كۈرە كۈنجۈت بەرمەكچى بولغانلىقى؛ 4 ـ ئايدا بىر كۈرە كۈنجۈت ئۆتنە ئېلىپ، كۈزدە ئىككى كۈرە بەرمەكچى بولغانلىقى؛ 4 ـ ئايدا قەرز ئېلىنغان بىر كۈرە كۈنجۈتكە كۈزدە بىرگە بىر قوشۇپ بەرمەكچى بولغانلىقى»③ يېزىلغان. بۇ ئۈچ ھۆججەتنىڭ ھەممىسىدە كۈنجۈت قەز ئېلىنغان بولۇپ، مىقدارى كۆپ ئەمەس. بۇنىڭغا قاراپ بۇ كۈنجۈتلەر ئائىلىدە ئىستېمال قىلىشقا ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشقا كېلىمىز، شۇنداقلا كۈنجۈت يېغىنىڭ ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال يېغى بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئومۇمەن، كۈنجۈت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يېرىم يىللىق مۆھلەتتە بېرىلگەن. ئۆسۈم نىسبىتى بىرگە بىر، يەنى 100%، يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى 200% ئەتراپىدا بولغان. يەنە بىر ھۆججەتتە «4 ـ ئايدا 12 دانە بادىرا ئۆتنە ئېلىنىپ، كۈزدە 22 بادىرا بەرمەكچى بولغانلىقى»④ يېزىلغان. 6 ئاي ئىچىدە ئۆسۈمى بىرگە بىر ئارتقان، يىللىق ئۆسۈمى تەخمىنەن 200% بولغان. مۇسەللەس قەرز ئېلىش ھۆججىتىدىمۇ يۇقىرىقى شەرتكە رىئايە قىلىنغان. ئۇششاق نەرسىلەرنى قەرز ئالغاندا، ئۆسۈمى بىرگە بىر بولۇپلا قالماستىن، چوڭراق نەرسىلەر ـــ بىرەر يۈز توپ بۆزنى قەرز ئالغاندىمۇ، ئۆسۈمى ئوخشاشلا بىرگە بىر بولغان. يەنى يۈز توپ رەخت كۈزدە 200 توپ قىلىپ قايتۇرۇلغان. ئومۇمەن، قانداقلا تۈردىكى قەرز بېرىش بولسۇن، ھەممىسىدە يۇقىرى ئۆسۈم شەرت قىلىنغان.

ئىقتىساد نۇقتىسىدىن قەرز پۇل (نەرسە ـ كېرەك) ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىشى لازىم ئىدى. لېكىن، بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان جازانىخورلۇق ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتىدە توپلىنىدىغان قەرز پۇل فۇنكسىيەسى رولىنى ئۆتىمەي، ئەكسىچە ئىقتىسادنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرۈش، دۆلەتنى خارابلاشتۇرۇش رولىنى ئۆتىگەن. چۈنكى، ھەددىدىن زىيادە ئۆسۈم قەرز ئالغان ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ

① D. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 114 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 117 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 119 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى ئەسەر، 119 ـ بەت.

كىرىم سەۋىيەسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، يىل ئاخىرىدا بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ قولىدا پەقەت ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرلا قالغان. باشقا ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى ئۈچۈن يېگىدىن قەرز ئېلىشقا توغرا كەلگەن. ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بولمىغان. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، تىجارەتچىلەر ۋە جازانىخورلار ئالغان زور پايدا (پۇل)نى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە ئىشلەتمەي، خەزىنە سۈپىتىدە ساقلىغان. شۇڭا، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا سودا ۋە جازانىخورلۇقنىڭ رولى، ئورنى چوڭ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ فېئوداللىق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. تىجارەت ۋە جازانىخورلۇق سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ۋە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا يېتەرلىك دەرىجىدە شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينىغان.

## 2. ئىلتىماس

قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت ـ چەكلەر ئىچىدە بىنتوڭ ئىسىملىق بىر ئىشلەمچىنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى (بەگلەر) غا ئۆزىنىڭ سالاھىيەت ھوقۇقىنىڭ خوجايىنى تەرىپىدىن دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىدا يازغان بىر پارچە ئىلتىماسى كۆزگە چېلىقىدۇ. بەختكە يارىشا بۇ ئىلتىماس ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغان. ئىلتىماسنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، باش ـ ئاخىرى ماسلاشقان، مەزمۇنى ئىخچام بولۇپ، ھازىرقى ئۆلچەملىك ئىلتىماس شەكلىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئىلتىماسنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

ساۋاپچى بەگلىرىم ھوزۇرىغا مەنكى دەرتمەن قۇل بىنتوڭ ئىلتىماسىمنى سۇندۇم.

مەنكى بىنتوڭ ئادايىنىڭ ئۆيىدىن چىقىشتا، ئۇنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنى پۈتتۈرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن چىققىنىم يوق. كىچىكىمدە خەت ـ ساۋادىمنى چىقىرىپ نوم ـ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن، قانداقلا بولمىسۇن راھىپ بولۇپ، راھىپلا قائىدىسى بويىچە ئىش تۇتاي دەپ ئويلاپ تىگۈي تايشى (ئۇستاز مەنىسىدە) باشچىلىقىدىكى قىتاي تايشىلىرى بىلەن كېڭەشكىلى باردىم. تىگۈي تايشى ۋە باشقا كىشىلەر بىز سېنى پۇل تۆلەپ قۇتقۇزۇۋالايلى، ئەركىنلىككە چىقىرايلى دېسە، بۇ بېگىم مەن سېنى پۇل تۆلەپ قۇتقۇزۇۋالاي. ساڭا بۇرۇنقىدەك ئەركىنلىك خېتى (ھۆرنامە ) بېرەي دەپ گۇۋاڭ مىڭنىڭ ئالدىدا، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ماڭا خىزمەت قىلىپ يۈرسۇن، مەندىن كېيىن قالسا، تۆت يولى ئوچۇق بولۇپ، خالىغىنىچە راھىپ بولۇپ ئەلگە، خانغا ساۋابلىق ئىش قىلىپ ۋە ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇپ يۈرسۇن دەپ، مىلڭ بېگىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ ماڭا ھۆرنامە بېرىپ ئاندىن مېنى پۇل تۆلەپ قۇتقۇزۇۋېلىپ ھۆرنامىمنى ئۆز قولىغا ئالغانىدى. كېيىن كۈنلەر ئۆتۈپ، بېگىم مەندىكى ھۆرنامىنى ماڭا بەرگىن، مەن ساقلاي، سەن يوقىتىپ قويسەن دېگەندە، مەن ئۇ نامىنى بېگىمگە بەرگەن ئىدىم. ئۇ نامىنى بېگىم يامان يەرگە قويۇپ ئۇنتۇپ قالغانمۇ (ياكى) باشقىلارغا ئالدۇرۇپ قويغانمۇ، ئەمدى كېلىپ مېنى سەن ئېلىۋالدىڭ دەپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. مەن (بېگىمگە) كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلىدىم، خىزمەت قىلدىم (بېگىم ئالدىدا) گۇناھىم يوق. بېگىممۇ ماڭا يامانلىق قىلغىنى يوق. مەن نېمە سەۋەبتىن ئوغرىلايمەن. شۇندىن بېرى (توختام تۈزگەندىن بېرى ) ھېچنېمە دېمىگەن ئىدى. (ئەمدى مېنى سېتىۋېتىپ) يەنە بىر قۇل ئېلىش ئۈچۈن مەن بىلەن كېڭىشىۋاتىدۇ. مېنى راھىپ بولۇپ، ئەل، خان نامىغا ساۋابلىق ئىش قىلسۇن دەپ، ھۆرنامە بېرىپ ئالغانىدى، قايتىدىن ساتقىلى ئالمىغانىدى. ئەمدى ساتىمەن دەۋاتىدۇ.

بەگلىرىمنىڭ ساۋابلىق ئىش قىلىپ مېھرىبانلىق قىلىشلىرىنى، كۆڭۈل بۆلۈپ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇشلىرىنى سورايمەن①.

يۇقىرىقى ئىلتىماس قۇرۇلما جەھەتتىن ئاتاق سۆز، تېكىست ۋە ئاخىرقى سۆزدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن. ئاتاق سۆز قىسمىدا ئىلتىماس قوبۇل قىلىنىدىغان ئورۇن، شەخسنىڭ نامى، خەتنىڭ خاراكتېرى بايان قىلىنغان. تېكىست قىسمىدا ئاساسىي مەزمۇن ئۈچ بۆلەك بويىچە تەرتىپلىك، چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان. 1 ـ بۆلەكتە ئىلتىماس يازغۇچىنىڭ سالاھىيىتى، جۈملىدىن كېلىپ چىقىشى، نىيەت ـ ئىقبالى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئەسكەرتىلگەن. 2 ـ بۆلەكتە ئىلتىماس (ئەرز) يېزىشقا تۈرتكە بولغان ئىشنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانى، نەتىجىسى بايان قىلىنغان. 3 ـ بۆلەكتە ئىشنىڭ نەتىجىسىگە بولغان كۆزقارىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاخىرقى سۆز قىسمىدا تولىمۇ سىپايە سۆزلەر ئارقىلىق ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن. نام ـ شەرىپى تېكىستىنىڭ

① ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 353 ـ بەت.

بېشىدا ئېزاھلانغان بولغاچقا، ئاخىرىغا يېزىلمىغان، ئىلتىماس يېزىلغان ۋاقتىمۇ ئەسكەرتىلمىگەن. بۇ ئىلتىماسنىڭ مەزمۇنىدىن مۇنداق ئۇچۇرلارغا ئېرىشىمىز:

1) ئەينى دەۋردە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى تولۇق، قانۇن ـ ئەدلىيە سىستېمىلىرى مۇكەممەل، ئىش بېجىرىش تەرتىپى ئېنىق بولغان، ھەتتا قۇللارنىڭمۇ ئەرز قىلىش، مەنپەئەتىنى قوغداش ھوقۇقى بولغان. بىچۇرىننىڭ «مەلۇماتلار توپلىمى»دا بايان قىلىنغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى «ھەر بىر شەھەردە خەلق سوت مەھكىمىسى بار، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇدىغان، تېرىقچىلىقنى باشقۇرۇدىغان سوت مەھكىمىلىرى بار ئىدى»① دېگەن بىر جۈملە سۆز بۇ يەكۈنىمىزنى تېخىمۇ ياخشى پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئىلتىماستا «ئەلگە، خانغا ساۋابلىق ئىش قىلىپ ۋە ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇپ يۈرسۇن دەپ» دېگەن مەزمۇندىكى جۈملە ئىككى يەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئىككىلا جۈملىدە ئاۋۋال ئەل ـ يۇرت، ئاندىن خان تىلغا ئېلىنغان. بىز بۇنىڭدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ دەرىجە قارىشىنىڭ ئۈنچىۋالا مۇرەككەپ ئەمەسلىكىنى، ھەتتا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار ــ خانىنىڭمۇ ئۆزىنى ئەلدىن تۆۋەن ئورۇنغا قويۇپ، ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى بۇرچ دەپ بىلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ھۆر كىشىلەر تۆگۈل ئادەتتىكى بىر قۇلمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، ئەلگە، خانغا خىزمەت قىلىشنى ئاساسلىق بۇرچ قىلغان. مېنىڭچە، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بەش ئەسىردىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى خاندىن تارتىپ قۇلغىچە بولغان ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان مۇشۇ خىل ئىدىيە ۋە روھ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

2) ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «قۇل»لارنىڭ سالاھىيتى ئالاھىدىرەك بولۇپ، ئېلىپ ـ سېتىلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھوقۇقلىرى يانچىلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىگەن. مەلۇمكى، قۇللۇق تۈزۈم ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ۋەھشىي تۈزۈم. قۇلدارلارنىڭ نەزىرىدە قۇللار «گەپ قىلالايدىغان ھايۋان»، قۇللار قۇلدارلارنىڭ نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنداق قىلىدىغان شەخسىي مۈلۈكى. ئېلىمىز تارىخىغا نەزەر سالساق، قۇللۇق تۈزۈم جەمئىيىتىدىكى قۇلدارلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئەگەر قۇلدار ئۆلۈپ كەتسە، قۇللىرىنى ئۆزى بىلەن ئۇ ئالەمگە بىللە ئېلىپ كەتكەن (قوشۇپ دەپنە قىلدۇرغان). رىم قۇللىرىنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىدى. لېكىن، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر جۈملىدىن يۇقىرىقى ئىلتىماستا ئىسمى زىكرى قىلىنغان قۇللارغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، ئەھۋال باشقىچىرەك. گەرچە، بۇ قۇللارنىڭ ئەركى ئۆز قولىدا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مائارىپ تەربىيەسى ئېلىش ھوقۇقى، ئېلىپ ـ سېتىلغاندا سۈرۈك توشقاندىن كېيىنكى ئىشلىرىنى ئالدىن كېڭىشىش ھوقۇقى، ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىغاندا ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ھوقۇقى، ھەتتا خوجايىنى ئۈستىدىن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولغان. بۇنداق ھوقوقتا ئىگە كىشىنى ئەمەلىيەتتە «قۇل» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى «قۇل» ئاتالغۇسى قانداقتۇر ئادەتتە بىز دەۋاتقان «سۆزلىيەلەيدىغان قورال»غا ئەمەس، بەلكى توختام ئاساسىدا ئىشلىتىلگەن (مەڭگۈلۈك ياكى مەلۇم مەزگىللىك) ئىشلەمچىلەرگە قارىتىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن.

3) قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىلا ئەمەس، كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىمۇ خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، بىلىم ئېلىش ۋە بىلىمى ئارقىلىق ئەلگە خىزمەت قىلىش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان. مەلۇمكى، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئەزەلدىن مائارىپقا، بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، جەمئىيەتتە بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئەزىزلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنىنى شەكىللەندۈرگەن.

بىلىملىك ئەر بىلىنكە،
تاش قۇر سامسا باش بولۇر.
بىلىكسىزنىڭ يانىغا،

① بىچۇرىن: «مەلۇماتلار توپلىمى» 2 ـ توم، رۇسچە نەشرى، 253 ـ بەت؛ D. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 23 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

ئالتۇن قويسا تاش بولۇر①.

(يەشمىسى: بىلىملىك ئەر بىلىگە تاش قىستۇرسا قاش تېشىغا ئايلىنىدۇ. بىلىمسىزنىڭ يېنىغا ئالتۇن قويۇپ قويسا، تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ)

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى يۇقىرىقى ئەقىدە بويىچە ھەر بىر ئىنسان بالىسىنىڭ بىلىم ئېلىشىنى بىر تۈرلۈك ئادىمىيلىك مىزانى قىلىپ بېكىتىپ، رىئاللاشتۇرغان. شۇڭا، ئۇلار «ئۆز يېزىقىنى باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق يارىتىپ، جۇڭگو بىلەن ماۋارائۇننەھر ئارىلىقىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بىرى بولۇپ قالغان»②. ئىلتىماستا: «كىچىكىمدە خەت ساۋادىمنى چىقىرىپ، نوم ــ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن... تىگۈي تايشى باشچىلىقىدىكى قىتاي تايشىلىرى بىلەن كېڭەشكىلى باردىم. تىگۈي تايشى ۋە باشقا كىشىلەر بىز سېنى پۇل تۆلەپ قۇتقۇزۇۋالايلى، ئەركىنلىككە چىقىرايلى دېسە...»③ دېگەن بايان بار. بىز بىر قۇلنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن بۇ باياندىن ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ بىلىمگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى، جەمئىيەتنىڭ ئىلىم ئىگىلەشنى نىيەت قىلغانلارنى چۈشىنىش، قوللاش قىزغىنلىقىنىڭ دەرىجىسىنى روشەن ھېس قىلالايمىز.

## 3. يارلىق

قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت ـ چەك، ئالاقىلىرىدە بۇيرۇق ــ «يارلىق» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا قانۇنىي ۋە مەمۇرىي تەدبىرلەرنى ئېلان قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشلىرىدا كەڭ تۈردە قوللىنىلغان. مىسال:

يارلىق (1)

(بۇ يارلىق مىلادىيە 1276 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يېزىلغان)

ئىدىقۇتقا، تەخەبيۇقا، يىنى بۇقا دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى كىشىگە، يالقۇنتاغ، لۈكچۈن، تۇرپاندىن ئىبارەت 24 شەھەردىكى ئەمەلدارلارغا، قۇۋراق (راھىپلارغا)، نېستورىئانلارنىڭ كىرىست مەزھىپىدىكى ئېتىقادچىلىرىغا، پۇقرالارغا، نوملىغان نوم خانسا (؟)نىڭ شازىن ئايغۇچىغا: يالقۇنتاغنىڭ شەھەر ئاھالىسىدىكىلەر ئىچىدە كېلىنلىرى ئەگەر قىز تۇغۇپ قالسا، كۆپىنچىسى سۇغا تاشلاپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىكەن. تۆلۈمىشنىڭ قىزى چوگلار تەرىپىدىن سۇغا تاشلانغان چاغدا...... بۇنىڭدىن كېيىن كىم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر كېلىنى قىز بالا تۇغسا سۇغا تاشلىۋېتىدىغان بولسا، مال مۈلكىنىڭ يېرىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆيدىكىلەردىن بىر كىشى چېرىكلىك (ئەسكەرلىك) كە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن پاش قىلغۇچىلار ئەگەر قۇل ـ دېدەك بولسا، بوشىتىلىپ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىدۇ... قىز بالىسىنى سۇغا تاشلىۋېتىدىغانلار بولسا، پۇقرا ھەم ئەمەلدا بولۇشىدىن قەتئىنەزەر مۇشۇ يارلىققا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ④.

يارلىق (2)

(x x بەلگىسى قويۇلغان جايلار سەھىپە ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن قىسقارتىلدى)

قوي يىلى چاقسا پىت ئېيىنىڭ 28 ـ كۈنىدە مۇرۇتلۇق ئىبادەتخانىسى. قادىر بىلگە تەگرى ئىلىك قۇتى... ساڭگىگ... كىردى... قاراشلىق... تۇرىدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر... تالىپلار، («...» بەلگىسى قويۇلغان يەرلەردە ئۈچ قۇردەك خەت ئۆچۈپ كەتكەن، سۆزلەرنى قوراشتۇرۇپ كونتېكىستقا قويۇپ باقساق، بۇ بوش يەرلەرگە يارلىق قوبۇل قىلغۇچى ۋە يارلىقتىن خەۋەرلەنگۈچىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ ـ ئاپتوردىن) ھۆرمەتلىك يا بۇنىۇ (ئادەم ئىسمى) سىلاۋاتىغا

---

① ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاي 2 ـ نەشرى، 200 ـ بەت.

② غەيرەتجان ئۇسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 6 ـ بەت.

③ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 354 ـ بەت.

④ مەھمۇت زەيدى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن تەزمىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 122 ـ، 123 ـ بەتلەر.

(راھىبلارنىڭ ئەمەل نامى)، باش سىلاۋانتىغا قاراشلىق يەرلەرنى ۋە ئۈزۈملۈكلەرنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالسۇن. x x بۇيرۇق قىلىمەنكى، مورۇتلۇق ئىبادەتخانىسى ساڭگىك ئۈزۈملۈكلەر ۋە يەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىزنىڭ بەخت ـ سائادىتىمىز كويىدا بولسۇن. x x مەجبۇرىي ئەمگەك بېرت (باجنىڭ بىر تۈرى) ۋە تىنتسۇي (باجنىڭ بىر تۈرى ھەم ئەمەل نامى) دىن ئازاد قىلىنسۇن. بىزنىڭ بەختىمىز ۋە دۆلىتىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا ئوقۇلسۇن. يابۇنۇسىلاۋانتى، تۈيۇم سىلاۋانتى، قۇداتمىش سىلاۋانتى، نامداش سىلاۋانتى، بويانچۇق سىلاۋانتى، باش سىلاۋانتىلار ئۈزۈملۈكلەرنى ۋە يەرلەرنى ئۆز ئىختىيارىغا ۋە تولۇق باشقۇرۇشقا ئالسۇن. مورۇتلۇق ئىبادەتخانىسىدا تورۇشلۇق سىلاۋانتىلار ئۆزلىرى دىنىي ئورۇنلار، جامائەلەر، كىچىكلەرنى زورمۇزور ئىشلەشكە مەجبۇرلىمىسۇن. x x يارلىقنى ئالغاندىن كېيىن، يابۇنۇ سىلاۋانتى باشچىلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى مۇستەھكەملىسۇن. ئىبادەتخانا چۈشىنىش ۋە ئىناقلىق ھاسىل قىلسۇن. x x ساڭچى، ئاغىچىلار مورۇتلۇق ئىبادەتخانىسىدىكى ئۈزۈملۈكلەردىن قاپ، بېرت، بوزلارنى بىرئازمۇ ئالمىسۇن، تىنتسۇيلار يەردىن ھوسۇل كۆكبوسى، كۆنجۈت، كېۋەز، بور، چوبرالارنى ئالمىسۇن، بېرتنى كۆپەيتىپ ئالمىسۇن، مەجبۇرىي ئەمگەككىمۇ قاتناشتۇرۇلمىسۇن. مورۇتلۇق ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇرۇشلۇق سالىلار، ئۆلچىگۈچىلەر، ھېسابچىلار دىنىي جامائەتلەر تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنمىسۇن. باسىق (باجنىڭ بىر تۈرى)، تاسىق، تۇتۇن (باجنىڭ بىر تۈرى)، قۇۋچۇر، تودۇن (مەنسەپ نامى) ئوتى قاتارلىقلارنى تۆلەتمىسۇن. ئۈزۈملۈكلەرگە ئوقان كەسكۈچى، سۇچىلار كىرمىسۇن، ئاسقۇ ئۈزۈم، ئوسۇق، ئەرقۇقلار ئېلىنمىسۇن. بۇ يارلىق يىپەك رەختكە يېزىلسۇن دەپ قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى[①].

بىز يۇقىرىقى ئىككى پارچە يارلىقتىن مۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىكنى بايقايمىز. قۇرۇلما جەھەتتە، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يارلىقلىرى ئاتاق سۆز، تېكىست ۋە ئاخىرقى سۆزدىن تەركىب تاپقان. ئاتاق سۆز قىسمىدا يارلىقنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە يارلىقتىن خەۋەرلەنگۈچى ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ نامى يېزىلغان. تېكىست قىسمىدا يارلىقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بايان قىلىنغان. بۇ قىسمىدا ئومۇمەن يارلىق مەزمۇنىغا سەۋەب بولغان ئىشنىڭ جەريانى، يارلىق چىقارغۇچىنىڭ بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى قارارى، تەدبىر ۋە جازالار تەرتىپ بويىچە يېزىلغان. ئاخىرقى سۆزدە يارلىقنىڭ ئىناۋەتلىك، جىددىيلىك دەرىجىسى ئەسكەرتىلگەن. يارلىقلار مەخسۇس لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئۇ بىر قاراپلا يارلىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە يېزىلغان، ماۋزۇ قويۇلمىغان. ۋاقتى تېكىست ئاخىرىغا ئەمەس، بېشىغا يېزىلغان. مەزمۇن جەھەتتە، يارلىق چوڭ مەسىلىلەرگە چىقىرىلغان، بىر يارلىقتا بىر مەسىلە يېزىلغان. شۇ بىر مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلارغا چۈشىنىشلىك ئىبارىلەر ئارقىلىق قىسقا جاۋاب بېرىلگەن. مۇقامى كۆتۈرەڭگۈ، پوزىتسىيەسى كەسكىن بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئىككى بىسلىق سۆزلەر ئىشلىتىلمىگەن، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا يوچۇق قالدۇرۇلمىغان. بۇ يارلىقلاردىن يەنە تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز:

1) ئايالالرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان. قىز بالا پەرزەنت سۈپىتىدە قەدىرلەنمىگەن. ئۇلارنى كەمسىتىش، خورلاش ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلانغان.

2) ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. بىر نەچچە خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، رەڭدارلىقى بىلەن ماھىيىتىنىڭ رەڭۋازلىقى نامايان قىلىنغان. بۇلار ئىچىدە بودda دىنى بىلەن نېستورىئانلارنىڭ كىرىست مەزھىپىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغان. بۇ دىنلار دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە راھىبلار بىلەن روھانىلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا بىۋاستە قاتناشتۇرۇلغان.

3) ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار ــ ئىدىقۇتنىڭ نامىمۇ يارلىق قوبۇل قىلغۇچى ياكى خەۋەرلەنگۈچىلەر تىزىملىكىنىڭ باش تەرىپىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ، ئىدىقۇتنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ ھوقۇقلۇق بىر كۈچنىڭ يارلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ كۈچ موڭغۇللار بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، مىلادىيە 1227 ـ يىلى چىڭگىزخان ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىگە قاراشلىق زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندە، 2 ـ ئوغلى چاغاتايغا شەرقتە ئالتاي تاغلىرىدىن غەربتە ماۋارائۇننەھر رايونىغىچە بولغان بارلىق جايلار، جۈملىدىن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن جەنۇبىي قىسمى تەقسىم قىلىنغانىدى. بۇ چاغدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى باشقا ئۇلۇسلار بىلەن ئوخشاشلا موڭغۇل مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئىمتىيازغا ئىگە خانلىق ئورنىنى

---

① D. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 409 ـ ، 410 ـ بەتلەر.

ساقلاپ قالغان. مىلادىيە 1320 ـ يىلى چاغاتاي ئەۋلادى ئېسەن بوقا تەرىپىدىن قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقى ۋە مىلادىيە 1348 ـ يىلى چاغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇلىستان خانلىقى دەۋرلىرىدىمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئىلگىرىكىدەك ئىمتىيازغا ئىگە خانلىق ئورنىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت تاكى 1393 ـ يىلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى يوقىتىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. 1 ـ يارلىق مىلادىيە 1276 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇ قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى خانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن موڭغۇل مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن چاغ بولغاچقا، يارلىقلارنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ياكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوچۇدىكى نازارەتچىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئېلان قىلىنغانلىقى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن.

4) يالىق ئالدىدا ھەممە ئادەم، مەيلى ئۇ ئەمەلدار ياكى ئادەتتىكى پۇقرا بولسۇن باراۋەر بولغان، جازا ئىجرا قىلىشتا گۇناھكارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ئاساس قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن بىر كىشىنى مەجبۇرىي چېرىكلىككە تۇتۇش ئارقىلىق يارلىقنىڭ چەكلەش كۈچى ئېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەھۋال مەلۇم قىلغانلارغا مۇكاپات بېرىلىپ رىغبەتلەندۈرۈلگەن. مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاش تۈزۈمى تەڭ يولغا قويۇلۇپ، ئاۋامنىڭ نازارەتكە قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

5) روھانىيلارمۇ بىر خىل ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، يەر ئىگىلەپ پۇقرالارنى خالىغانچە ئىشلىتىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. خەلق ئاممىسى فېئوداللار، جازانىخورلار ۋە روھانىيلاردىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ تاغ»نىڭ ئورتاق زۇلۇمىغا ئۇچراپ، ھال ـ كۈنى بارغانسېرى ناچارلاشقان. شۇ سەۋەبلىك خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، پۇقرالارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ھەربىي مەجبۇرىيەتمۇ زورلۇق كۈچ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. «يارلىق (1)»دە: «... شۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدىكىلەردىن بىر كىشى چېرىكلىككە تۇتۇلىدۇ» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. بۇ ھېچ بولمىغاندا مۇنداق ئىككى نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: بىرىنچىسى، كېيىنكى مەزگىللەردە پۇقرالارنىڭ دۆلەتتىن رايى قايتقان. چۈنكى، دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى: بىرى، پۇقرالارنى قوغداش؛ يەنە بىرى، ئۇلارنى تەربىيەلەش بولۇپ، بۇ خىل رولنى ئۆتىيەلمىگەن ھەر قانداق دۆلەتنى پۇقرالار ھىمايە قىلمايدۇ. ئىككىنچىسى، دۆلەت ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سەل قارىغان. ئۇلار ھەتتا دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان چېرىك (ھەربىي)لەرنى جىنايەتچىلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويغان، يەنى چېرىكلىككە تۇتۇشنى بىر خىل جازا شەكلى ئورنىدا كۆرگەن.

6) باج ـ سېلىقلارنىڭ تۈرى كۆپ، باج ئېلىش سىستېمىلىرى مۇكەممەل بولغان. «يارلىق (2)» ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۈزۈملۈك ۋە يەر دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىش مەزمۇنىدا پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مەجبۇرىي ئەمگەك، بېرت، تىنتىسۇي، قاپ، بور، ھوسۇل كۆكپوسى، كۈنجۈت، كېۋەز، چوبرا، باسىق، تاسىق، قۇۋچۇر، تۇدۇن، ئوتى، ئاسقۇ ئۈزۈم، ئۇسۇق، ئەرقۇق قاتارلىق 17 خىل باج ـ سېلىق تۈرى ۋە تۆلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ نامى، ئوقاق كەسكۈچى، سۈچى، تىنتىسۇي قاتارلىق باج خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە (ئەمەل) نامى خاتىرىلەنگەن. بۇ 17 خىل باج ـ سېلىق تۈرى پەقەت بىر ھۆججەتتىلا قەيت قىلىنغان بولۇپ، باج تۈرلىرىنىڭ بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئومۇمەن، ھۆكۈمەت ئۆزىگە كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەرنى پۇقرالاردىن باج شەكلى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئالغان بولۇپ، پۇقرالار نېمىلا ئىش قىلسۇن ھەممىسىگە باج تاپشۇرغان. بۇلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باج، مالىيە ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ.

ئومۇمەن، قەدىمكى ئۇيغۇر خەت ـ چەك، ئالاقىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ئومۇمىي ۋە ئايرىم تەرەپلىرىدىن، شۇنداقلا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش تارىخىدىن ئۇچۇر بەرگۈچى قىممەتلىك ھۆججەتتۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر خەت ـ چەك، ئالاقىلىرىنىڭ سانى چەكلىك، تارقاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ قىسمى يىرتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى خېلى يۇقىرىدۇر.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن

# ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

گۈلنۇر پەرھات

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى مۇھىم بايلىق. بۇ ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنىڭ ياخشى ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، ئۇلارنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداشتىكى تەكلىپ-پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەر؛ رەقەملەشتۈرۈش

ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتە مەيدانغا كەلگەن ۋەسىقىلىرى، قەدىمىي كىتابلىرى ۋە تاش پۈتۈكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ جەۋھىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەر، ۋەسىقىلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل، تۈرى كۆپ بولۇپ، تارىخ، تىل، ئەدەبىيات، سەنئەت، پەلسەپە، دىن، ئاسترونومىيە، كالىندارچىلىق، جۇغراپىيە، تىبابەتچىلىك، رەسساملىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. ھازىرغىچە بايقالغان ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ 13 خىل يېزىقتا ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇنداقتا ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرگە قانداق ۋارىسلىق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنى يەنە قانداق قىلىپ كەڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، ئۇلارغا قايتىدىن ھاياتى كۈچ بېرىپ بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

قەدىمكى ئەسەرلەر تارىختىن بۇيان ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئىزدەپ تېپىش، رەتلەش، ئىستاتىستىكا قىلىش ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش - ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى زۆرۈر ۋاستە ۋە ئۇسۇلدۇر. 21- ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بەزى كۆلىمى چوڭ، سەۋىيەسى يۇقىرى، تەسىرى كەڭ تۈرلەر ئارقا-ئارقىدىن ئىشلىنىپ، ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداشنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. ئۇچۇر تېخنىكىسى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ھازىرقى دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەردىكى بىلىملەرگە بولغان ئېھتىياجىمۇ بارغانسېرى ئاشماقتا. ئەمما، بەزى قەدىمكى ئەسەرلەر رەقەملەشتۈرۈلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى ئۇلارنى بايقاش، قۇتقۇزۇش، رەتلەش، قوغداشمۇ يېتەرسىز بولماقتا. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كونا، قەدىمىي نەرسىلەرگە بولغان تونۇش مۇجەمەللىشىپ بارىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداش ــ ئۇلاردىن پايدىلىنىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ھېسابلىنىدۇ.

### 1. ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى مۇھىم بايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەنىۋى بايلىق.

شۇڭا، بۇ بايلىقتىن پەقەت ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلار ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى تەڭ بەھرىمەن بولۇشى، ئۇنى تەتقىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ياخشى ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان ئۈنۈملۈك قوغداش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە جىددىي مەسىلىدۇر. رەقەملەشتۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈش دەۋرىنىڭ ئېھتىياجى. ئەلۋەتتە، قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشتىكى مەقسەت، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى رەتلىك تىزىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن پايدىلىنىش، ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، قەدىمكىنى بۈگۈنكى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. كومپيۇتېر ۋە تور تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كەڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئېلېكترونلۇق كىتابلار مەيدانغا كەلدى. بۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ كەسپىگە ۋە قىزىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنى ۋە كىتابلارنى ھەر ۋاقىت يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشىگە زور قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ماتېرىيالى سامان قەغەز ۋە ئۇجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ياسالغان بولغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ قەغىزى چىرىپ كېتىدىغان ياكى ساقلىنىش شەرت ـ شارائىتلىرى ياخشى بولمىغانلىقتىن، نەچچە يۈز يىللىق بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەن، تارىخنىڭ كارتىنىسى ۋە شاھىدى بولغان بۇ قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى قول بىلەن تۇتسا تىتىلىپ، يىرتىلىپ، كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، رەقەملەشتۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ساقلىغاندا، ئۇلارنىڭ يىرتىلىپ، ئۇپراپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى، ئۇنىڭدىن پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىدا تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىنتېرنېتنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، تور ئابونتلىرىنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشتى. يەر شارى خاراكتېرلىك تورلاشتۇرۇلغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ سانى 1990 ـ يىلىدىكى 20دىن كۆپىيىپ 1998 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە 200دىن ئېشىپ كەتكەن. 2004 ـ يىلى پەقەت جۇڭگودىلا تور ئابونتلىرىنىڭ سانى يۈز مىليونغا يەتكەن. ئالاقە تورى ئاللىقاچان ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان يەر شارى خاراكتېرلىك تورغا ئايلىنىپ قالغان. ئەگەر كىشىلەر توردىكى بوشلۇقتىن ھەر ۋاقىت، ھەر قانداق يەردە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە تارىخىي ۋەسىقىلەرنى تاپالىسا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالىسا، ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى چوقۇم تېخىمۇ يۇكسىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقىش ـــ بۇ ئەسەرلەرنى قوغداشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئەسەرلەر دەۋردىن ـ دەۋرگە، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تارقىلىپ خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئىلغار ۋە ئاكتىپ روللارنى ئوينىغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى پۈتۈن مەملىكەت، ھەتتا دۇنيا مىقياسىدا تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىشقا تېخىمۇ پايدىلىق. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى باسقۇچتىكى تارىخىي قاتلاملىرىنى يورۇتۇش ۋە چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. زامانىمىزدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ يەرشارىلىشىش، بىر گەۋدىلىشىش دولقۇنىدا مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ـــ خەنزۇلار ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بولسۇن ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى يادرولۇق مەسىلە. يەرشارى تورلىشىش، ئۇچۇرلىشىش ۋە رەقەملىشىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. مۇشۇنداق شارائىتتا زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى قۇتقۇزۇش، توپلاش، رەتلەش، تۈرگە ئايرىش، نەشر قىلىش، رەقەملەشتۈرۈش ئارقىلىق قەدىمكى ئەسەرلەردىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوننى تەشۋىق قىلىش، رايون مەدەنىيىتىنى تارقىتىش، رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق. ھازىر قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداش بىر خىل مۇقەررەر يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. رەقەملەشتۈرۈش ئۇچۇر ساھەسىدىكى رەقەم تېخنىكىسىنى ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە قەدەر ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇچۇر شەيئىلەرنىڭ ئۆزىنى ۋە مەۋجۇتلۇق شەكلى، ھەرىكەت ھالىتىنىڭ مەنسۇبىيىتى بولۇپ، ئۇچۇر مۇئەييەن تۇشۇغۇچىغا ئاساسلىنىپ مەۋجۇت بولۇشى شەرت. قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرگە ئائىت ئۇچۇرلار ئەلۋەتتە

كومپيۇتېردىن ئىبارەت بۇ زامانىۋى تونۇشتۇرۇشچىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولغاندا، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە، قولايلىقلىقىغا ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. رەقەملەشتۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش كېرەك. بەزى قىممەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش شارائىتىنى ياخشىلاپ، رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى تىرىلدۈرۈش خاراكتېرلىك قوغداش ئىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە رەقەملەشتۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ سۈرەتكە ئېلىش، نۇسخىلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش كېرەك. رەقەملەشتۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ رەقەملىك ئاپپارات ئارقىلىق قەدىمكى ئەسەرلەرنى سۈرەتكە ئالغاندا، قەغەز يۈزىدىكى ماتېرىياللارنى كومپيۇتېرغا قاچىلاپ ساقلاشقا، ئاپتوماتىك بىرتەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇنى يەنە قەغەز يۈزىگە بېسىپ چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ تەننەرخى يۇقىرى ئەمەس، ساقلاش ھەجمى چوڭ، ساقلاش مۇددىتى ئۇزۇن بولۇپ، قايتا پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى ھەم قولايلىق. بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق، قىممەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ قايتا ـ قايتا قول بىلەن تۇتۇلۇپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنى ئازايتقىلى ۋە ياخشى ساقلاش، قوغداش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. قەغەز ۋەسىقىلەر كىتاب، گېزىت، ئارخىپ، رەسىم ۋە ھۆججەت قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردە بولۇپ، بۇلارنى ئالماشتۇرۇش خېلىلا قولايسىز. ئېلېكترونلۇق ۋەسىقىلەر ماگنىتلىق دىسكا ۋە ئوپتىكىلىق دىسكىلاردا ۋە كومپيۇتېردا كود شەكلىدە ۋە باشقا شەكىللەردە ساقلىنىدۇ. كومپيۇتېردا پەرقلەندۈرۈلىدۇ، بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، تىزىلىدۇ ۋە ئىزدىنىلىدۇ. بۇ، كىشىلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىشىغا ناھايىتى قولايلىق بولۇپ، نۇرغۇن كۈچ، ۋاقىت ۋە ئىقتىسادنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئېلېكترونلۇق شەكىلدىكى قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەر ھەجمى كىچىك، زىچلىقى يۇقىرى، ساقلاش، كۆپەيتىش ئوڭاي، ئىزدەپ تېپىش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، قەدىمكى ئەسەرلەرنى سكانلاپ ياكى PDF ھۆججەت شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ تورغا چىقىرىۋەتسە، ئۇنى ئاسانلا تاپقىلى ۋە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈش ئىنتېرنېت تورىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداشنىڭ مۇساپىسىنى تېزلەتتى. قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈش قەدىمكى ئەسەرلەر بايلىقىنى ئۈنۈملۈك قوغداپلا قالماستىن، بەلكى ئەل ئىچىدىكى بىلىملەرنى قېزىپ چىقىشقا پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئۇيغۇرچە تور ئۇچۇر بايلىقىنى موللاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. گەرچە ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈش خىزمىتى سەل كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

## 2. ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداشتا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە يولۇقۇشىمىز مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ رەقەملەشتۈرۈلگەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ بارا ـ بارا ھەل بولىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەر بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىش جەريانىدا ماتېرىياللارنى قانداق ئىشلىتىش ئەڭ مۇھىم. بولۇپمۇ قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش ناھايىتى مۇشكۈل ئىش. بۇنىڭ ئۈچۈن زور ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ۋاقىت كېتىدۇ. بەزى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ باھاسى يۇقىرى، ئېغىر، مەزمۇنى كېلەڭسىز بولۇپ، ئۇلارنى رەقەملەشتۈرۈش تەس. ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈشتە مۇنداق بىر قانچە مەسىلىگە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن:

بىرىنچى، رەقەملەشتۈرۈشنىڭ ئۆزىدىكى توسالغۇلار. تەتقىقات خادىملىرى رەقەملەشتۈرۈلگەن ئەسەردىن پايدىلانماقچى بولسا، ئىزدەپ تېپىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ئەسەرنىڭ پۈتۈن تېكىستىنى ئىزدەيدۇ. رەقەملەشتۈرۈشنىڭ ئۆزىدىكى تېخنىكا كاشىلىسى سەۋەبىدىن، ئىزدەش ئىقتىدارىدا نۇرغۇن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى ئەسەرلەرنى شىرازىلاش (مۇقاۋا، بەت، قىستۇرما رەسىم، تۈپلەش شەكلى

قاتارلىقلارنى لايىھەلەش) ۋە تىزىش رەقەملەشتۈرۈشكە بەزى قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكتىن، قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىيالى ۋە مەدەنىي يادىكارلىق قىممىتى رەقەملەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەزى توسالغۇلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. قەدىمكى ئەسەرلەر تارقىلىش جەريانىدا پۇچىلىنىش، تىتىلىپ كېتىش، ئالدى-كەينىدىن بەزى بەتلىرى يوقاپ كېتىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈش جەريانىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، تەتقىقاتنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرق مەسىلىسى. پۈتۈن تېكىستنى ئىزدەپ تېپىش ئىقتىدارىنىڭ لۇغەت تۈرىدىكى ئەسەرلەرنى تۈزۈش، قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ۋە بەزى كېرەكلىك سانلىق مەلۇماتلار تەتقىقاتى خىزمىتىگە ياردىمى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما پۈتۈن تېكىستنى ئىزدىگەندە، ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتلارنىلا تەمىنلەپ بېرەلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئىزدەشكىلا تايىنىپ، پۈتۈن خىزمەتنى تاماملاش قىيىنغا توختايدۇ. بۇ خىل ئامىللار تەتقىقات خاراكتېرىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### 3. ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداش ھەققىدىكى تەكلىپ-پىكىرلەر

ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، ئۈنۈملۈك پىلان تۈزۈش، بىردەك ئۆلچەم بولۇش كېرەك. ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈشتە ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇنى پىلانلىق، كۆلەملىك خىزمەت سۈپىتىدە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈش ـ قەغەز، سۈرەت قاتارلىق ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى كىتاب، ماتېرىياللارنى كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ رەقەملىك ئۇچۇرلارغا ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈشتە قۇرۇش بىلەن كىرگۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، بىخەتەر بولۇش، ئالاھىدىلىككە كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپىغا رىئايە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندىلا، رەقەملەشتۈرۈلىدىغان ۋەسىقىلەرنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. سىكانلاشنى مىسالغا ئالساق، ئوخشاش فورماتتىكى ۋەسىقىنى سىكانلىغاندا، چوقۇم ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئېنىقلىق دەرىجىسىنىڭ بىر خىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. رەقەملەشتۈرۈپ قوغدىلىدىغان قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنىڭ دائىرىسىنى ئېنىق بېكىتىش ـ خىزمەتنىڭ سىجىل داۋاملىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. چۈنكى، ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر كۆپ خىل تىل، كۆپ خىل يېزىقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر خىل يېزىقتىكىنى رەقەملەشتۈرۈپ، يەنە بىر خىل يېزىقتىكىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. يەنە رەقەملەشتۈرۈلىدىغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ دائىرىسى ئەسەرلەرنىڭ كاتالوگ ۋە تېكىستىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كاتالوگنى رەقەملەشتۈرۈش-- رەقەملەشتۈرۈش خىزمىتىدە ئەڭ بېشىدا ئىشلىنىشكە تېگىشلىك خىزمەت. رەقەملەشتۈرۈشنىڭ ئەمەلىي ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىلىرىدىن ئەسلىي نۇسخىدىكى ئەسەرنى سۈرەتكە ئايلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش، پۈتۈن تېكىستنى كۆنۈپكىسىز رەقەملەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بار. بىز ئىلمىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «قوغداش ئاساس، قۇتقۇزۇش بىرىنچى، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى ساقلاش ۋە قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ھەم پۇختا ئىشلەپ، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، تور بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق، تور مۇھىتىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى ساھەسىدە قوللىنىلىشى بىلەن، بۇ ئەسەرلەر بەزى پۇرسەت ۋە خىرىسلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ئىجتىمائىي ئۇچۇر تەشكىلاتى ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، تورلاشقان باشقۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، تور بىخەتەرلىكى كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. تور بىخەتەرلىكىنى بۇزىدىغان بەزى يامان قىلمىشلارنى ئېتىبارغا ئالغاندا، قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىلىرىنىڭ قەغەز شەكلىنى ياخشى ساقلاش يەنىلا مۇھىم. ئەنئەنىۋى قەغەز

شەكلىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرگە قارىغاندا رەقەملەشتۈرۈلگەن ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلىنىش ھالىتى نىسبەتەن تۇراقسىز بولىدۇ. شۇڭا، بىخەتەرلىك، بولۇپمۇ كومپيۇتېر بىخەتەرلىكى، تېخنىكا بىخەتەرلىكىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ــ رەقەملىك قوغداش خىزمىتىدە سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى.

ئۈچىنچى، رەقەملەشتۈرۈلگەن قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشى ئۈچۈن، قولايلىق بازار سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇلاردىن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئۈچۈن، ئۇ ئەسەرلەرنى توپلاپ، رەتلەپ ۋە تەھرىرلەپ ئۈنۈملۈك دىسكا نۇسخىسىدىكى تور كىتابلىرىنى ئىشلەپ بازارغا سېلىشقا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، بۇنداق ئەسەرلەرنى قوغداشتىكى مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى، بازار ئېچىپ، قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ مەدەنىيەت كەسپىي بازارلىرىدىكى تاۋارلارنىڭ تۈرىنى موللاشتۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى قانۇنسىز ئېلىپ ـ سېتىش قىلمىشلىرىغا زەربە بەرگىلى، مەدەنىيەت بازارلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەرتىپكە سالغىلى بولىدۇ. ئۇچۇر تېخنىكىسى، بولۇپمۇ تور تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە، ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەر ئاپتوماتلىشىشتىن تورلىشىش، رەقەملىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. رەقەملەشتۈرۈپ قوغداشتىكى مەقسەت، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى تېز، توغرا تەمىنلەپ بېرىش، ئۇلاردىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى ئۇچۇرلاشتۇرۇپ قوغدىغاندا، ئۇيغۇرچە تور ئۇچۇر بايلىقىنى موللاشتۇرغىلى بولىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداش ــ ئاممىۋى ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىش ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشنىڭ مۇقەررەر يولى.

قىسقىسى، ھازىرقى زامان ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلغار كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ قەدىمكى ئەسەرلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى رەقەملەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش، ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، قەدىمكى ئەسەرلەر بايلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئىمكانىيىتى ھازىرلاندى. قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداشنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى گەۋدىلىك بولماقتا. نۆۋەتتە، رەقەملەشتۈرۈپ قوغداش ـ قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى قوغداشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈش ــ كەلگۈسى جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇساپىسىدە ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**


1. ئايقىز قادىر، قەيسەر قادىر، تۇرغۇن ئىبراھىم: «ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈش ھەققىدە»، «ئاخبارات ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) 2006 ـ يىللىق 3 ـ سان.

2. ھاجى ئابدۇراخمان باقى: «قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان تارىخ ـ تەزكىرىگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2012 ـ يىللىق 1 ـ سان.

3. گۈلجاھان خۇشدىل: «قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەشكە ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 4 ـ سان.



**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى كۇتۇپخانىسى



**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار

# چىڭ سۇلالىسى ئاخىرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى

رەخمىتۇللا ھەسەن

**مۇھىم مەزمۇنى:** چىڭ سۇلالىسى ئاخىرلىرى شىنجاڭ جەمئىيىتى داۋالغۇشتا تۇرۇۋاتقان، جىددىي بۇرۇلۇش ياساۋاتقان مەزگىل بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئىلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىدا بارلىققا كەلگەن «ئەجنەبىيچىلەر مائارىپ ئىسلاھات ئىدىيەسى»، رۇسىيەدىكى تاتارلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن «جەدىت مائارىپ ئىسلاھات ئىدىيەسى» شىنجاڭغا تارقىلىپ ئۇيغۇر مائارىپ ئىسلاھات ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولغان. ئۇيغۇر مائارىپى ئەنئەنىۋى دىنىي مەكتەپ مائارىپىدىن پەن ـ مەدەنىيەتنى ئاساس، دىنىي مەزمۇنلارنى قوشۇمچە قىلغان يېڭى مەكتەپ مائارىپىغا تەرەققىي قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا يولغا قويۇلغان «يېڭى سىياسەت» مەزگىلىدە، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى راۋاجلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى مەزمۇن، ئۇسۇل ۋە شەكىل قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۆزىدە يېقىنقى زامان مائارىپىغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى؛ ئۇيغۇرلار؛ مائارىپ ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مۇنتىزىم مائارىپى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگونىڭ باشلىرىدا، مەملىكەت ئىچى سىرتىدا كۈنسايىن ئۇلغىيىۋاتقان يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇش دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. بىراق، شىنجاڭ مائارىپى ئىچكى رايونلاردىكى باشقا ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسى يولغا قويغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى مەبلەغ چىقىرىپ قۇرغان يېڭىچە مەكتەپتىن ئىبارەت ئىككى خىل مائارىپ شەكلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك قىيىن ئەھۋالدا تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ ماقالىدە ئىككىنچى بىر خىل مائارىپ شەكلى يەنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خەلق مەبلەغ چىقىرىپ قۇرغان يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى بايان قىلىنىدۇ.

### 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي مەكتەپ مائارىپ ئەنئەنىسى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىسلام دىنى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەن، 10 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئېتىقاد شەكلىگە ئايلانغان، بۇنىڭغا ماس ھالدا مەسچىتلەردە تەسىس قىلىنغان ئىسلام دىنى مەكتەپلىرىمۇ ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاساسلىق شەكلىگە ئايلانغان. ئەنئەنىۋى دىنىي مەكتەپ مائارىپى شەخسنى بىرلىك قىلىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل ئوقۇتۇش تۈزۈمى بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلغانىدى. بۇ خىل مائارىپ سىستېمىسى تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە داۋاملاشقان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى قالاق، بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقانىدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا «مۇسۇلمان بار جايدا مەسچىت

بولىدۇ، مەسچىت بار جايدا دىنىي مەكتەپ بولىدۇ» دەيدىغان قاراش مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپى ئاساسى جەھەتتىن يەنىلا دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتاتتى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە مەسچىتلەر يېزا-كەنتلەرنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە تارقالغان، ئەمما دىنىي مەكتەپلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قۇرۇلغانىدى. دىنىي مەكتەپ مائارىپى «مەدرىسە» ۋە «مەكتەپ» دەپ ئىككى دەرىجىگە ئايرىلغان. ئالدىنقىسى ئالىي مائارىپ بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرقەدەر چوڭ شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان، سانى كۆپ ئەمەس. قەشقەر، يەكەن، كۇچا، خوتەن، ئىلى ۋە چۆچەك قاتارلىق بىر قىسىم مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مەدرىسەلەر قۇرۇلغان. مەسىلەن، 19-ئەسىردە ياقۇپبەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن مەزگىلدە كېڭەيتىپ ياسالغان ھېيتگاھ جامەسىدە 400 ئوقۇغۇچىنىڭ دىنىي بىلىملەردىن تەلىم ئېلىشى ئۈچۈن تەمىنلىگىلى بولىدىغان 100چە سىنىپ ۋە ياتاق بولغان. يەكەندىكى جامە مەسچىتىدە 2000 ئوقۇغۇچىنى ئۆگىنىش سورۇنى ۋە ئاشخانا، ياتاق بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۆيلەر بولغان. كۇچادىكى مەۋلانا ئەرشىددىن مازىرىدا 500 ئوقۇغۇچىنى ياتاق ۋە سىنىپ بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدىغان چوڭ تىپتىكى مەدرىسە مەكتىپى قۇرۇلغان①. ئىلىدىكى «بەيتۇللا مەسچىتى»، چۆچەكتىكى «قىزىل مەسچىتى» قاتارلىقلاردا قۇرۇلغان دىنىي مەكتەپلەرمۇ ناھايىتى داڭلىق ئىدى. بۇ خىلدىكى مەدرىسەلەردە مەخسۇس بەلگىلەنگەن دىنىي ئۆلىمالار دەرس سۆزلەيتتى، ئوقۇغۇچىلار بىر قەدەر چوڭقۇر دىنىي بىلىملەردىن ساۋاق ئالالايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى ئوقۇغۇچىلار يەنە دىنىدىن سىرت بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنەلەيتتى. لېكىن، بۇنداق پۇرسەت ئىنتايىن ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق ئىدى. كېيىنكىسى باشلانغۇچ مائارىپ بولۇپ، يېزا-كەنتلەردە ۋە مۇسۇلمانلار مەھەللىلىرىدىكى چوڭ-كىچىك مەسچىتلەردە، بەزىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە قۇرۇلغان. ئۇ ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلار قاتارلىق مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەنلەرگە قارىتا ئېچىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئەرەب تىل- يېزىقى ۋە ئاساسىي دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنەتتى، مەسىلەن، ئىسلام دىنىي مۇراسىملىرى، دۇئا ئايەتلىرىنى يادلاش ۋە مەنىسىنى بىلىش، ئەرەب يېزىقى ھەرپلىرى، «قۇرئان كەرىم»دىن تاللانما، «قۇرئان كەرىم»دىن تەپسىلىي ئوقۇشلۇق، «سوپى ئاللا يار»، «نەۋائىي»، «خوجا ھاپىز» قاتارلىقلار. پۈتۈن مەزمۇنلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھېسابلىناتتى. نەتىجىسى ئەلالىرى مەدرىسەلەرگە ئۆرلەپ ئۈزلۈكسىز ئوقۇيتتى، شۇنداق بولسىمۇ بۇنداق پۇرسەتكە نائىل بولالايدىغانلار چەكلىك ئىدى. مەدرىسە ۋە مەكتەپ تارىختا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «دىنىي مەكتەپ» دەپ ئاتالغان، ئۇلار يولغا قويغان مائارىپ «دىنىي مائارىپ» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل دىنىي مائارىپ بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتە، دىنىي بىلىملەرنى ئوقۇتۇشقا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى ئوقۇتۇشقا سەل قارىغان. بولۇپمۇ سانى ئىنتايىن كۆپ بولغان «مەكتەپ»لەردە ھەرپلەرنى تونۇش ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن باشقا، ئوقۇغۇچىلار دېگۈدەك باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپلىگەن مەزمۇنلار ئۆلۈك يادلاشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تېگى ماھىيىتىدىن چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن②. ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەن جازاسى بېرىش ئومۇملىشىپ كەتكەن بولغاچقا، پۈتكۈل ئوقۇتۇش جەريانى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچتىن مەھرۇم قالغانىدى. بۇ ھەقتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن شائىر شياۋ شيۇڭ شىنجاڭدا كۆرگەنلىرى توغرىلىق: «يەرلىك كىشىلەر خەت تونۇشنى چوڭ ئىش دەپ بىلىدىكەن، خەت تونۇپ مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇيالىغانلار ئابرۇيلۇق سانىلىدىكەن، ھەممە كىشى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە بۇنداق ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىكەن. ئوقۇتقۇچى ‹ئاخۇنۇم› دەپ ئاتىلىدىكەن، بەزىدە ‹ئۇستاز› دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. سىنىپ ئادەتتە دەرەخ سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ھاۋالىق جايغا قۇرۇلىدىكەن، سىنىپتا ئورۇندۇق يوق

① 马文华：《新疆教育史稿》，新疆教育出版社，2006年版，第8页。

② 任红：《维吾尔族伊斯兰教经堂教育的历史及其影响》，《中国穆斯林》，2008年第2期。

بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى ھەممىسى يەردە ئولتۇرىدىكەن، بۇلۇڭغا بىر ـ ئىككى پاكار ئۈستەل قويۇلىدىكەن. ياز كۈنلىرى دەرەخنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدىكەن. ئومۇمەن ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن ھەر بىر ئوقۇغۇچى خەت يازىدىغانغا بىر پارچە ياغاچ تاختاي ياكى قوي، كالىنىڭ پەي سۆڭىكىنى بىرگە ئالغاچ كېلىپ، ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرىدىكەن. ئاخۇنۇم ئۇنىڭ ئۈستىگە خەت يېزىپ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشىگە تاپشۇرىدىكەن. ياخشى ئۆگىنەلمىگەنلەر چىۋىق بىلەن دەررىلىنىدىكەن»① دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي مەكتەپ مائارىپى تەدرىجىي زاۋاللىققا قاراپ ماڭغان. گەرچە دىنىي مەكتەپلەر ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئوقۇش، يېزىش بىلىملىرىنىمۇ ئۆگەتكەن بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە مەرىپەت تارقىتىش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تارىخىي چەكلىمىلىكى بارغانسېرى روشەنلىشىشكە باشلىغان. ئۇ، دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان دەۋر تەلىپىگە ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

## 2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي مائارىپ ئىسلاھاتى

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شەرق ـ غەرب قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان. ئۇ قەدىمكى دەۋردىكى يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشىدىن يېقىنقى زاماندىكى يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشىغا قەدەر، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمدە تېخىمۇ يىراقتىكى غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. جۇڭگو سىرتقا ئېچىۋېتىلىش، ئوكيان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ دەرۋازىسى ھېسابلانغان. ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ساپ قۇرۇقلۇق مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم جاي ئىدى. يېقىنقى زاماندىن بېرى، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى ياپونىيەگە، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەنگلىيە، ئامېرىكىغا تەقلىد قىلىپ مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويغان، شۇنىڭدىن تارتىپ ئوكيان مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ياۋروپا يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىدا «جۇڭگوچە ئىلىملەرنى ئاساس قىلىش، غەرب بىلىملىرىدىن پايدىلىنىش»دىن ئىبارەت ئەجنەبىيچىلىك مائارىپ ئىسلاھات ئىدىيەسى ئوتتۇرىغا چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، رۇسىيە تاتارلىرى ئارىسىدا ئەنئەنىۋى دىنىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان «جەدىت مائارىپ ئىسلاھات ئىدىيەسى» ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئوخشاشلا ياۋروپا مائارىپى ئاساسىدا ئەنئەنىۋى مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى شىنجاڭ شەرق ـ غەرب مائارىپ ئىدىيەلىرى ئۇچرىشىدىغان، توپلىنىدىغان جاي بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەلگىلىك تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىلا دىنىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىم ۋە ئۇرۇنۇشلار بارلىققا كەلگەن. شىنجاڭدا بولۇپمۇ قەشقەر ۋە غۇلجىدا مەدەنىيەت دەرسلىرىنى قوشۇمچە قىلغان دىنىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلگەن.

جەدىت مائارىپىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر مائارىپىغا كۆرسەتكەن بىۋاستە تەسىرى ئۇيغۇرلار مائارىپ جەھەتتە بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئاساس تۇرغۇزغاندىن كېيىنكى يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن جەدىت مائارىپ ئىدىيەسى تارقىلىشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى ئۈستىدە توختىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. بۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مائارىپ ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى شىنجاڭ يېقىنقى زامان مائارىپ

---

① 吴蔼宸：《历代西域诗抄》，新疆人民出版社，1982 年版，第 286 页。

ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىدە تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان مۇسابايېۋ جەمەتى ۋە غۇلجىدىكى بىرقىسىم سودا كاپىتالىستلىرى ئىدى.

مۇسا ھاجى (1809~1895) ئاتۇشلۇق بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدا قەشقەردە باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن بۇخاراغا بېرىپ ئالىي دىنىي مائارىپنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ بىلىمى مول بولۇپ، ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىنى بىلەتتى. ئېلىمىزنىڭ ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتىدىن ئىلھام ئالغان مۇسا ھاجى خەلقئارا سودا پائالىيىتى بىلەن پائال شۇغۇللانغان، سودا مۇناسىۋىتى بىلەن رۇسىيەگە كۆپ قېتىم بارغاچقا «مۇسابايېۋ» دەپ ئاتالغان①. ھەج قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلگىرى مەككىگە بارغان②. 1870 ـ يىلى سودا مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەگە بارغان③. بۇ جەرياندا، ئۇ چەت ئەلنىڭ يېڭى مەكتەپ مائارىپىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي مائارىپىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقىغان، بولۇپمۇ دىنىي مائارىپنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا نارازى بولغان. شۇڭا، ئۇ مەدرىسە مائارىپىنىڭ پەننىي مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. قەشقەر مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان مەزگىللەردە قازان، بۇخارا، باغدات قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي ئالىملارنى قەشقەرگە كېلىپ چەت ئەل تىلى، تارىخ، ئاسترونومىيە، ھېساب، ئوقۇش ـ يېزىش قاتارلىق دەرسلەرنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى بېيىتقان④. ئۇنىڭ مەرىپەتچىلىك پائالىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، ئۇ ئۆز ئۆيىدە 300 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب بار كىتابخانىدىن بىرنى ئېچىپ، پەرزەنتلىرى ۋە تالىپلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا تەمىنلەپ بەرگەن⑤.

دىنىي مەكتەپلەر پەننىي مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش قىيىن بولغان شارائىتتا، مۇسا ھاجىنىڭ كىتابخانىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئائىلىۋى دىندىن خالىي مەكتەپلىك رولىنى ئويناپ، ئائىلىسىدە ئىسلاھاتچىلىق روھىغا ئىگە ياش ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە پايدىلىق بولغان. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئۇيغۇر دىنىي مائارىپ ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى بولۇشقا مۇناسىپ. مۇسا ھاجىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسى تاتار دىنىي مائارىپ ئىسلاھاتچىلىرى ئىدىيەسىدىن ئىلھام ئالغانمۇ ـ يوق؟ نۆۋەتتە، تاتار جەدىت مائارىپىنىڭ بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىغۇدەك ۋەسىقىلەر بايقالمىدى. لېكىن، غەربتىكى رايونلاردىكى سودا ساياھەتكە بولغان قىزىقىش مۇسا ھاجىنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ دىنىي مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

مۇسا ھاجىنىڭ مائارىپ ئىسلاھات ئىدىيەسىنىڭ ئوغلى باھاۋۇدۇنباي (1851~1928 ـ يىللار)غا بولغان تەسىرى چوڭ بولغان. ئۇ 1870 ـ يىلى ئاتىسىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسە»نىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنى تەگشەپ ئەسلىدىكى دەرسلەر ئاساسىدا تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ھېساب قاتارلىق دەرسلەرنى قوشۇپ سۆزلەشكە ئۇرۇنغان⑥. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان. 1873 ـ يىلى ئۇ ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەدەنىيەت دەرسلىرىنى قوشۇمچە قىلغان مەكتەپ ئاچقان⑦. بۇ مەكتەپمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي خۇراپىي ئېقىمنىڭ زەربىسىگە

① 魏长洪:《近代新疆民族工业的代表 — 伊犁玉山巴依制革厂》,《新疆大学学报》1993 年第 4 期.

② ئىبراھىم ئالىپ تېكىن: «ھۆسەينىيە روھى ۋە تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 8 ـ بەت.

③ ئىبراھىم ئايۇپ: «ئاتۇش مائارىپچىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، 33 ـ بەت.

④ ئىبراھىم ئالىپ تېكىن: «ھۆسەينىيە روھى ۋە تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 215 ـ بەت.

⑤ ئېزىزوف ئابدۇللا: «مۇسابايوف كارخانىسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 28 ـ قىسىم، 194 ـ بەت.

⑥ ئىبراھىم ئالىپ تېكىن: «ھۆسەينىيە روھى ۋە تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

⑦ ئىبراھىم ئايۇپ: «ئاتۇش مائارىپچىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، 11 ـ بەت.

ئۇچراپ تاقىلىشقا مەجبۇر بولغان.

ئوخشاش بىر مەزگىلدە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىمۇ ئۇيغۇر دىنىي مائارىپ ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى قانات يايغان. بۇ يەرلەردە دىنىي مائارىپقا ئالاقىدار ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئەينى ۋاقىتتا، رۇسىيەنىڭ قازان شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەن زاھىد، راشىدىن، مەنسۇر قاتارلىق كىشىلەر مەدرىسەلەرنىڭ پەننىي مەزمۇنلارنى كۆپلەپ تەسىس قىلىشىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى ۋە سەۋىيەسىگە قاراپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان①. 1870 ـ يىلى باھاۋۇدۇنباي ئىلىدىكى مەشھۇر ئالىم ناسىر ئەلەم ئاخۇننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، بەيتۇللا مەسچىتىگە قاراشلىق دىنىي مەكتەپتە باشلامچىلىق قىلىپ ھېساب، تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، گۈزەل سەنئەت (رەسساملىق) ۋە شېئىر قاتارلىق مەدەنىيەت دەرسلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. لېكىن، بۇ بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. 1875 ـ يىلى ئۇ مەبلەغ چىقىرىپ، بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ يېنىدا بىر زال ۋە ئۈچ سىنىپى بار مەكتەپ قۇرغان. مەكتەپتە دىنىي مەزمۇنلاردىن باشقا مەدەنىيەت بىلىملىرى سۆزلەنگەن②. 1880 ـ يىلى ئەيسا خەلپە ۋە ھاشىر خەلپەلەر غۇلجا شەھىرى ئوردا مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەسلىدىكى دىنىي مەزمۇنلارغا بىر قىسىم پەننىي مەزمۇنلارنى قوشقان③. 1880 ـ يىلى مەرىپەتپەرۋەر زات غوجامبەردى خەلپەتنىڭ تەشەببۇسى ۋە مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن قورغاس مازار يېزىسىدىكى ھاپىز باي مەسچىتىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە پەننىي ۋە دىنىي مەزمۇنلار قوشۇپ ئوقۇتۇلىدىغان 4 سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، 60 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتقان. دىنىي دەرسلەردىن باشقا، ئانا تىل، خۇشخەت ۋە ھېساب قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتۇلغان④. قاينۇق يېزىسىدا ئوقۇپ بەلگىلىك مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن مەرىپەتپەرۋەر مۇھەممەت باراتسوفى ھاجى 1885 ـ يىلىدىن ئىلگىرى قاينۇق چوڭ مەسچىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كارىدورلۇق ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇپ، دىنىي مەزمۇنلاردىن باشقا يەنە ھېساب، ئەخلاق، خەتتاتلىق قاتارلىق پەننىي مەزمۇنلارنى ئوقۇتقان⑤. 1902 ـ يىلى ئىسكەندەر دوۋەنبەگ ھاجىم، نەمەخۇن ئىمام قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن كونا قاينۇق مەھەللىسىدىكى مەيداندا كۆلىمى تېخىمۇ زور بولغان كارىدورلۇق تۆت سىنىپ ۋە بىر ئىشخانىدىن تەركىب تاپقان مەكتەپ قۇرۇپ، دىنىي مەزمۇنلاردىن باشقا ھېساب، ئەخلاق، خەتتاتلىق، چاغاتاي يېزىقى، تارىخ قاتارلىق پەننىي مەزمۇنلارنى سۆزلىگەن⑥.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70~80 ـ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋە ئىلى رايونلىرىدا دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەرگەن، ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا پەننىي مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىشتا ئىپادىلەنگەن. ئىسلاھاتنىڭ كۆلىمى ۋە تەسىرى چوڭ بولمىغان، تەكرار ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇنۇشلار كۆپىنچە ئەھۋالدا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ كونا مائارىپ تۈزۈمى ۋە مائارىپ مەزمۇنى بىلەن زامانىۋىلىشىش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتنى ئېچىپ بەرگەن. دىنىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ يېڭى مەكتەپ قۇرۇش كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ۋەزىپە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئالغا

① غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تۈزگەن: «ئۈمىد يۇلتۇزى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى، 2001 ـ يىلى باسمىسى، 223 ـ بەت.

② 李国强:《穆萨巴耶夫家族与伊犁的近代工业及教育》,《中共伊犁州委党校学报》2003 年第 2 期.

③ ئەيساجان مۇسا، ئىمىن ئىبراھىم: «ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى، (1~5)، 328 ـ بەت.

④ نەسىردىن ئىمىروپ، مۇھەممەت قادىر: «قورغاس ناھىيەسىنىڭ پەننىي مائارىپ تارىخىدىن دېرەكلەر»، ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» 11 ـ قىسىم، 203 ـ بەت.

⑤ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى قاينۇق يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ تۈزگەن: «بۇلاق»، ئۈرۈمچى گۇاڭسەي باسمىچىلىقى، 2006 ـ يىلى باسمىسى، 15 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 16 ـ بەت.

ئىلگىرىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك ھالقا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. مەكتەپنىڭ دىنىنىڭ چۈشەكلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تەسىس قىلىشى، مىللىي مائارىپ تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ھېسابلىنىدۇ①.

### 3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۆتاڭ مائارىپ ئىسلاھاتى

ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى ئەجنەبىيچىلەر قۇرۇپ چىققان يېڭىچە شۆتاڭ (学堂) مەكتەپ مائارىپىدىن باشلانغان. «شۆتاڭ» دېگەن سۆز دەسلەپتە ئوتتۇرىغا چىققاندا، چەت ئەل تىلى ۋە چەت ئەل تېخنىكىسىنى ئۆگىنىدىغان ئورگاننى بىلدۈرگەنىدى. مەسىلەن، 1862 ـ يىلى قۇرۇلغان بېيجىڭ دارىلفۇنۇنى يېقىنقى زاماندىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چەت ئەل تىلى تەرجىمانلىرىنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. 1867 ـ يىلى قۇرۇلغان فۇجيەن كېمىسازلىق شۆتاڭى ئوقۇغۇچىلارغا چەت ئەل تېخنىكىسىنى ئۆگەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، تاكى جياۋۇ يىلىدىكى جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلىغىچە بولغان پۈتكۈل ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتى جەريانىدا، ئەجنەبىيچىلەر 40 قا يېقىن يېڭىچە شۆتاڭ مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ چىققان. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاسترونومىيە، ھېساب، جۇغراپىيە قاتارلىق پەننىي دەرسلەر تەسىس قىلىنغان②. شۇنىڭ بىلەن، 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، «شۆتاڭ» سۆزى ياۋروپاچە بىلىملەرنى سۆزلەيدىغان ئورگاننى بىلدۈرىدىغان بولغان. جەمئىيەتنىڭ يېڭىچە مائارىپقا بولغان ئېھتىياجى ۋە كىشىلەرنىڭ پەننىي مائارىپ ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، يېڭى سىياسەت مەزگىلىگە كەلگەندە، «شۆتاڭ» سۆزى يېڭىچە مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ قالغان③.

ئىچكى ئۆلكىلەردە قانات يارغان شۆتاڭ مەكتەپلىرىنى قۇرۇش شامىلى ئۇز نۆۋىتىدە شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغان. رۇسىيە بىلەن بولغان سودا ۋە باشقا ئالاقە ئىشلىرىغا چۈشكەن ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى 1887 ـ يىلى شىنجاڭدا رۇس تىلى تەرجىمانلىق مەكتىپىنى قۇرغان④. 1905 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى خانلىق ئىمتىھان تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يېڭىچە شۆتاڭ مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىدىغانلىقنى جاكارلىغان. كېيىنكى يىلى شىنجاڭدا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مائارىپىنى باشقۇرىدىغان مائارىپ مۇپەتتىشى تەسىس قىلىنغان. ھۆكۈمەتنىڭ پائال تەشەببۇسى ۋە تۈرتكىسى بىلەن شىنجاڭدا تۈرلۈك شۆتاڭ مەكتەپلىرى بەس ـ بەستە قۇرۇلۇشقا باشلىغان. بۇ توغرىلىق ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن يەكەنلىك غۇلام مۇھەممەدخان: «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى پەرمان چۈشۈرۈپ قۇمۇلدىن قەشقەر، خوتەنگىچە بولغان بارلىق مۇسۇلمان ئولتۇراق رايونلىرىدا باشلانغۇچ شۆتاڭ مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ چىقتى، شەھەرلەردە 12 ئورۇندا، بەگلىكلەردە 6دىن كۆپ ئورۇندا، يېزىلاردا بىرەر ئورۇندا مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەرگە قىز، ئوغۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، 8 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپلەرنىڭ سانى يىلسېرى كۆپەيدى، ئومۇمەن 25 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق جايدا بىر مەكتەپ قۇرۇلدى»⑤ دېگەنىدى. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يېڭى سىياسەت ئېلان قىلىنىپ 1910 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭدا ھەر خىل شۆتاڭدىن 606 سى قۇرۇلغان⑥. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭنىڭ تۇنجى مائارىپ مۇپەتتىشى دۇتوڭ خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ يېزىق،

---

① 新疆教育年鉴编辑室：《新疆教育大事记(公元 520 — 1998)》，新疆教育出版社，1999 年版，第 13 页。

② 王冬凌：《试论洋务运动时期新式学堂中的科学教育》，《辽宁师范大学学报》(社会科学版)，2003 年第 6 期。

③ 章小谦：《为什么清末教育机构被称作 "学堂" ?—民国元年学堂改学校考(一)》，《华东师范大学学报》(教育科学版)，2003 年第 4 期。

④ 杨益茂：《洋务运动时期的新式教育》，《北京社会科学》，1996 年第 1 期。

⑤ Masami hamada, La Transmission du Mouvement Nationaliste au Turkestan Oriental (Xinjiang) , Central Asian Survey, Vol. 1, 1990.

⑥ 赵云田：《清末新政期间新疆文化教育的发展》，《西域研究》，2002 年第 2 期 .

دىنىي ـ ئېتىقاد جەھەتلەردىكى پەرقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنى ئوقۇتقاندىن كۆرە ئۇيغۇرلار ئۆز خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتقىنى تۈزۈك دەپ قاراپ، ھەقسىز مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى پېداگوگىكا خاراكتېرلىك شۆتاڭلاردا ئوقۇتۇپ، تۆۋەنلەردە مەكتەپ باشقۇرۇش ۋەزىپىسىگە قويغاچقا، مائارىپنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئومۇملىشىشىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1908 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشى ئۈچۈن قۇرۇلغان شۆتاڭلار 80دىن ئاشقان①. دېمەك، بۇ مەزگىلدە قۇرۇلغان شۆتاڭلارنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قاپلىنىش دائىرىسىمۇ كەڭ بولغان بولۇپ، شۆتاڭلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تەكشى دېگۈدەك تارقالغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى بىر قىسىم شۆتاڭ مەكتەپلىرى ئۇيغۇر ۋاكىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى شۆتاڭ مەكتەپ تەربىيەسى ئالغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۈستىگە ئالغان. ئۇيغۇرلار قۇرغان شۆتاڭ مەكتەپلىرى ئاساسەن شەرقىي شىنجاڭنىڭ قۇمۇل، تۇرپان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۇچا قاتارلىق جايلىرىغا مەركەزلىك جايلاشقان، باشقا جايلارغا تارقاق جايلاشقان.

قۇمۇل شىنجاڭ بويىچە خېلى بۇرۇن شۆتاڭ مەكتىپى قۇرۇلغان رايونلارنىڭ بىرى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1758 ـ يىلى گازارما مەكتىپى ئاچقان. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قۇمۇلدا 1850 ـ يىللاردىلا ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى ئاساس قىلىدىغان مەكتەپ بار بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ قادىر ھاجى تۆگلىك دېگەن كىشى بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ 1857 ـ يىلى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، تۇرپان ئامبال مەھكىمىسىدە تەرجىمان بولغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، يەنە كۇچا ۋە تۇرپاندا باش چېرىكچىبەگ بولغان②. 1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇپ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، شاھ مەخسۇت ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ۋاڭ ئوردىسىدىن مەبلەغ چىقىرىپ ئىككى ئورۇندا ھەقسىز مەكتەپ ئاچقان. ئۇنىڭ بىرى ئوردا دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا، يەنە بىرى كونا شەھەر غەربىي دەرۋازىسىنىڭ تېشىدىكى دورىلىق دەپ ئاتالغان يەردە ئېچىلغان. شاھ مەخسۇت 1886 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گۇاڭشۈي خاننىڭ ھوزۇرىغا سالامغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كونا شەھەر جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا يەنە ئىككى ھەقسىز مەكتەپ ئاچقان. كېيىن بۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆتېرغول بىلىم يۇرتى دەپ ئاتىغان③. 1906 ـ يىلى شاھ مەخسۇت چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شۆتاڭ مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىش پەرمانىغا ماسلىشىپ، ئۆتېرغول بىلىم يۇرتىنى خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى 1 ـ ۋە 2 ـ شۆتاڭ مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. 1909 ـ يىلى يەنە ئوردا باش دەرۋازىسى سىرتىدىكى خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى خەنزۇچە مەكتەپنى ئاددىي ساۋات چىقىرىش شۆتاڭ مەكتىپىگە ئۆزگەرتكەن.

قۇمۇلدىكى شۆتاڭ مەكتەپلىرىگە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ، «ئۈچ سۆزلۈك دەستۇر»، «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر»، «ئۇيغۇر تىلى»، «مانجۇ تىلى» ۋە «دىن» دەرسى سۆزلەنگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار جەنۇبىي شىنجاڭغا مەمۇرىي ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن④. مەسىلەن، 4 ـ ئەۋلاد يۈسۈپ ۋاڭ قەشقەرگە ھاكىمبەگ ۋە مەسلىھەتچى ئامبال بولغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قۇمۇللۇق تەرجىمانلار قويۇلغان⑤.

تۇرپاندا ئىمىن ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1908 ـ ، 1909 ـ يىللىرى ئۈچ ئورۇندا ئۇيغۇر شۆتاڭى قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇسۇسىي مەكتەپلەر بولۇپ، باشلانغۇچ شۆتاڭدىن بىرى، خەنزۇ تىلى

① 周泓：《民国时期新疆民族宗教教育与国民教育的并行》，《西北民族研究》，2001 年第 2 期.

② مۇھەممەت يۈسۈپ: «قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان.

③ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

④ 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会：《新疆通志・教育志》，新疆教育出版社，2006 年版，第 22 页.

⑤ مۇھەممەت يۈسۈپ: «قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان.

شۆتاڭدىن بىرى، قوشۇمچە باشلانغۇچ ساۋات چىقىرىش مەكتىپىدىن بىرى بار ئىدى. بۇ ئۈچ مەكتەپتە جەمئىي ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچى، 72 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى①.

ئاقسۇدا هاكىمبەگ مامۇت ئابدۇللانىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن، 1791 ـ يىلى بىر ئورۇندا مانجۇ تىلى مەكتىپى تەسىس قىلىنغان. بۇ مەكتەپتە ئاقسۇنىڭ خان ئامبىلى فۇجۇ تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بىر نەپەر مانجۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە مانجۇ تىلى ۋە قائىدە-يوسۇنلاردىن دەرس بەرگەنىدى. بۇ، شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مانجۇ تىلى مەكتىپى هېسابلىنىدۇ. دەرسخانىدا ئۇيغۇر تىلى ياردەمچى تىل سۈپىتىدە قوللىنىلغان②.

كۇچادا مۇهەممەد ئىمىن ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئالتە ئورۇندا ئۇيغۇر شۆتاڭى قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ هەممىسى خۇسۇسى مەكتەپلەر بولۇپ، ئۈچ ئورۇندىكىسى خەنزۇ تىلى شۆتاڭى، ئۈچ ئورۇندىكىسى باشلانغۇچ ساۋات چىقىرىش شۆتاڭى ئىدى③.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شىنجاڭنىڭ لوپنۇر ۋە بۈگۈر قاتارلىق ناهىيەلىرىدىمۇ ئۇيغۇر بەگلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ شۆتاڭ مەكتەپ مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىش هەرىكىتى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغانىدى. لوپنۇردا ئۆتكەن ناسىر بەگنىڭ خەنزۇچىدىن خېلى ساۋادى بولغاچقا، بىر تۇغقان ئىنىسى ئەيسا بەگنى خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇتۇپ شۇسەي دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشتۈرگەن. ئەيسا بەگ ئۆزىنىڭ خەنزۇ تىلى جەهەتتىكى بىلىمىگە تايىنىپ، كېيىنچە يەنى 1920 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە هۆكۈمەت تەستىقى بىلەن تىكەنلىكتە شۆتاڭ مەكتىپى ئېچىپ، 40~50 بالىنى خەنزۇچە ئوقۇتقان. بۇ بالىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى خەنزۇچىدا خېلى ياخشى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. بەزىلىرى هۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلغان، بەزىلىرى تەرجىمان بولغان④. بۈگۈر ناهىيەسىدە شۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) يەتتە ئورۇندا شۆتاڭ مەكتىپى قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن جۇكەيلى، دەرۋىش ۋە ئىمام ئىسمىلىك ئوقۇتقۇچىلار داڭلىق ئىدى. دەرۋىش دېگەن كىشى يامۇلدا تەسىس قىلىنغان شۆتاڭ مەكتەپتە خەنزۇ تىلى، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ئىمام ئىسمىلىك ئوقۇتقۇچى بۈگۈرنىڭ يىڭىسار دېگەن يېرىدە شۆتاڭ مەكتىپى ئېچىپ، ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان⑤.

ئىچكىرىگە بېرىپ ئوقۇغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر شۆتاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك هەسسە قوشقان. شاھ مەخسۇتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قۇمۇلدىن كۆسۇ كىچىك سۇبۇر، كۆسۇر خەلپە، مانجۇ قۇربان، مانجۇ يۇسۇپ قاتارلىق سەككىز كىشى بېيجىڭدا تۆت يىل مانجۇ تىلىدا ئوقۇغان. بۇ كىشىلەر قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1900 ـ يىلى شەهەر ئىچى يېزىسىدىكى كۆسۇ خەلپە هويلىسىدا مانجۇچە تەرجىمانلار مەكتىپى ئېچىپ، يەهيا، مەمەتنىياز، يۇسۇپ، ئىبراهىم، قۇربان، گالى قاتارلىق 20دەك ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقان. بۇ مەكتەپ 1912 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇ مەكتەپتە ۋە بېيجىڭدا مانجۇچە ئوقۇغانلار «مانجۇ» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغان⑥. مارالبېشىلىق دەرۋىش ناسىر ئىسىملىك كىشى تىرىكچىلىك قىلىپ گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي شەهىرىگە بېرىپ، 1863 ـ يىلىدىن 1867 ـ يىلىغىچە خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەتلىك ئىمتىهاندىن ئۆتۈپ، شىنجاڭنىڭ بۈگۈر ناهىيەسىگە كېلىپ مەنسەپدار بولغان ۋە مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ بۈگۈر خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم

---

① 赵云田:《清末新政期间新疆文化教育的发展》,《西域研究》, 2002 年第 2 期.

② 郭 兰:《简析清代新疆的双语教育》,《民族教育研究》, 2008 年第 6 期 .

③ 赵云田:《清末新政期间新疆文化教育的发展》,《西域研究》, 2002 年第 2 期 .

④ غۇلامىدىن ئەيسا: «لوپنۇردا ئۆتكەن ناسىربەگ»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 48 ـ قىسىم، 197 ـ بەت.

⑤ جۇمە سېتى: «بۈگۈر مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 49 ـ قىسىم، 112 ـ بەت.

⑥ مۇهەممەت يۇسۇپ: «قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان.

بېرىشى بىلەن بازار ئىچىگە بىر مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلىنى ئۆگەتكەن ھەم شۇ مەكتەپنىڭ مەسئۇلى بولغان. ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىن مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۇرگەن①.

شۆتاڭ مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەنزۇ ۋە مانجۇ تىللىرىنى بىلىدىغان كىشىلەر كۆپىيىشكە باشلىغان. ئۇلار خەنزۇ، مانجۇ تىللىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، زو زۇڭتاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇشىغا قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى كاڭشى خاننىڭ «‹16 پارچە باياننامىسى› نىڭ قوشۇمچە قانۇن ماددىلىرىدىن توپلام»نى ئورۇمچى ۋە قۇمۇلدا باستۇرۇپ، «قانۇن كىتابى» دېگەن نام بىلەن تارقاتقان②. شۇنجى خان 1655 ـ يىلى ئېلان قىلغان «خاننىڭ ياخشى ئىشلارغا راۋاج بېرىدىغان زەررىن سۆزلىرى» قەشقەردە مۇھەممەد قازى ۋە تالىپ مىرزالارنىڭ ياردىمىدە 1893 ـ يىلى مانجۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتاب شېرىپ ھاجى ئوغلى نۇرمۇھەممەد ھاجىنىڭ باسمىخانىسىدا ئۈچ قېتىمدا 7500 پارچە بېسىلىپ، ھەممىسى يەرلىك ئاھالىلەرگە ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلگەن③.

شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، ھۆكۈمەت تەشەببۇس قىلغان، جۇملىدىن ئۇيغۇر ۋاڭ، گۇڭلار قول تىقىپ قۇرغان شۆتاڭ مەكتەپلىرى جەمئىيەتتە ھەرخىل ئىنكاسلارنى پەيدا قىلغان. بىر ئېقىمدىكىلەر فېئودال خۇراپىي كۈچلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ مەكتەپلەرنى «يولدىن چىققان، ئىمانغا دەخلى يەتكۈزىدىغان مەكتەپ» دەپ قارىغان ھەمدە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇشىنى توسقان. يەنە بىر ئېقىمدىكىلەر گەرچە دىنىي ساھەدىكى زاتلار بولسىمۇ، ئۇلار شۆتاڭ مەكتەپ مائارىپىنى قوللاش تەرەپتە تۇرغان. مەسىلەن، كورلىدىكى ئەممەت ئەلەم ئاخۇنۇم: «مۇسۇلمان پەرزەنتى تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگىنىشى زۆرۈر... خەنزۇچە ئۆگىنىشمۇ بىر ئىلىم، بۇ ئىماننى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ دېيىش ئەپسانىلىك»④ دەپ قاراپ، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇپ بىلىم ئۆزلەشتۈرۈشىنى ئىككىلەنمەستىن قوللىغان. شۇنىڭ بىلەن كورلا رايونىدا تۇنجى «دۆڭ شۆتاڭ» مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

شۆتاڭ مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلىشى ـ مىللىي مەمۇرىي خادىملار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا ئىجابىي رول ئوينىغان. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى شۆتاڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ خەنزۇچە ساۋادىنى چىقىرىش بىلەن بىللە، يەنە بەزى پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، بىلىم دائىرىسى ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەلۇم يېڭىچە قاراشقا ئىگە بولغان. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە بەلگىلىك يول ئېچىلغان. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن قۇرۇلغان بۇنداق مەكتەپلەر مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

## 4. چىڭ سۇلالىسى ئاخىرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەدىت مائارىپ ئىسلاھاتى

جەدىت ـ ئەرەبچىدىكى «ئۇسۇلى جەدىت» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەنىسى «يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» دېگەنلىك بولىدۇ⑤. «جەدىت مائارىپى» مەكتەپلەردە ئىلگىرى قوللىنىپ

---

① ئەبەيدۇللا بەكىيا، ئوسمان روزى: «مەشھۇر زات دەرۋىش دۆبىگى»، «بوگۇر تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ قىسىم، 132 ـ بەت.

② Masami hamada, La Transmission du Mouvement Nationaliste au Turkestan Oriental (Xinjiang), Central Asian Survey, Vol. 1, 1990.

③ 转引自滨田正美著:《民族主义运动在新疆的传播》,《中亚杂志》1991 年第 4 期。

④ ئابلا سايىت، باۋۇدۇن چوڭ: «كورلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر دىنىي ئۆلىما ۋە مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زاتلار، ئاتاقلىق مەسچىت، مەدرىسە مەكتەپلەر توغرىسىدا»، «بايىنغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى» 7 ـ قىسىم، 44 ـ بەت.

⑤ Adeeb Khalid, The politics of Muslim Cultural Reform, University of California press, 1998, p. 93. Dr. İbrahım Maraş, Türk Dünyasında Dini Yenileşme (1850–1917), İstanbul, 2002, 37–46.

كەلگەن ھەرپ مېتودىنى ئاۋاز مېتودىغا ئۆزگەرتىش، ئانا تىلى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش، ھېساب، جۇغراپىيە قاتارلىق پەننىي دەرسلەرنى سۆزلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى غەربنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىنى ئاساس قىلىپ، ئەنئەنىۋى دىنىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

دەۋرنىڭ تەرەققىياتى مائارىپنىڭ چوقۇم تىپ ياسىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇندىلا تارىخنىڭ ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشالايدۇ. بۇ دەل شىنجاڭ ئۇيغۇر مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ چىقىش يولى ئىدى. ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى مائارىپ، شۇنىڭدەك روسىيە تاتارلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان جەدىت مائارىپى ئۇيغۇرلارغا زور ئىلھام ئېلىپ كەلگەن، بولۇپمۇ تاتار جەمئىيىتىدە ئىسمايىل غاسپىرالى 1884 ـ يىلى باخچا سارايدا قۇرغان ئۈلگىلىك مەكتەپنىڭ سىنىپنى بىرلىك قىلغان ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، «ئاۋاز مېتودى ئارقىلىق ئوقۇش يېزىشنى ئۆگىتىش ئۇسۇلى» شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن ھەمدە ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغان①. چۈنكى، تاتارلار بىلەن ئۇيغۇرلار تىل، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئارقا كۆرۈنۈشى جەھەتتە ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى مىللەت ئوخشاشلا ئەنئەنىۋى دىنىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشتەك قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەنىدى. بىراق، تاتارلارنىڭ ئويغىنىش قەدىمى ئۇيغۇرلاردىن بۇرۇن باشلانغان. تاتارلار خېلى بۇرۇن ياۋروپا مائارىپى بىلەن ئۇچراشقان، خېلى بۇرۇن دىنىي مائارىپ ئىسلاھات ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ دىنىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇسۇلنى تاپقان ھەمدە بىرقەدەر ئىلغار مائارىپ ئىدىيەسى ۋە ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاتارلار يېڭى مائارىپ جىددىي ئېھتىياجلىق دەرسلىك كىتاب، ئوقۇتۇش پىروگراممىسى ۋە دەرس سېتكىسى قاتارلىق تەرەپلەردە بىرقەدەر ياخشى شارائىتلارنى ھازىرلىغانىدى. بۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ئۆگىنىش ئۈلگىسى تىكلەپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، شىنجاڭدا تاتار جەدىت مائارىپ ئەندىزىسىگە تەقلىد قىلىنغان يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغان.

شىنجاڭدا جەدىت مەكتىپى ئەڭ بۇرۇن قاچان، قەيەردە قۇرۇلغان؟ دېگەن مەسىلە يازما ۋەسىقىلەرنىڭ كەم بولۇشى سەۋەبلىك، نۆۋەتتە ئىلىم ئەھلىلىرى تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، يازما ۋەسىقە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، پېشقەدەملەرنىڭ ئاغزاكى ئىسپاتىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر مائارىپشۇناس ۋە تارىخشۇناسلىرى جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق شۇ ۋاقىتتىكى ھايات شاھىدلارنىڭ ئاغزاكى ئىسپاتىغا ئاساسەن، «1885 ـ يىلى ئاتۇش ئىكساقتا قۇرۇلغان ‹ھۈسەينىيە مەكتىپى› نى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى جەدىت مەكتىپىدۇر» دېگەن ئەقلىي خۇلاسىنى چىقارغان ھەمدە ئۇيغۇر ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. بىراق بۇ خۇلاسە يېقىنقى يىللاردىن بېرى چەت ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن مەنبەلەرگە ئۇيغۇن كەلمىگەچكە، بىزدە بىر قىسىم گۇمانىي قارشىلارنى پەيدا قىلدى، ھەتتا ئالدىنقىلارنىڭ ئەقلىي خۇلاسىسى خاتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ قالغانمىدۇ، دەيدىغان خىياللارنىمۇ پەيدا قىلدى. دەرھەقىقەت، بۇ ھەقىقەتەن جاۋاب بېرىش قىيىن ۋە مۇشكۇل مەسىلىنىڭ بىرى. بىراق، مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىكەن، ئۇنىڭغا چوقۇم جاۋاب بېرىشىمىز زۆرۈر. مېنىڭچە، بىز بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتە، يېقىنقى زاماندا ئۇيغۇرلار ئىچىدە كىملەرنىڭ مىللەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەنئەنىۋى ئادەتنىڭ چۈشەكلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دىنىي مائارىپقا قارشى تۇغ كۆتۈرۈپ، يېڭىچە مائارىپنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بېرەلىگەنلىكىگە قارىشىمىز كېرەك. كۆپلىگەن ئاغزاكى ئىسپات ۋە يازما ۋەسىقىلەرگە قارىغاندا، ئاتۇشنىڭ ئىكساق دېگەن يېرىدىن كېلىپ چىققان مۇسابايېف پەرزەنتلىرىدىن ھۈسەينباي ۋە باھاۋۇدۇنبايلارنى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەدىد مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىللىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بېرى ئۇيغۇر ھايات شاھىدلار ئاغزاكى پاكىتلار ئارقىلىق تەكرار ئىسپاتلىغان. بۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئايدىڭ بولغاچقا، قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىز. تۆۋەندە ھۈسەينباي ۋە باھاۋۇدۇنبايلار ياشىغان دەۋردە

① 王柯：「東トルキスタン共和国研究」，東大出版会，１９９５，９．

شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان چەت ئەللىكلەرنىڭ ھۆسەيىنباي ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىگە قاراپ باقايلى. سىكرىن ۋە پامىلا نايتىنگېيلار ھىندىستان ۋە باشقا چەت ئەل ھۆكۈمەت مەنبەلىرى ئاساسىدا يازغان «ماكارتنى قەشقەردە ـ ئىنگلىز، خەنزۇ ۋە رۇسلارنىڭ 1890 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى شىنجاڭدىكى پائالىيەت ئەھۋالىدىن يېڭى مەلۇمات» ناملىق ئەسىرىدە: «قەشقەرگە يېقىن ئاتۇش دېگەن يۇرتتا ھۆسەيىنباي ئىسىملىك مىليونېر سودىگەر بار بولۇپ، ئۇ قەشقەردىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. ئۇ بىر تەربىيە كۆرگەن، شۇنداقلا دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ساياھەت قىلغان كىشى ئىدى. ئۇ تەربىيەلىنىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەر ئارىسىغا ئىجادكارلىق روھى ئېلىپ كەلگەن ھەمدە بىر قىسىم ياشلارنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقارغۇزغانىدى»① دەپ يازغان. شۋېتسىيە دىن تارقىتىش جەمئىيىتىگە قاتنىشىپ 1896 ـ يىلىدىن 1921 ـ يىلىغىچە قەشقەر ۋە يەكەندە دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان رېكۇۋت «قاسىم ئاخۇننىڭ شىنجاڭنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى توغرىلىق ئىستانبۇلدىكى كامىل ئەپەندىگە يازغان خېتى» ناملىق قول يازمىسىدا ھۆسەيىنبايىنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى توغرىلىق تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. ئۇ قوليازمىسىدا، قەشقەردىن قاسىم ئاخۇن ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزىدە مۇكەممەل ئىسلام مائارىپ تەربىيەسى ئېلىش ۋە تۈركىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ زامانىۋى تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن كونستانتىنپولغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى، بىراق ئۇنىڭ ئاۋۋال كونستانتىنوپولدىكى ئامېرىكا مىسسىئونېرلار مەكتىپىدە، كېيىن يەنە بېيرۇتتىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ غەربتىكى ئەللەرگە ساياھەت ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «قەشقەر خەلقى ئىستانبۇل ۋە بېيرۇت قاتارلىق شەھەرلەرگە كېلىپ تۇراتتى. قاسىم ئاخۇن تاغىسى ھۆسەيىنباي يېتەكچىلىكىدىكى باي سودىگەر ئائىلىدىن كېلىپ چىققانىدى. ھۆسەيىنباي قەشقەرنى مەركەز قىلىپ ئەتراپتىكى ئەللەر بىلەن سودا ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرغانىدى. بۇ، دەل پوتكۇل سودا كارۋان ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مەزگىل ئىدى. ھۆسەيىنباي قەشقەرلىك سودىگەر ئائىلىسىنىڭ يولباشچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ دائىرىلىك ساياھەت ئېلىپ بارغان، كونستانتىنوپول ۋە موسكۋاغا بېرىپلا قالماستىن، يەنە بېرلىن ۋە پارىژغىمۇ بارغانىدى. بۇ ساياھەتلەر ئۇنىڭ ئىدىيەسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئارقىدا قالغانلىقىنى، زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن غەربتىن زور دەرىجىدە ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى»②. (داۋامى كېيىنكى ساندا)

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن

① C.P. Skrine and Pamela Nightingale. Macartney at kashgar. New light on British, Chinese and Russian Activities in Sinkiang 1890_1918. London. 1973. 157, 162, 248.

② Gunnar Jarring. The Back ground of Raquette's Essay. Social and Educational Conditions in Southern Sinkiang in the First Decades of the 20th century. Scripta Minora(1975_1976), Indiana University Libraries, Bloomington. p7.

# فىقھى ئىلمى ۋە بەزى فىقھى ئىختىلاپلار توغرىسىدا

ئەخمەتجان ھەسەن

مۇھىم مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە فىقھى ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشى، بەزى فىقھى ئىختىلاپلار ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى بىرقەدەر ئەتراپلىق بايان قىلىنىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: فىقھى ئىلمى؛ فىقھى ئىختىلاپلار

فىقھى ئىلمىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى نامى «ئۇسۇلى فىقھە» بولۇپ، ئۇ «ئۇسۇل» ۋە «فىقھە»دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. «ئۇسۇل» ئەرەب تىلىدا «يىلتىز»، «ئاساس»، «ئۇل» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى نەرسىلەرنىڭ ئاستى قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ سۆز «دەلىل»، «ئۇسۇل»، «قائىدە»، «پىرىنسىپ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «فىقھە» سۆزى ئەرەب تىلىدا «بىر نەرسىنى بىلىش»، «چۈشىنىش» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ سۆز «مۇتلەق بىلىش»، «چۈشىنىش» مەنىسىدە قوللىنىلماستىن، بەلكى «سۆزلىگۈچىنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىش»، «چوڭقۇر چۈشەنچە»، «مۇكەممەل بىلىم» مەنىسىدە قوللىنىلغان. يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مۇكەممەل بىلىش دېگەن مەنىدە كەلگەن.

«ئۇسۇلى فىقھە»نىڭ يۇقىرىقىدەك لۇغەت مەنىسىدىن باشقا، بۇ سۆزنىڭ فىقھشۇناسلىقتىكى ئىستېمال مەنىسى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار بولغان شەرئى ھۆكۈملەرنى «پەرز» ياكى «ۋاجىب» (ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان ئىش)، «مۇستەھەب» (ياخشى ھېسابلانغان ئىش)، «مۇباھ» ياكى «جايىز» (رۇخسەت قىلىنغان ئىش)، «مەكرۇھ» (يىرگىنىشلىك ئىش)، «ھارام» (شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىش) لارنى دەلىللىرى بىلەن بىلىش دېگەندىن ئىبارەت.

## 1. فىقھى ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئۇسۇلى فىقھى ـ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا گەرچە خاتىرىلەنمىگەن، مەخسۇس بىر پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرى ئاشۇ زاماننىڭ ئۆزىدىلا مەۋجۇت بولۇپ، ساھابىلەر، تابىئىنلار تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇنلا قوللىنىلغان. چۈنكى، «فىقھە» شەرىئەتنى «چۈشىنىش» ۋاستىسى بولغان بىر خىل دىنىي پەن بولۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئۆزى دەل فەقىھلەر (ئالىم-ئۆلىما، مۇجتەھىدلەر) ئاللانىڭ ئەمرىنى «چۈشىنىش» ئارقىلىق بەرپا قىلغان ۋە دائىرىسى كەڭ بولغان قانۇنلار سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولغاچقا، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا فەقىھلەر شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈرگۈزۈش ۋاقتىدا ئۇنىڭ مۇقەددەس مەنبەسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. شۇ ۋەجىدىن ئىسلام شەرىئىتىدە بايان قىلىنغان ھۆكۈملەر «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىف، ئىجماھ① ۋە قىياس②تىن ئىبارەت تۆت مەنبەنى ئاساس قىلىپ كەلگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئۇسۇلى فىقھى ئىلمىنىڭ خاتىرىلەنمەسلىكى، مەخسۇس بىر پەن

---

① ئىجماھ ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەرقانداق بىر دەۋردە يۈز بەرگەن دىنىي ئەمەلىي مەسىلىلەرنىڭ شەرئى ھۆكمىگە قارىتا «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىفتە ئوچۇق دەلىل بولمىغان ئەھۋالدا، مۇسۇلمان مۇجتەھىد ئالىملىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى چىقىش قىلىپ، ئاشۇ مەسىلىنىڭ ھۆكۈمىدە بىرلىككە كېلىشى.

② قىياس ـ يېڭىدىن يۈز بەرگەن، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفتە ئېنىق كۆرسەتمە بېرىلمىگەن مەسىلىگە ھۆكۈم چىقىرىشتا ، ئەقلىي يول بىلەن شەرىئەتكە مۇۋاپىق خۇلاسە چىقىرىشنىڭ بىردىنبىر قانۇنىي ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى ئۇنىڭغا ئېھتىياج بولمىغانلىقىدىندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز بەرگەن بارلىق مەسىلىلەرگە ئۆزى بىۋاستە جاۋاب بېرەتتى. ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىر كىشىنىڭ دەلىللەردىن ئىجتىھات قىلىپ ھۆكۈم ئېلىشى بىھاجەت ئىدى. پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگە يېقىنلىشىشى، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويۇشى ـ ساھابىلەر ئىچىدىكى ئالىم ـ ئۆلىما، مۇجتەھىد كىشىلەردىن مۇسۇلمانلار تۇرپى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنى ۋە ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئىسلام ئوخشىمىغان قەبىلە ۋە يۇرت ئادەملىرى ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىغان بولۇپ، يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئالدىدا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنىش، ئۇلارغا ئەمەل قىلىش، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلاش ۋەزىپىسى تۇراتتى. تەبىئىيكى، ياش ساھابىلەر پېشقەدەم ساھابىلەردىن، يېڭى مۇسۇلمانلار كونا مۇسۇلمانلاردىن شەرئىي مەسىلىلەرنى سوراشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشتا مول دىنىي بىلىمى ۋە ئۆتكۈر زېھنى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان ساھابىلەر، جۈملىدىن تۆت خەلىپە (ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى)، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھالارنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى ھايات تارىخىدىن، ئاھالىسى مۇسۇلمان بولغان يىراق يۇرتىكىلەرگە ساھابىلەر ئىچىدىكى ئالىم ـ ئۆلىما كىشىلەرنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش، ئۇلار ھاياتىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلارنى ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەمەنگە مۇئاز ئىبنى جەبەلنى ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىش ئالدىدا ئۇ كىشىنى چاقىرتىپ: « ‹ئۇ يەردە سەن بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسەڭ، نېمىگە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىسەن؟› دەپ سورىغان. مۇئاز ئىبنى جەبەل: ‹ئاللانىڭ كىتابى بىلەن› دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللانىڭ كىتابىدىن تاپالمىساڭچۇ؟› دەپ سورىغان. مۇئاز ئىبنى جەبەل: ‹ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن› دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىنمۇ تاپالمىساڭچۇ؟› دەپ سورىغان. شۇئان مۇئاز ئىبنى جەبەل قاراپ تۇرماستىن: ‹پىكرىم بىلەن ئىجتىھاد قىلىمەن› دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جاۋابتىن ئاجايىپ خۇرسەند بولغان ۋە ‹ئاللا رەسۇلىنىڭ ۋەكىلىنى، ئاللانى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى رازى قىلىدىغان نەرسىگە مۇۋەپپەق قىلغان ئاللا تائالاغا ھەمدى سانالار بولسۇن› دېگەن①. دېمەك، بارچە ھەدىس كىتابلىرىدا كەلتۈرۈلگەن بۇ ۋەقە ئەسىرلەر داۋامىدا فەقىھلىرىمىزنىڭ يېڭىدىن يېڭى ئىلمىي چوققىلارغا ئۆرلىشىگە، ئىجتىھاد قىلىشىغا ئىلھام بولدى.

لېكىن، تابىئىنلەر دەۋرىدىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەتراپتىكى ئەجەملەر (غەيرىي ئەرەبلەر) ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشى، ئەرەبلەرنىڭ باشقا تىلدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە، ئىسلامىي مەسىلىلەرگە ئىجتىھات قىلىپ ھۆكۈم بېرىدىغان، پەتىۋا بېرىدىغانلار كۆپەيدى. تالاش ـ تارتىشلار مەيدانغا چىقتى. ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇرىدىغان، مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىشتا ئۆزى خالىغان پىرىنسىپلارنى ئىشلىتىدىغان ئەھۋال يۈز بەردى. بولۇپمۇ ئاشۇ ۋاقىتتا «پىكىر تەرەپدارلىرى»② بىلەن «ھەدىس تەرەپدارلىرى»③ ئوتتۇرىسىدا شەرىئەتنىڭ مەنبەسى مەسىلىسى ئۈستىدە بولغان تالاش ـ تارتىش

---

① [مىسىرلىق] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 6 ـ بەت.

② «پىكىر تەرەپدارلىرى» ـ ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدىكى ئىككى چوڭ فىقھە ئېقىمىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەرەبچە «ئەھلى رەئيى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەر «ھەدىس تەرەپدارلىرى»نىڭ ئەكسىچە، ئۆز پىكرىنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى قىلىپ، ئۇنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسكە قوشۇمچە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

③ «ھەدىس تەرەپدارلىرى» ـ ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدىكى ئىككى چوڭ فىقھە ئېقىمىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەرەبچە «ئەھلى ھەدىس» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەر «پىكىر تەرەپدارلىرى»نىڭ ئەكسىچە، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈزۈشتە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىلا ئاساس قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، «قۇرئان كەرىم»دە ياكى ھەدىستە ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن شەرىئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە كېسىپ ھۆكۈم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى «پىكىر» بويىچە ئىزاھلاشقا يول قويمايدۇ.

ھەممىدىن گەۋدىلىك بولغان. پىكىر تەرەپدارلىرى ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى جانلىق تۈزۈپ چىققان؛ كېيىنرەك باش كۆتۈرۈپ چىققان «ھەدىس تەرەپدارلىرى» ئەقلىنى ئىشقا سېلىشنى ياقتۇرماي ۋە چەتكە قېقىپ، ئىسلام ئەخلاقىنى تەكىتلەپ، ھەدىسنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈزۈشنىڭ تۈپ ئاساسى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئىككى تەرەپ ھە دەپ تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان پەيتتە، ئەينى دەۋردىكى داڭلىق مۇجتەھىد ئالىملار ئىجتىھات قىلىش قائىدىلىرى، ئۇنىڭ شەرتلىرى، دەلىل ئېلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ھەممە كىشى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆلچەم خاراكتېرلىق پرىنسىپلار يېزىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە شەرىئەت مەنبەسى مەسىلىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەر قوبۇل قىلالايدىغان پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان، فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىنى مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرىتىپ يېزىپ چىققان كىشى ئىسلام دىنىدىكى تۆت چوڭ فىقھى مەزھەپنىڭ بىرى بولغان شافىئىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئىي بولۇپ، ئۇ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈزۈشتە نېمىنى ئاساس قىلىش مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئارىلىقتىكى نەزەرىيەنى يەنى مۇكەممەل بىر نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىمام شافىئىي ياش چاغلىرىدا مەككە، مەدىنە، باغداد، دىمەشىق ۋە كۇفە قاتارلىق شەھەرلەردىكى چوڭ-چوڭ ئىسلام دىنى مەدرىسەلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. جۈملىدىن مەدىنە شەھىرىگە بېرىپ ئىسلام دىنىدىكى تۆت چوڭ فىقھى مەزھەپنىڭ بىرى بولغان مالىكى مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى ئىمام مالىكنىڭ قولىدا ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن باغدات ۋە كۇفە شەھەرلىرىگە بېرىپ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ چوڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد ھەسەن شەيبانىدىن ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ فىقھى ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئانا يۇرتى مەككىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمانى دەپ نام ئالغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى تولۇق ئىگىلىگەن. دېمەك، ئىمام شافىئىي ئەنە شۇنداق كەڭ دائىرىلىك بىلىمى ۋە مول تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ھەر خىل قاراش ۋە دەلىل ئېلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى فىقھى پرىنسىپلىرى ھەققىدە مۇكەممەل بىر نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىمام شافىئىي نۇرغۇن جايلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، شۇ جايلارنىڭ فىقھە ئىلمى جەھەتتىكى ئەنئەنىلىرى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ، كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە بىرەر ئىلىم ئېقىمىنىڭ كۆز قارىشى بىلەن چەكلىنىپ قالمىغانىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ مۇھىم شەرتى بولدى. ئۇنىڭ فىقھە ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى شەرىئەت مەسىلىسىدە يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى كونا چۈشەنچىلەرگە يېڭى مەزمۇن بەرگەنلىكىدىمۇ كۆرۈلدى. ئۇ ئەقلىيلىق بىلەن ۋەھيىنى بىرلەشتۈرۈپ، شەرىئەت مەنبەسى توغرىسىدا بىرقەدەر پۇختا نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «پىكىر تەرەپدارلىرى» بىلەن «ھەدىس تەرەپدارلىرى» ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراشتۇرۇپ، فىقھە ئىلمىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق كىرىزىسنى ناھايىتى ياخشى ھەل قىلغان. ئۇنىڭ «كىتابۇلئۇممى» ناملىق فىقھە ئەسىرى كېيىنكى ئالىملار تەرىپىدىن فىقھەشۇناسلىقتىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەر دەپ قارالغان. ئۇ بۇ ئەسىرىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈم بايان قىلىش ئەھۋاللىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى بايان قىلىدىغانلىقى، ئىجمائىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى، قىياس ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرالايدىغان دەلىللەر، ھۆكۈمى ئەمەلدىن قالغان دەلىللەر، يالغۇز كىشىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستىن ھۆكۈم ئېلىش يوللىرى قانداق بولىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئىجتىھاتقا ئالاقىدار قائىدىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلغان. دېمەك، ئىمام شافىئىي بېكىتكەن بۇ پرىنسىپ شۇ زاماندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈزۈشنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان نەزەرىيەسى بولۇپ كەلگەچكە، ھازىرمۇ شۇنىڭغا ئەمەل قىلىنماقتا.

## 2. فىقھى ئىختىلاپلار

ئىسلام فىقھى ئىلىملىرى تارىخىدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، گەرچە ئىمام شافىئىينىڭ فىقھە نەزەرىيەسى بىردەك قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى تۈگىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. چۈنكى، ھەرقايسى جايلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئادەتلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، فەقىھلەرنىڭ ئەھكاملارنى چۈشەندۈرۈشىمۇ ئوخشاش بولمىغان. شۇنداق قىلىپ كېيىنكى چاغلاردا سۈننىي مەزھىپىدە تۆت فىقھە مەزھەپ (ھەنەفىي مەزھىپى، مالىكى مەزھىپى، شافىئىي مەزھىپى ۋە ھەنبەلىي مەزھىپى) شەكىللەندى، شىئە مەزھىپىدىمۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قانۇن سىستېمىسى ۋە فىقھە مەزھىپى پەيدا بولدى. بۇ يەردە ئاساسلىقى سۈننىي مەزھىپىدىكى فىقھە مەزھەپلەر توغرىسىدا توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، شىئە مەزھىپىنىڭ قانۇن سىستېمىسى ۋە فىقھە مەزھەپلىرى ھەققىدە پىكىر بايان قىلمايمىز.

سۈننىي مەزھىپىنىڭ تۆت فىقھە مەزھىپى دىنىي مەسىلەك ھەم دىنىي گۇرۇھمۇ ئەمەس، بەلكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرىدىغان ئىلمىي ئېقىم بولۇپ، ئورتاق فىقھە مەنبەسىگە ۋە شەرىئەت پىرىنسىپلىرىغا ئىگە، ئۇلارنىڭ تۈپ سىستېمىسى ۋە ئاساسىي ئەھكام تۈزۈملىرىمۇ ئوخشاش، پەقەت تولۇقلىما خاراكتېرىدىكى شەرىئەت مەنبەسى ۋە بەزى بەلگىلىمە جەھەتتىلا بىر ـ بىرىدىن ئاز ـ تولا پەرقلىنىدۇ. تارقىلىش دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، ھەنەفىي مەزھىپى غەربىي ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە جۇڭگو (دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 10 ئاز سانلىق مىللەت ئىسلاملاشقان ۋاقتىدىن تارتىپ ئومۇمەن ھەنەفىي مەزھىپىگە ئەگىشىپ كەلگەن) قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مالىكىي مەزھىپى ئاساسەن شىمالىي ئافرىقا، غەربىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا ئافرىقا رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان؛ شافىئىي مەزھىپى شەرقىي ئافرىقا، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، تۆۋەنكى مىسىر ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان؛ ھەنبەلىي مەزھىپى بولسا ۋەھھابىيلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ قانۇن ئىلمى ئېقىمى بولۇپ قالغان.

ئەمما، ئىسلامىي ئىلىمنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان فىقھىي ئىلىملەر ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرغۇنلۇق ئاقىۋىتىدە، كىشىلەردە فىقھىدىن چەتنەش ئەھۋاللىرى بۇرۇنقىدىن بەكرەك كۆرۈلۈشكە باشلىدى. زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەپ فىقھە ئىلمىگە مۇراجىئەت قىلغان كىشىلەر ئۈنىڭدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى گەپنى كۆرگەندىن كېيىن، فىقھە ئىلمىدىن چەتنەشكە باشلىدى.

دىنىي مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار ئىچىدە، پەقەت فىقھى ئىلىمنىڭ ئەسىرلەر بويى تۇرغۇنلۇقتا تۇرۇپ قېلىشىلا ئەمەس، يەنە فىقھىنى مەھكەم تۇتتۇم دەپ مۇتەئەسسىپلىككە ئۆتۈپ قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ مەۋجۇت دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. ھازىر ئەنە شۇ نەرسە ئادەملەرنى جۇملىدىن ياش ئەۋلادلارنى فىقھى ئىلمىدىن يىراقلاشتۇرۇۋاتقانلىقى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

فىقھى مەزھەپلەر تارىخىدىن قىسمەن ئوخشىماسلىقلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇنى بەزى كىشىلەر دىنغا زىيان يەتكۈزگۈچى شەخسىي ئىختىلاپلار دەپ ئويلايدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇنى تەنقىد قىلىدۇ ھەم قارىلايدۇ. بەزىدە فىقھى مەزھەپلەرنى ئىنكار قىلىپ مەزھەپسىزلىككە چاقىرغۇچىلارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار 1000 نەچچە يىل يىللىق ئىسلام تارىخىدا باشتىن ـ ئاخىر ناھايىتى ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مەلۇم بىر تائىپىگە مەنسۇپ كىشىلەردۇر، خالاس. بۇنداق ئادەملەر ئاساسەن فىقھىدىن بىخەۋەر، ئىلىم بېغىغا ئەمدى قەدەم قويغان ياكى ھەقىقىي ئىلىمدىن بىخەۋەر قالغان ئادەملەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىچە فىقھى مەزھەپچىلىكنى ئەيىب ۋە نۇقسان دەپ بىلىدۇ. ئۆز پىكىرلىرىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە ھەتتا ئۇلۇغ مەزھەپ ئاساسچىلىرى بولغان ئىماملارغا تىل تەككۈزۈشكە يېتىپ بارىدۇ. بۇ ھەقتە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيەسى مۇدىرى دوكتور ئەھمەد مۇھەممەد مۇكرىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەر زامان ئىسلام

فىقھىنى ئۆز ئىلىملىرى بىلەن بېيىتقان مۇجتەھىد ئىماملار، ئاتاقلىق ئۆلىمالارغا قارشى تەنقىتلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئادەتتە بۇنداق تەنقىتلەر، ئۆلىمالارنى تەنقىتلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرى، ئۇسۇللىرى ۋە قائىدىلىرىگە نەزەر سېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن بولىدۇ»①. بۇ پىكىرنى ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى قوللىغان بولۇپ، مەيلى بۇرۇن ياكى ھازىر بولسۇن، ئۆلىمالار فىقھى مەزھەپلەرنى ئىنكار قىلغۇچى تائىپە ۋە شەخسلەرگە رەددىيە بېرىپ كەلگەن. جۈملىدىن سۈرىيەلىك ئالىم مۇھەممەد سەئىد رامىزان بۇتىي مەزھەپسىزلىككە چاقىرغۇچىلارنى «ئىسلامدىكى ئەڭ خەتەرلىك بىدئەتچىلەر دەپ، مەزھەپسىزلىكنى دىنسىزلىققا ئېلىپ بارغۇچى كۆۋرۈك دەپ ئاتايدۇ»②. باشقا ئۆلىمالارمۇ شۇ خىل پىكىرنى قوللاپ كەلگەن. مەزھەپنى ئىنكار قىلغۇچىلار: «قۇرئان ۋە سۈننەت تۇرغان يەردە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي، يەنى ئاللانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنى قىلماستىن، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئېيتقانلىرىنى قىلىمىزمۇ؟»③ دېيىشىدۇ. ئۇلار يەنە: «مەزھەپلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بولمىغان. دېمەك، ئۇ بىدئەت نەرسە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق كېرەك»④ دېيىشىدۇ.

دېمەك، مەزھەپ تەرەپدارلىرى بىلەن مەزھەپنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەھۋال بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەشكەچكە، ئارىدا كېلىشەلمەسلىك، ئۇرۇش، جەڭگە ـ جېدەل كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە ئىختىلاپ ئاساسەن مەزھەپنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىن كېلىپ چىقماقتا، مەزھەپنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنى نارازى قىلماقتا.

رايونىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت خەلقى ئىسلاملاشقان تارىختىن بۇيان فىقھە جەھەتتە ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەگە يەنى ھەنەفىيە مەزھىپىگە ئەگەشكەن. لېكىن، جەمئىيەتتە بەزى بىلىمسىز، نادان ئادەملەر ئارىمىزغا بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقى چېچىپ، بىز ئەگىشىۋاتقان مەزھەپنى ئىنكار قىلىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە تىل تەككۈزۈۋاتىدۇ، ئۇ زاتنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ. مەسىلەن، رايونىمىزدىكى مەزھەپسىزلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلىدىن بىرى: «ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسمىنىڭ نوئمان ئىبنى سابىت ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكى، قايسى مەھەللىدە، قايسى كوچىدا ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىز بىر ئادەمگە ئەگىشىدىكەنمىز، بىلىپ ئەگىشەيلى، سىلەر ئىمام ئەزەمنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئەگەشكۈچىلار دېگەن گەپ ھاياتلارغا ئەگەشكۈچىلار دېگەنلىك بولۇپ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە ئەگەشكۈچىلار دېگەن گەپ ئەمەس. سىلەر ئىمام ئەزەمنى ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا شېرىك قىلىۋالدىڭلار» دېگەن. مېنىڭچە، بۇ كىشىنىڭ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ تارىختىن ئازراق خەۋىرى بولغان بولسا، ئۇنداق دېمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئىسلام دۇنياسى ئېتىراپ قىلغان ئۇلۇغ مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ ئىسلام دىنى يەنى ئىسلام فىقھە ئىلمى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان زاتتۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە تىل تەككۈزۈۋاتقان ئاشۇ كىشىلەر بىرەر ئادەمنى ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ باقتىمۇ؟ بىرەر پارچە كىتاب يېزىپ باقتىمۇ؟ ئۇلار ئازراق تەرجىمە كىتاب ئوقۇۋېلىپ ياكى ئازراق ئەرەب تىلى بىلىۋېلىپ ناھايىتى چوڭ سۆزلەيدۇ. ھەقىقىي ئوقۇغان، بىلىملىك كىشىلەر ئەبۇ ھەنىفەگە توغرا باھا بېرىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، فىقھى مەزھەپكە ئەمەل قىلىش ــ قۇرئان ۋە سۈننەتنى تەرك قىلىپ، ئۆزىمىزگە ئوخشاش بىر ئىنساننىڭ ئېيتقانلىرىغا ئەمەل قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. بىزدىكى تۆت فىقھى مەزھەپنىڭ ئاساسچىلىرى سۈننىي مەزھىپىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەللامەلىرىدۇر. ئۇلار ئەقىدە بابىدا ھېچقانداق خاتا ئىش قىلغىنى يوق، قىلىشى ھەم مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، شۇنداق كاتتا ئۆلىمالار

① http://www. fraset. com

② ئابدۇلقادىر بىن شەيبەت ئەلھەمىد: «دىن ۋە فىرقە»، سەئۇدى ئەرەبىستان مەدىنە دار زامان مەتبەسى، 2003 ـ يىلى ئەرەبچە نەشرى، 86 ـ بەت..

③ «ھىدايەت» (ئۆزبېكچە) ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 8 ـ سان، 37 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى ژۇرنال، 38 ـ بەت.

كىشىلەرنى قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىشقا چاقىرماي، ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىگە چاقىرىشى مەنتىقىگە ئەسلا توغرا كەلمەيدۇ. فىقھى مەزھەپ ئۆلىمالىرى قۇرئان ۋە سۈننەتنى كىشىلەرگە ئاسانلىق بىلەن چۈشەندۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلىش يوللىرىنى ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇلار ھېچقاچان ئۆزلىرىنى ئىلاھلاشتۇرمىغان ياكى قانداقتۇر ئۇستۈنلۈك تەلەپ قىلمىغان، بەلكى ئۆز مېھنەتلىرى، ئىلىم، ئەدەب ۋە تەقۋالىقى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىغا سازاۋەر بولغان زاتلاردۇر.

ھىجرەت يۇرتى ئىمامى نامىغا مۇشەررەپ بولغان ئىمام مالىكنى ئالايلى، ئۇ كىشى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يىرىك مۇھەددىسى بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئەھلىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ھەدىسنى ھەممىدىن كۆپ ۋە ياخشى بىلگەن ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ «مۇۋەتتا مالىك» ناملىق كىتابى (1826 ھەدىس بار) «سىھاھى سىتتە» (ئالتە مەشھۇر ھەدىس كىتابى)نىڭ بىرى بولۇشقا لايىق. شۇنداق بولغاندا، ئىمام مالىكنىڭ ھەدىس توپلىمى، ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىملار كىتابىدىن كېيىن 3 ـ كىتاب بولۇشى مۇقەررەر.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بولسا ھەدىس ئىلمىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ «مۇسنەدۇ ئەھمەد» ناملىق كىتابى ئەڭ مۆتىبەر كىتابلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كىشى بۇ كىتابىدا كەلتۈرگەن تەكرار ھەدىس 26 مىڭ 363، تەكرارلانمىغانلىرى 9339. ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەدۇ ئەھمەد» ناملىق ھەدىسلەر توپلىمىدا ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ كىتابلىرىدىمۇ ئۇچرىمايدىغان سەھىھ ھەدىسلەر بار.

قالغان مۇھەددىس ئالىملارمۇ فىقھىي مەزھەپلەرگە تەۋە بولۇشنى ئۆزلىرىگە نومۇس بىلمىگەن. ئىمام بۇخارىي، ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام تىرمىزىي، ئىمام نەسەئىيگە ئوخشاش سەھىھ ۋە ئەڭ مەرتىۋىلىك ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى ھەم تۆت فىقھى مەزھەپتىن بىرىگە تەۋە بولغان. باشقا مۇھەددىسلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يول تۇتقان. دېمەك، فىقھىي مەزھەپكە ئەمەل قىلىش ھەدىسنى قويۇپ بىراۋنىڭ پىكرىگە ئەگىشىش دېگەنلىك ئەمەس. ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قويۇپ پالانچىغا ياكى پوكۇنچىغا ئەگىشىش دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەقلىيلىق بىلەن ئەگىشىش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، ئۆزىمىز بىرەر ھەدىسنى تولۇق يادقا بىلمەي تۇرۇپ، نۇرغۇن ھەدىسلەرنى يادقا بىلگەن، ئۇنى ھەممە جەھەتتىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلغان مۇھەددىسلاردىن ئۆزىمىزنى يۇقىرى قويمايلى. بىر ـ ئىككى ھەدىس مەنىسىنى چala ـ پۇلا چۈشىنىۋېلىپ، بۇرۇنقى ئۆلىما ـ ئۇستازلارغا تاش ئېتىپ ئەيىۋھاناس سالمايلى. ئۇنىڭ ئورنىغا ھەدىسلەرنى كۆپرەك ۋە چوڭقۇرراق ئۆگىنىشكە ھەرىكەت قىلايلى. شۇنداق قىلغاندىلا ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىغا چۈشىدۇ.

### 3. فىقھى ئىختىلاپلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

نۆۋەتتە، بىرقىسىم ئىماملىرىمىز ۋە ئۆلىمالىرىمىزنىڭ دىنىي بىلىمى تازا يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، قۇرئان، ھەدىستىن خاتا ھۆكۈم چىقىرىۋالىدىغان، ئەرەب تىلىدىن بىخەۋەر ھالدا قۇرئان، ھەدىستىن ئۆز رايى بىلەن ھۆكۈم ئالىدىغان، ھەتتا ئىلگىرىكى ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ئەمگىكىگە، ئۇلارنىڭ ئىجتىھات ۋە ئىزدىنىشلىرىگە توغرا قارىمايدىغان، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلدۈرمەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. فىقھى ئىختىلاپلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە بىزنىڭ قارىشىمىز:

بىرىنچى، زامانىمىزدىكى ھەر بىر ئىمام، ئۆلىمالىرىمىز شۇنداقلا ئۆزىنى «ئىمام» ياكى «ئۆلىما» ھېسابلايدىغانلار فىقھى پىرىنسىپلىرى ئىلمىنى باشلامچى بولۇپ ئۆگىنىشى ۋە بىلىشى زۆرۈر. بولۇپمۇ ئىلگىرى ئۆتكەن مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى توغرا تونۇپ ۋە قەدىرلەپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيىتىمىزگە لايىق ئۆلىمالاردىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشى زۆرۈر.

ئىككىنچى، ھەرقايسى مەزھەپلەرگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە ھۆرمەت بىلەن قاراش كېرەك. بىر ئىشتا بىر مەزھەپكە، ئىككىنچى بىر ئىشتا يەنە باشقا بىر مەزھەپكە ئەگىشىش دۇرۇس ئەمەس.

ئۈچىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن فىقھى ئىلمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ،

ئىسلام دىنى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ فىقھى ئىلمىغا ئېھتىياجى چۈشىدۇ. بۈگۈنكى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بۇرۇنقى مۇجتەھىد، ئالىم ـ ئۆلىمالار قالدۇرۇپ كەتكەن فىقھى مىراستىن پايدىلىنىشىنىڭلا ئۆزى كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى، دەۋر ۋە ھايات ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب تېپىشتا فىقھى كېرەك بولىدۇ، شۇنداقلا بىلىم قۇرۇلمىسىنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۈستۈرۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، ئىلىم ئەھلىلىرى ئىلىمنى پۇختا ئىگىلىشى، كىشىلەرنى ئىختىلاپقا سېلىش ئورنىغا ئۇلارنى ئىختىلاپتىن چىقىرىش ھەققىدە قايغۇرۇشى، ئۇنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي، ئىجابىي خىزمەتلەرنى ئىشلىشى، ئەگەر بەزى مەسىلىلەردە ئوخشىمىغان پىكىردە بولۇپ قالسا، ئۇنى دەرھال ئېتىقادچى ئامما ئىچىگە ئېلىپ كىرمەسلىكى كېرەك. قىسقىسى، ھەممىمىز ئىختىلاپقا قارشى كۈرەش قىلىشىمىز، ئىختىلاپقا سەۋەب بولىدىغان يوللارنى توسۇشىمىز لازىم.

ھازىر خەلقئارادا ئىسلام دىنى ۋەزىيىتى بىرقەدەر مۇرەككەپ، دىنىي ئەسەبىيلىك رايونىمىز مۇسۇلمانلىرىغىمۇ بەزى ناچار تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بەزى جايلاردىكى ئاز ساندىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەر تېخى «دىنىي ئەقىدىلەرنى سۆزلەپ، دىنىي تەرغىبات قىلىش» نامى بىلەن، ئۆزلىرىنى «ھەقىقىي مۇسۇلمان» دەپ ئاتىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ قارىشىنى توغرا دەپ قاراپ، باشقىلارغا پەسەنت قىلماي، ئىتتىپاقلىق، تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىسلام ئالىملىرى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلماستىن، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرگە چېك ئېسىلىۋېلىپ، خەلق ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ ساھابىلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلار ئىسلام دىنىنى تولۇق چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، مەسىلىلەرگە توغرا يەكۈن چىقىراتتى. ئاددىي مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ بىر ـ بىرىگە ئاداۋەت ساقلىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تونۇپ، ئۇلارنىڭ خىسلەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تىلغا ئېلىشىمىز، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشىمىز، ھەرگىزمۇ ئۇلارغا تىل تەككۈزمەسلىكىمىز، ھەسەت قىلماسلىقىمىز لازىم. بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بۆلۈنۈشتىن كېيىنكى ئېغىر ئاقىۋەتتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز لازىم. بۇ، دىنىنىڭ تەقەززاسى، جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك تەلىپى.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن

# ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈر ۋە ئۇنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەھلىل

ئالىمجان توختى، مېھرىگۇل مامۇت

مۇھىم مەزمۇنى: شەكىللەنمە گىرامماتىكا رامكىسىدا گىرامماتىكىلىق تۈرلەر لېكسىكىلىق تۈر ۋە فۇنكسىيەلىك تۈر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈر ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم بۇ فۇنكسىيەلىك تۈرلەر يادرولۇق تەركىب سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، يەنى لېكسىكىلىق تۈر بىلەن فۇنكسىيەلىك تۈر بىرىكىپ ھاسىل بولغان قۇرۇلما ـ فۇنكسىيەلىك تۈرنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەمما فۇنكسىيەلىك تۈرگە تەۋە بولغان بەزى تەركىبلەر ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالمايدۇ. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر ۋە ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكى ھەم شەكىل ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** فۇنكسىيەلىك تۈر؛ شەكىل ئالاھىدىلىكى؛ شەكىللەنمە گىرامماتىكىسى

---

شەكىللەنمە گىرامماتىكىسىدا سۆزلەر سىنتاكسىسلىق ئۆلچەم بويىچە سۆز تۈرلىرىگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئۆلچەم بويىچە ئايرىلغان سۆزلەر گىرامماتىكىلىق تۈر① دەپ ئاتىلىدۇ. سىنتاكسىسلىق ئۆلچەم دېگىنىمىز، سىنتاكسىسلىق تەركىبلەرنىڭ ئورۇنلىشىش ئۆلچىمىدۇر. شەكىللەنمە گىرامماتىكىسىدىكى گىرامماتىكىلىق تۈر ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدىكى سۆز تۈركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەكىللەنمە گىرامماتىكىسىدىكى گىرامماتىكىلىق تۈر ئالدى بىلەن گىرامماتىكىلىق تۈرنىڭ لېكسىكىلىق مەنە (实质意义)گە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىگە ئاساسەن، لېكسىكىلىق تۈر② ۋە فۇنكسىيەلىك تۈر③ دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. لېكسىكىلىق تۈر دېگىنىمىز، كونكرېت مەنىگە ئىگە گىرامماتىكىلىق تۈرنى كۆرسىتىدۇ. فۇنكسىيەلىك تۈر گىرامماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان تەركىبلەرنىلا كۆرسىتىدۇ④. يەنى پەقەت گىرامماتىكىلىق مەنىگىلا ئىگە، لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولمىغان تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەكىللەنمە گىرامماتىكا رامكىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىدىكى لېكسىكىلىق تۈر بىلەن ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدىكى مۇستەقىل سۆزلەر كۆپىنچە ھالدا بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدۇ، ئەمما شەكىللەنمە گىرامماتىكا رامكىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىدىكى

---

① گىرامماتىكىلىق تۈر: بۇ ئاتالغۇ ئىنگلىز تىلىدا «grammatical categories» ياكى قىسقارتىلىپ «category» دەپ ئاتىلىدۇ. خەنزۇچىگە «语法类型» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، قىسقارتىلىپ «语类» دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىنگلىز تىلىدىكى مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلغاندا «گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە» دەپ ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىسىدا «گىرامماتىلىق كاتېگورىيە» دېگەن ئاتالغۇ ئەسلىدىلا بار بولغاچقا ۋە مەنە دائىرىسى بىز بۇ يەردە سۆزلەيدىغان ئوبيېكت بىلەن تولۇق ماس كەلمىگەچكە، خەنزۇچە تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ «گىرامماتىكىلىق تۈر» دەپ ئاتىدۇق.

② لېكسىكىلىق تۈر: بۇ ئاتالغۇ ئىنگلىز تىلىدا «lexical categories» دېيىلىدۇ، خەنزۇچىگە «词汇语类» دەپ تەرجىمە قىلىغان. ئۇيغۇرچىگە «لېكسىكىلىق تۈر» دەپ تەرجىمە قىلىندى. بۇ شەكىللەنمە گىرامماتىكىسىدىكى يېڭى ئاتالغۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

③ فۇنكسىيەلىك تۈر: بۇ ئاتالغۇ ئىنگلىز تىلىدا «functional categories» ياكى «functor» دېيىلىدۇ، خەنزۇچىگە «功能语类» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇيغۇرچىدە «فۇنكسىيەلىك تۈر» دېگەن نام بىلەن ئاتىساق بولىدۇ. بۇمۇ شەكىللەنمە گىرامماتىكىسىدىكى يېڭى ئاتالغۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

④ 力提甫・托乎提:《现代维吾尔语参考语法》，中国社会科学出版社，2012 年 12 月，第 206 页。

فۇنكسىيەلىك تۈرنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە تۈس ياردەمچى پېئىللىرىنىمۇ، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدا مۇستەقىل سۆزلەر سىنتاكسىس تەتقىقاتىنىڭ يادروسى قىلىنسا، شەكىللەنمە گىرامماتىكىسىدا فۇنكسىيەلىك تۈر سىنتاكسىس تەتقىقاتىنىڭ يادروسى قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەنئەنىۋى گىرامماتىكا نەزەرىيەسى بىلەن شەكىللەنمە گىرامماتىكا نەزەرىيەسىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنئەنىۋى گىرامماتىكا رامكىسىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار فۇنكسىيەلىك تۈرگە تەۋە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەكىللەنمە گىرامماتىكىسىنى چۈشىنىشتە، فۇنكسىيە تۈرىنى چۈشىنىش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر

ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدا مۇستەقىل سۆزلەر گىرامماتىكا تەتقىقاتىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىپ، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە سەل قارالغان، گىرامماتىكىلىق ئورنى بېكىتىلمىگەن، تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بولسا سىنتاكسىستا ئەسلا تىلغا ئېلىنمايدۇ. شەكىللەنمە گىرامماتىكىسى ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىنىڭ مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىسنىڭ چەك چېگراسىنى ئايرىش قائىدىسىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىغان بولۇپ، شەكىللەنمە گىرامماتىكىسىدا ياردەمچى سۆزلەر ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار فۇنكسىيەلىك تۈر دەپ قارىلىدۇ ۋە سىنتاكسىس تەتقىقاتىنىڭ يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار فۇنكسىيەلىك تۈرنى تەشكىللى قىلغۇچى ئاساسلىق تەركىب ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈر پەقەت گىرامماتىكىلىق مەنىسىلا بار، لېكسىكىلىق مەنىسى بولمىغان تىركەلمە، باغلىغۇچى، يۈكلىمە، ئىملىق سۆز، ياردەمچى پېئىل (تۈس ياردەمچىلىرى)، شۇنداقلا كۆپلۈك، تەۋەلىك ـ شەخس، كېلىش، دەرىجە، تۈس، بولۇشسىز، تۇرغۇنلاشتۇرغۇچى، زامان، شەخس، مەيىل (راي) قاتارلىق فۇنكسىيە تەركىبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ①. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈپ باقايلى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | تىركەلمە | ئۈچۈن، توغرىلىق، ئارقىلىق، ئائىت | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | باغلىغۇچى | ۋە، بىلەن، ھەم، ئەمما | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | يۈكلىمە | مۇ، چۇ، غۇ، ئېھتىمال | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | ئىملىق سۆز | پاھ، ۋايجان، ئاپلا، تىر ـ تىر | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | تۈس ياردەمچى پېئىللىرى | ئال ـ ، كۆر ـ ، باشلا ـ ، قال ـ قاتارلىقلار(مەخسۇس تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | تىركەلمە | ئۈچۈن، توغرۇلۇق، ئارقىلىق، ئائىت | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | كۆپلۈك | ـ لار، ـ لەر قوشۇمچىسىنى كۆرسىتىدۇ | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | كېلىش | 10 كېلىش قوشۇمچىسىنى كۆرسىتىدۇ | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | تەۋەلىك شەخس | 3 شەخس قوشۇمچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | پېئىل دەرىجىلىرى | پېئىللارنىڭ 5 خىل دەرىجە قوشۇمچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | تۈس | مەخسۇس تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ (تۈس ياردەمچى پېئىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | بولۇشسىز | پېئىللارنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسىنى كۆرسىتىدۇ | |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | تۇرغۇنلاشتۇرغۇچى | سۈپەتلەشتۈرگۈچى | سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى |
| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | تۇرغۇنلاشتۇرغۇچى | ئىسىملاشتۇرغۇچى | ئىسىمداش قوشۇمچىلىرى |

① 力提甫・托乎提：《现代维吾尔语参考语法》，中国社会科学出版社，2012 年 12 月，第 130 页。

| ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەر | تۈرغۇنلاشتۇرغۇچى | رەۋىشلەشتۈرگۈچى | رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|
| | زامان | ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتمىگەن زامان قوشۇمچىلىرى | |
| | مەيل | مەيل قوشۇمچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ | |
| | پېئىل شەخسلىرى | پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىنى كۆرسىتىدۇ | |

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيەلىك تۈرلىنىشى دەپ قارالغان قوشۇمچىلار شەكىللەنمە گىراماتىكىسىدا فۇنكسىيەلىك تۈرگە تەۋە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پىروفېسسور لىتىپ توختى ئەپەندى ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرنىڭ 17خىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار مۇستەقىل سۆزنىڭ ھەمرا تەركىبى بولماستىن، بەلكى بىرىكمىنىڭ يادرولۇق تەركىبى بولۇپ، يەككە سۆزگە ئەمەس بەلكى بىرىكمىگە تەۋە بولىدىغانلىقى ۋە شۇ بىرىكمىنىڭ يادرولۇق تەركىبى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان①.

## 2. فۇنكسىيەلىك تۈرنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى

فۇنكسىيەلىك تۈر شەكىللەنمە گىراماتىكىسدا يادرولۇق تەركىب بولۇپ، بۇلار «لېكسىكىلىق تۈر» بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالايدۇ. دېمەك، شەكىللەنمە گىراماتىكىسىدا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ سىنتاكسىسلىق رولىغا ئىگە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا بۇ تۈرلەر يەككە ھالدا مەلۇم بىر لېكسىكىلىق تۈر (ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىكى مۇستەقىل سۆز)گە تەۋە بولماستىن، بەلكى سۆز بىرىكمىسگە قوشۇلغان بولىدۇ ۋە سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئەڭ تاشقى قەۋىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1)




بۇ بىرىكمە «ئۆي» دېگەن لېكسىكىلىق تۈرگە «دە» دېگەن فۇنكسىيەلىك تۈر (كېلىش)نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، فۇنكسىيەلىك تۈرگە تەۋە بولغان كېلىشلەردىن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دە» يادرولۇق تەركىب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بۇ بىرىكمىنىڭ نامى يادرولۇق تەركىبنىڭ نامى بىلەن «كېلىش بىرىكمىسى» (KP) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىشى دەپ قارىلىدۇ. شەكىللەنمە گىراماتىكىسىدا بولسا بىرىكمە دەپ قارىلىدۇ. تۆۋەندىكى بىرىكمىگە قاراپ باقايلى.

(2)




بۇ بىرىكمىدە ئالدى بىلەن «يېڭى» دېگەن سۈپەت (A) بىلەن «ئۆي» دېگەن ئىسىم (N) بىرىكىپ «يېڭى ئۆي» دېگەن ئىسىم بىرىكمىسى (NP) ھاسىل بولغاندىن كېيىن، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دە» قوشۇلۇپ «كېلىش بىرىكمىسى» (KP)نى ھاسىل قىلغان. دېمەك، كېلىش قوشۇمچىسى يەككە ھالدا بىر سۆزگە

① 力提甫・托乎提：《现代维吾尔语参考语法》，中国社会科学出版社，2012 年 12 月，第 380 页。

قوشۇلغان بولماستىن، بەلكى «يېڭى ئۆي» دېگەن ئىسىم بىرىكمىسىگە قوشۇلغان. ئەگەر بۇ سۆز بىرىكمىسى يەنە بىر تەركىب قوشۇلۇپ داۋاملىق كېڭەيسە، ئەھۋال تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

(3)




بۇ دەرەخ ئىسخېمىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئىككى يېڭى ئۆيدە» دېگەن بىرىكمىدە ئەڭ ئالدى بىلەن «يېڭى» دېگەن سۈپەت (A) بىلەن «ئۆي» دېگەن ئىسىم (N) قوشۇلۇپ «يېڭى ئۆي» دېگەن ئىسىم بىرىكمىسى (NP) نى ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن «يېڭى ئۆي» دېگەن بىرىكمىگە «ئىككى» دېگەن سان قوشۇلۇپ «يېڭى ئىككى ئۆي» دېگەن ئىسىم بىرىكمىسى (NP) شەكىللىنىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئىسىم بىرىكمىسىگە «دە» دېگەن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «ئىككى يېڭى ئۆيدە» دېگەن «كېلىش بىرىكمىسى» (KP) نىڭ ھاسىل بولۇشىنى تاماملايدۇ. ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دە»نىڭ پۈتۈن بىر سۆز بىرىكمىسىگە قوشۇلغىنىنى بۇ بىرىكمىنىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمىسى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ بىرىكمىنى خەنزۇ تىلىدا «在两间新房屋里» دەپ ئىپادىلىشىمىز مۇمكىن، بۇ خىل ئىپادىلەشتىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن كېلىش بىلەن ماس كېلىدىغان تەركىب «在» بىرىكمە «两间新房屋»غا قوشۇلغان. بۇ ئەھۋال ئىنگلىز تىلىدىمۇ ئوخشاش. مەسىلەن، بۇ بىرىكمىنى ئىنگلىز تىلىدا «the two new houses in» دەپ ئىپادىلەش مۇمكىن. بۇ بىرىكمىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن كېلىش «دە» بىلەن ماس كېلىدىغان تەركىب «in» بىرىكمە «the two houses»نىڭ ئالدىدا كېلىپ پۈتۈن بىرىكمە ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ ئورۇن بەلگىسىنى ئىپادىلەيدۇ. خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدا بۇ خىل تەركىبلەر ئايرىپ يېزىلغاچقا، ئۇنىڭ پۈتۈن بىر بىرىكمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش بىر قەدەر قولايلىق. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل تەركىبلەر ئەڭ ئاخىرىدا كۆرۈلىدىغان سۆزگە ئۇلىنىپ يېزىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا كېلىشلەر «ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ «ئىسىمنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىمنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە»① دەپ چۈشەندۈرۈلگەچكە، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن بىرىكمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىدۇق. بۇ ئەنئەنىۋى گىراماتىكىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىز ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكمۇ، بۇ خىل نەتىجىنىڭ چىقىشىدىن خالىي بولالمايمىز. شۇڭا، بۇنى بىز يەنىلا ئەنئەنىۋى گىراماتىكىنىڭ نەزەرىيە كەمچىلىكىدىن كۆرۈمىز.

سىنتاكسىسلىق ئانالىز نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شەكىللەنمە گىراماتىكىسىنىڭ بۇ خىل چۈشەندۈرۈشىنىڭ تولىمۇ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئەگەر بىز بۇ بىرىكمىنى «ماشىنا تەرجىمانى» (机器翻译) ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، شەكىللەنمە گىراماتىكىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك چۈشەندۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. ئەگەر بىز بۇ خىلدىكى مەسىلىلەرگە يەنىلا ئەنئەنىۋى گىراماتىكا نەزەرىيەسى بويىچە قارايدىغان بولساق، ھەرقانچە ئۇزۇن كودلۇق پىروگراما تۈزسەكمۇ، بۇ بىرىكمىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئانالىزىنى تاماملىيالىشىمىز ناتايىن. مەسىلەن، ئەگەر بىز يۇقىرىقى مىسالنى ئەنئەنىۋى گىراماتىكا قائىدىسى بويىچە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دە» ئىسىم «ئۆي»گە قوشۇلغان دېسەك، بۇنى «在屋子里» دەپ ئىپادىلىشىمىز مۇمكىن، ئۇنداقتا «يېڭى» بىلەن بىرىككەندە ھاسىل بولغان «يېڭى ئۆيدە» دېگەننى خەنزۇ تىلىدا «新的在屋子里» دېگەندەك شەكىلدە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، مۇشۇ خىل ئۇسۇل بويىچە بولغاندا «ئىككى يېڭى ئۆيدە» دېگەن بىرىكمىنى «ماشىنا تەرجىمانى» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ.

① خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 51 ـ ، 52 ـ بەتلەر.

لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكلى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكلى ئوخشاش بولىدۇ. يۇقىرىقى بىرىكمە «ئىككى يېڭى ئۆيدە»دىكى ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دە» نىڭ «ئىككى يېڭى ئۆي» دېگەن بىرىكمىگە قوشۇلغانلىقىنى ئىپادىلەشتىكى لوگىكىلىك تەپەككۇر شەكلىمىزمۇ ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ ئوخشاشلا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دە»نى «ئىككى يېڭى ئۆي» دېگەن بىرىكمە ھاسىل بولغاندىن كېيىن قوشۇلغان دەپ بىلىمىز. «دە»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئىملا قائىدىسى بويىچە نۆۋەتتى كەلگەن يەككە سۆزگە قوشۇلۇپ يېزىلىشى، بۇ خىل ماھىيەتنى بۇرمىلىۋېتەلمەيدۇ دەپ قارايمىز ۋە يېزىش قائىدىسىنىڭ تىل تەتقىقاتىغا توسقۇنلۇق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

يۇقىرىقى كېلىش قوشۇمچىسىدىن باشقا قوشۇمچىلارمۇ ئوخشاشلا يەككە سۆزگە ئەمەس، بەلكى بىرىكمىگە تەۋە بولىدۇ. بۇنى بىز ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى بىسلىق بىرىكمىلەردە تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، ئۇ بۇ ئىشنى قەستەن قىلمىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۇ بىرىكمە (ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدىكى جۈملە) ئىككى بىسلىق بولۇپ، ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. بىرى، «ئۇ بۇ ئىشنى قىلدى، ئەمما قەستەنلىك يوق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىرى، «ئۇ بۇ ئىشنى قىلمىدى ھەم قەستەنلىك بار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا بۇ بىرىكمە نېمە ئۈچۈن ئىككى خىل مەنىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ؟ ئەگەر بىز پېئىللارنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسىنى پېئىلنىڭ ھەمرا تەركىبى دەپ قارىغىنىمىزدا يەنى ئۇ يەككە پېئىلغا قوشۇلغان دېگىنىمىزدە، بۇ بىرىكمىنىڭ ئىككى خىل مەنىسىنىڭ قانداق بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز. بىزنىڭ بۇرۇنقى تەتقىقاتلىرىمىزدا ئەنئەنىۋى گىرامماتىكا نەزەرىيەسى يېتەكچى رول ئوينىغاچقا، بۇنداق مەسىلىلەرنى تىلغا ئالمىدۇق. بىز بۇ مەسىلىنى شەكىللەنمە گىرامماتىكىسى رامكىسىدا كۆزىتىپ باقايلى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار فۇنكسىيەلىك تۈرنى ھاسىل قىلىدىغان ئاساسلىق تەركىب بولۇپ، يەككە سۆزگە ئەمەس بەلكى سۆز بىرىكمىسىگە قوشۇلىدۇ ۋە يادرولۇق تەركىب ھېسابلىنىپ ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

(4)




مىسال (4) تە پېئىللارنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى «ما» (NEG) پېئىل «قىل» (V)غا قوشۇلۇپ ئاندىن «قەستەن» دېگەن رەۋىش (ADV) بىلەن بىرىكسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى «ئۇ بۇ ئىشنى قىلمىدى، ھەم قەستەنلىك بار»① دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى پېئىللارنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى «ما»نىڭ ئىنكار قىلىش دائىرىسى ئۆزى قوشۇلغان بىرىكمىنىڭ دائىرىسىدە بولىدۇ. بۇ بىرىكمە ئادەتتە ئىنتوناتسىيەدىمۇ پەرقلىنىدۇ. يەنى ئىنتوناتسىيەدە «قەستەن» دېگەن سۆزدىن كېيىن بىر توختىلىش بولىدۇ، بۇنداق توختىلىشنىڭ بولۇشى بۇ بىرىكمىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىچكى قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر پېئىللارنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى «ما» «قەستەن قىل» دېگەن پېئىل بىرىكمىسى (VP) گە قوشۇلسا، ئۇنىڭ ئىنكار قىلىدىغان دائىرىسى مۇشۇ بىرىكمە دائىرىسىدە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

(5)




① 力提甫・托乎提：《现代维吾尔语参考语法》，中国社会科学出版社，2012年12月，第46页。

مىسال (5)تە بولۇشسىز قوشۇمچىسى «ما» يالغۇز پېئىلغا قوشۇلماستىن، بەلكى «قەستەن قىل» دېگەن پېئىل بىرىكمىسىگە قوشۇلغان بولۇپ، ئىنتوناتسىيەدىمۇ توختىلىش بولمايدۇ. بۇ بىرىكمە «ئۇ بۇ ئىشنى قىلدى، ئەمما قەستەنلىك يوق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەلەيدۇ. دېمەك، بۇ بىرىكمە مەيلى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما جەھەتتىن ياكى ئىنتوناتسىيە قۇرۇلمىسىدىن بولسۇن پەرقلىنىدۇ. يەنى بۇ بىرىكمىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى شەكىل جەھەتتىن يۇقىرىدىكى ئىسخېمىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك پەرقلىق بولىدۇ، ئىنتوناتسىيە نۇقتىسىدىن ئالدىنقىسىدا «قەستەن» سۆزىدىن كېيىن بىرئاز توختىلىش بولىدۇ، كېيىنكىسىدە بولسا توختىلىش بولمايدۇ①. ھەر ئىككى خىل قۇرۇلمىدا پېئىللارنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى ياردەم بېرىپ «بولۇشسىز بىرىكمە» (NEGP)نى ھاسىل قىلىدۇ.

ئەنئەنىۋى گىراماتىكا نەزەرىيەسىدە مۇستەقىل سۆزلەر مەركەز قىلىنغاچقا، ياردەمچى سۆزلەر ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مۇستەقىل سۆزنىڭ ھەمرا تەركىبلىرى دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق رولىغا سەل قارالغاچقا، يۇقىرىقىدەك جۈملىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە ئاجىزلىق قىلاتتى. شەكىللەنمە گىراماتىكىسىدا ياردەمچى سۆزلەر سىنتاكسىس تەتقىقاتىنىڭ يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈرنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق تەركىب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ تەركىبلەر مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ھەمرا تەركىبى ئەمەس، بەلكى يادرولۇق تەركىب بولۇپ ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالايدۇ.

شەكىللەنمە گىراماتىكىدا رامكىسىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ۋە ياردەمچى سۆزلەر فۇنكسىيەلىك تۈرگە تەۋە دەپ قارىلىدۇ. ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىكى ياردەمچى سۆزلەرگە تەۋە بولغان «تىركەلمە»، «باغلىغۇچى»، «يۈكلىمە»، «ئىملىق سۆز» قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەر ۋە سۈپەتنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى فۇنكسىيەلىك تۈرگە تەۋە بولغان بىلەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالمايدۇ. مەسىلەن، تىركەلمە ۋە يۈكلىمە ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالايدۇ. ئەمما، ئىملىق سۆز ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالمايدۇ. بۇلاردىن «باغلىغۇچىنىڭ تىلدىكى باغلاش ئىقتىدارى بولسا لوگىكىلىق بولىدۇ، سىنتاكسىسلىق ئەمەس. يەنى باغلىغۇچىلارنىڭ قوللىنىلىشى لوگىكىلىق قۇرۇلما ئېھتىياجىدىن بولىدۇ، ھېچقانداق سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىغا تايانمايدۇ»②. شۇنىڭ ئۈچۈن، باغلىغۇچىنى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىغا تەۋە قىلىپ تەھلىل قىلىش مۇۋاپىق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ئەمەت بىلەن سەمەت، قەغەز ۋە قەلەم دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن.

(6)




(7)




ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ۋە، ھەم» باغلامچىسى تىزىلما مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى بولۇپ، بۇ باغلىغۇچى ئادەتتە ئوخشاش گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتتە بولغان تەركىبلەرنى باغلاپ كېلىدۇ. مىسال (6a)دا «ئەمەت» ۋە «سەمەت» دېگەن ئىسىمنى «بىلەن» باغلىغۇچىسى (Conj) باغلاپ كېلىپ ئىسىم بىرىكمىسى (NP) ھاسىل بولغان. مىسال (6b)دە «قەغەز» ۋە «قەلەم» دېگەن ئىسىم «ۋە» باغلىغۇچىسى بىلەن باغلىنىپ كېلىپ يەنىلا ئىسىم بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان. مىسال (7)دىكى X بولسا خالىغان بىر تەركىبنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئوخشاش گىراماتىكىلىق شەكىلگە ئىگە ئىككى تەركىب باغلامچى ئارقىلىق باغلىنىپ بىرىكمە ھاسىل قىلسا، بۇ بىرىكمىنىڭ يەنىلا X بىرىكمىسى (XP) بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «ئۈرۈمچىدە ياكى بېيجىڭدا»، «ئايروپىلاندا ياكى پويىزدا» دېگەن بىرىكمىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

① 力提甫・托乎提:《现代维吾尔语参考语法》, 中国社会科学出版社, 2012 年 12 月, 第 46 页。

② يۇقىرىقى ئەسەر، 211 ـ بەت.







يۇقىرىقى مىسال (8a)دا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاللاش باغلىغۇچىسى «ياكى» ئىككى كېلىش بىرىكمىسىنى باغلاپ كەلگەن، يەنى «ئۈرۈمچىدە» دېگەن كېلىش بىرىكمىسى (KP) بىلەن «بېيجىڭدا» دېگەن كېلىش بىرىكمىسى (KP)نى باغلاپ كەلگەن ۋە كېلىش بىرىكمىسى ھاسىل قىلغان. مىسال (8b)دا بولسا «ئايروپىلاندا» دېگەن كېلىش بىرىكمىسى ۋە «پويىزدا» دېگەن كېلىش بىرىكمىسىنى باغلاپ كېلىپ ئاخىرىدا يەنىلا كېلىش بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان. مىسال (9)دىكى X ۋە Y لار خالىغان تەركىبكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلى يادرولۇق سۆز ئارقىدا كېلىدىغان تىل»① (head last language) بولغاچقا، بىرىكمىنىڭ نامى يادرولۇق ئورۇندا چىققان Xنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ، يەنى ئۇ XP بىرىكمىسى بولىدۇ، بۇ ئىككى XP بىرىكمىسى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىسى يەنىلا XP بىرىكمىسى بولغان بولىدۇ. بۇ قائىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلىغۇچىلار ھەر قانداق بىرىكمىلەرنى باغلاپ كەلسە، ھاسىل بولغان بىرىكمىنىڭ ئىسمى يەنىلا ئەسلىدىكى بىرىكمىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىنى، باغلىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمما شەكىللەنمە گىراماتىكىسىدا سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى «ئىككىدىن بىرىكىش پىرىنسىپى» (Binarity Principle) يەنى «ھەر بىر سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا ئىككىلا شاخ بولىدۇ »② دېگەن پىرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلىنغاچقا، بۇنداق چۈشەندۈرۈش قائىدىگە خىلاپ بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىلدىكى بىرىكمىلەر چومسكىينىڭ ئەسەرلىرىدە ياكى باشقىلارنىڭ شەكىللەنمە گىراماتىكىسى تەتقىقات ئەسەرلىرىدە بولسۇن، ئىنگلىز تىلىدىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق بىرىككەن بىرىكمىلەر ئاساسەن تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ، شۇ خىلدىكى قۇرۇلمىلاردا ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىدا يادرولۇق تەركىب (Headed) ۋە تولۇقلىما تەركىب (complement) مۇناسىۋىتى شەكىللەنمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك. پىروفېسسور خې يۈەنجيەن يۇقىرىقى قۇرۇلمىلار ئۈستىدە توختالغاندا: «باغلىغۇچىلارنىڭ ئۆزىلا پروجېكت ھاسىل قىلىپ باغلىغۇچى بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ»③ دەپ قاراپ، خەنزۇ تىلىدىكى «包子和馒头» دېگەن بىرىكمىنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرگەن.




يەنى مىسال (10)دا «馒头» بىلەن باغلىغۇچى «和» بىرىكىپ بىر بالداقلىق باغلىغۇچى (Conj')نى ھاسىل قىلغان، ئاندىن ئۇ ئىسىم «包子» بىلەن بىرىكىپ باغلىغۇچى بىرىكمىسى (ConjP)نى ھاسىل قىلغان.

① 力提甫・托乎提：《现代维吾尔语参考语法》，中国社会科学出版社，2012 年 12 月，第 414 页。

② Andrew Radford, Minimalist Syntax: Exploring the Structure of English（最简句法入门：探究英语的结构），外语教学与研究出版社，2009 年 3 月，第 70 页。

③ 何元建：《现代汉语生成句法》，北京大学出版社，2011 年 6 月，175 页。

مۇشۇ قائىدە بويىچە بولغاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مىسال (6)دىكى بىرىكمىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرستىش مۇمكىن.

(11)




مىسال (11)دە ئالدى بىلەن «قەغەز» دېگەن ئىسىم (N) بىلەن «ۋە» دېگەن باغلىغۇچى (Conj) بىرىكىپ «بىر بالداقلىق باغلىغۇچى» (Conj')نى ھاسىل قىلغان، ئاندىن «قەلەم» دېگەن ئىسىم (N) بىلەن بىرىكىپ «باغلىغۇچى بىرىكمىسى»نى ھاسىل قىلغان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ۋە، ھەم» قاتارلىق باغلىغۇچىلار تەڭداش مۇناسىۋەتتە كۆرۈلىدىغان بارلىق تەركىبلەرنى باغلىيالايدۇ. يەنى ئۇ سۈپەتلەرنى باغلاپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «چىرايلىق ۋە تاتلىق»؛ ئالماشلارنى ۋە پېئىللارنى باغلاپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «سەن بىلەن مەن»، «ياز ۋە ئوقۇ»؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزىدە ھەر خىل بىرىكمىلەرنى ھەتتا بەزىدە جۈملىلەرنى باغلاپ كېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن، «تىرىشىپ ئۆگىنىش ھەم ئارام ئېلىش»؛ «ئۇ سىنىپقا كىردى ۋە كىتاب ئوقۇشنى باشلاپ كەتتى». ئەگەر بىز باغلىغۇچى ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ دېسەك، ئۇ بارلىق گىراماتىكىلىق تۈرلەردىن شەكىللىنەلەيدىغان بولىدۇ-دە، نەتىجىدە، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىس مەسىلىسىنى ئانالىز قىلىشىمىزغا قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، بۇ خىل قۇرۇلمىنى تۆۋەندىكىدەك ئانالىز قىلىپ باقايلى. مەسىلەن:

(12)




مىسال (12)دە ئالدى بىلەن «قەغەز» دېگەن ئىسىم (N) بىلەن «ۋە» دېگەن باغلىغۇچى (Conj) بىرىكىپ «باغلىغۇچى بىرىكمىسى»نى ھاسىل قىلىدۇ. ئاندىن باغلىغۇچى بىرىكمىسى (ConjP) بىلەن «قەلەم» دېگەن ئىسىم (N) قوشۇلۇپ ئىسىم بىرىكمىسى (NP) ھاسىل قىلىدۇ.

بۇ خىل چۈشەندۈرۈش شەكىللەنمە گىراماتىكىسىنىڭ «ئىككىدىن بىرىكىش پرىنسىپى»غا ئۇيغۇن. لېكىن، ئەگەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن تەركىب ئىككىدىن ئارتۇق بولسا، بۇنى چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ. مەسىلەن، «ئىشچى، دېھقان ۋە ئەسكەر»، «دەپتەر، قەلەم ۋە كىتاب». بۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرستىش مۇمكىن.

(13)




مىسال (13a)دا ئەڭ ئالدى بىلەن «دېھقان» بىلەن «ۋە» بىرىكىپ باغلىغۇچى بىرىكمىسى (ConjP)نى ھاسىل قىلغان، ئاندىن ئۇ «ئەسكەر» بىلەن بىرىكىپ «بىر بالداقلىق ئىسىم بىرىكمىسى» (NP')نى ھاسىل قىلغان، ئەڭ ئاخىرىدا «ئىشچى» بىلەن بىرىكىپ ئىسىم بىرىكمىسى (NP) ھاسىل بولغان. مىسال (13b)دىمۇ ئوخشاشلا ئەڭ ئالدى بىلەن «قەلەم» بىلەن «ۋە» بىرىكىپ باغلىغۇچى بىرىكمىسى (ConjP)نى ھاسىل

قىلغان، ئاندىن ئۇ «كىتاب» بىلەن بىرىكىپ «بىر بالداقلىق ئىسىم بىرىكمىسى» (NP')نى ھاسىل قىلغان، ئەڭ ئاخىرىدا «دەپتەر» بىلەن بىرىكىپ «ئىسىم بىرىكمىسى» (NP) ھاسىل بولىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا يەنە باغلىغۇچىلارسىز باغلىنىدىغان تەڭداش بىرىكمىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئانار، ئالما، نەشپۈت، ئەنجۈر» (قاتارلىق مېۋىلەر). ئەگەر بۇنداق بىرىكمىلەردە يەنىلا باغلىغۇچى سۆز بار، بۇ باغلىغۇچى ئەڭ ئاخىرقى سۆز «ئەنجۈر»دىن بۇرۇن چىقىدۇ دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا ئۇ ئورۇننى بوش قويۇپ قويساقلا بولىدۇ. ئۇنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى يۇقىرىقى مىسال (13) بىلەن ئوخشاش بولغان بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ئورۇندا زادى باغلىغۇچى چىقمىسا بۇ بىرىكمە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، بۇنى ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بىر قىسىم باغلىغۇچىلار ئۈستىدىلا تەھلىل ئېلىپ باردۇق. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىي 20 نەچچە خىل باغلىغۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى سۆز ياكى بىرىكمىلەرنىڭ ئالدىدا كۆرۈلىدۇ. چېتىشما باغلىغۇچى «ھەم... ھەم...»نى مىسالغا ئالساق، ئۇ سۆزنىڭ ئالدىدا كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن، «ھەم سوغۇق ھەم تاتلىق». يەنە ئېلگىرىلەش باغلىغۇچى «ئۇنىڭ ئۈستىگە»، ئىزاھات باغلىغۇچى «يەنى»، يەكۈن باغلىغۇچىسى «دېمەك» قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىرىكمىلەرنىڭ ئالدىدا كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ سىتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكىنى داۋاملىق ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، شەكىللەنمە گىراماتىكىسىدا «يادرولۇق تەركىب پىرىنسىپى»مۇ بار بولۇپ، «ھەر بىر سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما مەلۇم بىر يادرولۇق تەركىبنىڭ پروجېكتى ھېسابلىنىدۇ»①. دېمەك، ھەر قانداق بىر سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا چوقۇم بىرى يادرولۇق تەركىب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىرى بولسا تولۇقلىما تەركىب (complement) بولغان بولىدۇ. تولۇقلىمىنىڭ ئورنىغا ئاساسەن ئايرىغاندا ئۇيغۇر تىلى تولۇقلىما تەركىب بېشىدا كېلىدىغان تىلغا تەۋە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلىغۇچىلار توغرىسىدا يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

يۈكلىمە بولسا «سۆزلەرگە، سۆز بىرىكمىلىرىگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان»② سۆزلەر بولۇپ، سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسگە ياندىشىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئۇنىڭ بىر سۆزگە قوشۇلغان ياكى سۆز بىرىكمىسىگە قوشۇلغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ»③. مەسىلەن، تۇرسۇن تاپشۇرۇق ئىشلىدىمۇ؟ دېگەن بىرىكمىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

(14)




مىسال (14)تىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈكلىمە «مۇ» (M) زامان بىرىكمىسى «تۇرسۇن تاپشۇرۇق ئىشلىدى» (TP) بىلەن بىرىكىپ يۈكلىمە بىرىكمىسى (MP)نى ھاسىل قىلغان. بۇ يۈكلىمە كۆپىنچە ھاللاردا ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلگەن زامان بىرىكمىسگە قوشۇلىدۇ. ئۆتمىگەن زامان بىرىكمىسى بىلەن بىرىككەندە، پېئىل شەخس قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىدا كۆرۈلىدۇ. پۈتۈن بىر ئۆتمىگەن زامان بىرىكمىسى شەكلىدىكى زامان بىرىكمىسگە قوشۇلالمايدۇ.

① Andrew Radford, Minimalist Syntax: Exploring the Structure of English（最简句法入门：探究英语的结构），外语教学与研究出版社，2009 年 3 月，第 70 页。

② خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 462 ـ بەت.

③ 力提甫・托乎提：《现代维吾尔语参考语法》，中国社会科学出版社，2012 年 12 月，第219页。

مىسال (15): تۇرسۇن تاپشۇرۇق ئىشلەمدۇ؟
مىسال (16): ؟تۇرسۇن تاپشۇرۇقنى ئىشلەيدۇمۇ؟

مىسال (15)تە يۈكلىمە «مۇ» نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى «م» ئۆتمىگەن زامان III شەخس قوشۇمچىسى «دۇ» نىڭ لدىدا كۆرۈلگەن. يەنى [تۇرسۇن تاپشۇرۇق ئىشلە] بىلەن ئۆتمىگەن زامان III شەخس قوشۇمچىسى «دۇ»نىڭ ئوتتۇرىسىدا چىققان. مىسال (16)دىكى جۈملە بېشىغا قويۇلغان سوئال بەلگىسى «؟» بولسا بۇ جۈملىنىڭ تازا توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنى يۈكلىمە «مۇ» ئۆتمىگەن زامان شەكلىدىكى زامان بىرىكمىسى شەكىللىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرىكەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەر ھېس-تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما (ئىشارەت) بولۇپ كېلىدىغان بولۇپ، بىرىكمىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولالمىغان. شۇڭا، ئۇلار گەرچە فۇنكسىيەلىك تۈرگە ئايرىلغان بىلەن ئۆزىنىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىمۇ ياكى مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى ياردەمچى سۆزلەرگە كىرگۈزۈلمەي ئايرىم قاتاردا تىلغا ئېلىنغان.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا سىنتاكسىس بىلەن مورفولوگىيەنىڭ چەك-چېگراسى ئايرىۋېتىلگەن بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار پەقەت مورفولوگىيىدىلا تىلغا ئېلىناتتى ۋە يەككە بىر سۆز بىلەن تۈرلىنىشى مىسالغا ئېلىنىپ چۈشەندۈرۈلەتتى. مەسىلەن، ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى «ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان كېلىش شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ» دېيىلىپ، بىر ئىسىمنىڭ 10 خىل كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى كۆرسىتىلەتتى. شەكىللەنمە گىراماتىكىسى بولسا مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىسنىڭ چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلىغان بولۇپ، كۆرۈنۈشتە مەلۇم بىر يەككە سۆزنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغاندەك كۆرۈنىدىغان تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ بىر سۆزگىلا ئەمەس، بەلكى بىرىكمىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى تىل ئەمەلىيىتى بويىچە ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بەردى.

شەكىللەنمە گىراماتىكىسى سۆزلەرنى تۈرگە ئايرىغاندا پۈتۈنلەي سىنتاكسىسلىق ئۆلچەم بويىچە ئايرىيدىغان بولۇپ، ئايرىش نەتىجىسى ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. شۇنداقلا ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا مۇستەقىل سۆزلەر سىنتاكسىس تەتقىقاتىنىڭ يادروسى قىلىنسا، شەكىللەنمە گىراماتىكىسىدا ياردەمچى سۆزلەر ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچە قاتارلىق فۇنكسىيەلىك تۈرلەر سىنتاكسىس تەتقىقاتىنىڭ يادروسى قىلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈر ۋە ئۇلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردۇق. ئەمما، پىكىرىمىزنىڭ مۇتلەق توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا، كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىگە تەشنامىز.

ئاپتورلار: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى فاكۇلتېتىنىڭ 2012-يىللىق دوكتورانتى
ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى
جاۋابكار مۇھەررىرى: رەشىدە مامۇت

# لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى توغرىسىدا

كۈرەش تاھىر

**مۇھىم مەزمۇنى:** لوپنۇر دىيالېكتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مەركىزىي دىيالېكت، خوتەن دىيالېكتى بىلەن بىر قاتاردا ئۈچ چوڭ دىيالېكتنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن، لوپنۇر دىيالېكتى مەركىزىي دىيالېكت ۋە خوتەن دىيالېكتىغا سېلىشتۇرغاندا ئىستېمال قىلىنىش دائىرىسى بارغانسېرى تارىيىپ يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالماقتا. بۇ ماقالىدە لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى، ئۇنىڭ ئىستېمال دائىرىسى تارىيىشىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە سەۋەبى مۇلاھىزە قىلىنىش بىلەن، لوپنۇر دىيالېكتىنى قوغداشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** لوپنۇر دىيالېكتى؛ مەدەنىيەت قىممىتى؛ قوغداش

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت - شېۋىلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەھەللىۋى (رايون) ۋارىيانتلىرىدىن ئىبارەت. لوپنۇر دىيالېكتى «ئاسىيانىڭ يۈرىكى» دەپ نام ئالغان لوپنۇر رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بولۇپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق لوپنۇر، چاقىلىقتىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە ۋە بۈگۈرنىڭ قىسمەن جايلىرى (ئاساسلىقى سوخۇ يېزىسى)دا ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئىستېمال قىلىدىغان ئاھالە 40 مىڭدىن ئاشىدۇ. گەرچە، لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 0.4% نى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتى ۋە خوتەن دىيالېكتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەلۇمكى، مەلۇم بىر جاينىڭ مەدەنىيىتى ئەڭ مۇھىمى ئۆرپ - ئادەت ۋە دىيالېكتتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلدىن تەشكىل تاپىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، دىيالېكتلارنى قوغداشقا ئوخشاشلا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تۆۋەندە، لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ لوپنۇر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى رولى، يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان لوپنۇر دىيالېكتىنى قۇتقۇزۇش ۋە خاتىرىلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

## 1. لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى

دىيالېكتلارنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش — تىل (دىيالېكت)لارنىڭ تاشقى قىسمى توغرىسىدىكى تەتقىقات كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. شۇڭا، لوپنۇر دىيالېكتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئونتولوگىيەلىك تەتقىقاتى (ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى، گىراماتىكىسى، لېكسىكىسى) ئۈچۈن مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لوپنۇر دىيالېكتى لوپنۇر مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئۆزىگە خاس قىممىتىنى نامايان قىلىپ بەرگەچكە، ئۇنى ساقلاپ قېلىش، ئاسراش ۋە قوغداشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى يەنى لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ لوپنۇر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى رولى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

**بىرىنچى، لوپنۇر دىيالېكتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى**

گەرچە لوپنۇر دېئالېكتى يوقىلىش گىرداۋىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى

تۈركولوگلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە يوقىلىشتىن بۇرۇن خاتىرىگە ئېلىنىلدى. دىيالېكت مەلۇم بىر جاينىڭ مەدەنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، دىيالېكت ماتېرىياللىرى مەزكۇر جاينىڭ مەھەللىۋى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، 100يىللار مابەينىدە ئۇيغۇرشۇناسلار ۋە تۈركولوگلارنىڭ ئىزچىل دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلمەكتە. بىر ئەسىردىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تىلى، مەدەنىيىتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردىن تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ كۆپلىگەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ تىلشۇناسلىق جەھەتتە لوپنۇر دىيالېكتى توغرىسىدا كىتاب ۋە نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە S. Y. مالوفنىڭ «لوپنۇر دىيالېكتى» (بېشكەك، 1957 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىنى، R . I. تېنىشېفنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى توغرىسىدا» («تۈركولوگىيە تەتقىقاتى»، باكۇ 1963 ـ يىلى نەشرى) ناملىق ماقالىسىنى، مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشرى)، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى)، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى)، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى» (2004 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابلىرىنى، فۇ ماۋجى قاتارلىقلارنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقات» (1 ـ ، 2 ـ قىسىم، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى) ناملىق ئەسىرىنى، گاۋ شىجيې ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ۋە دىيالېكت تەكشۈرۈش» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى) ناملىق ئەسىرىنى، مېھراي خانىمنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقات» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى) ناملىق ئەسىرىنى، غۇلام غوپۇرنىڭ «ئۇيغۇر تىلى شېۋىلىرى سۆزلۈكى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى ) ناملىق كىتابىنى، قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى» (شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى) ناملىق ئەسەرنى، مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ۋە تىل تەكشۈرۈش» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى) ناملىق ئەسەرنى، مۇھەببەت قاسىم قاتارلىقلار تۈزگەن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى) ناملىق ئەسەرنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرى لۇغىتى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى)نى ۋەكىللىك ئەسەرلەر سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

**ئىككىنچى، لوپنۇر دىيالېكتى ئۇيغۇر تىلى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە**

لوپنۇر دىيالېكتى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى تارىخىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لوپنۇر دىيالېكتىدا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بەزى ساقىندىلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، چۆلمۆگ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «čölmög») ــ كۆل، كۆلچەك؛ قارا سىڭگەك (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «qarasiŋäk») ــ پاشا؛ تۆڭۈلمەك (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «töŋülmäk») ــ ئۈمىدسىزلەنمەك، ئايرىلماق؛ بۆلۆك ـ بۆلەك (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «bölök-böläk») ــ سوۋغات؛ ئىجە (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ijä») ــ ئاچا، ھەدە؛ ئۇسقاق (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «susqaq») ــ چۆمۈچ؛ ئالتىن (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «altin») ــ ئاست، تۆۋەن، پەس؛ باقىر (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «baqir») ــ مىس قاتارلىقلار. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «پ»لىق رەۋىشداشلار ياردەمچى پېئىل «يات ـ» بىلەن بىرىككەندە، تاۋۇشلاردا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەچكە ئەدەبىي تىلدا روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ. لېكىن، لوپنۇر دىيالېكتىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىغا تەۋە شەكلىنى ساقلاپ قالغان. ئەدەبىي تىلدىكى «ئوقۇۋاتىمەن»، «يېزىۋاتىمەن» دېگەندەك شەكىللەر لوپنۇر دىيالېكتىدا «ئوقۇۋياتامەن»، «يازىۋياتامەن» دېگەن شەكىلدە زاھىر بولىدۇ.

لوپنۇر دىيالېكتى ئۆزى ئىپادىلەۋاتقان لوپنۇر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش ئوچۇقلۇق ۋە سىڭدۈرۈشچان

خوسۇسىيەتكە ئىگە. لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ لېكسىكىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە پارس تىلىدىن «نىگارەن»، ئارمان، ناماز...قاتارلىق سۆزلەر قوبۇل قىلىنغان بولسا، ئەرەب تىلىدىن ئارام (هارام)، ئازىر (هازىر)، ئازىز ~ ئەزىز (ئەزىز)، ئاق (هەق)، ئاقىل (ئەقىل)، ئاگال (ئاۋال)...قاتارلىق سۆزلەر قوبۇل قىلىنغان. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ لېكسىكىسىدا موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، گۆن ~ گۈن (gön~gün) — چوڭقۇر، موڭغۇل تىلىدىكى «gün» (گۈن) دېگەن سۆزدىن كەلگەن؛ گۆكۈ (gökü) — قارماق، موڭغۇل تىلىدىكى «gökü» (گۆكۈ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن؛ جارا (jara) — كىرپە، موڭغۇل تىلىدىكى «jira» (جىرا) دېگەن سۆزدىن كەلگەن؛ غارغالتا (ğarğalta) — پورت، لەڭگەر، موڭغۇل تىلىدىكى «ğarğalta» دېگەن سۆزدىن كەلگەن؛ گۆلمۆ (gölmö) — چېكەتكە، موڭغۇل تىلىدىكى «golom»(گولوم) دېگەن سۆزدىن كەلگەن؛جارا (jara) — كىرپە، موڭغۇلچە؛ سونور (sonor) — سەھەر، موڭغۇلچە. لوپنۇر دىيالېكتىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى قازاق، قىرغىز، تاتار تىللىرىدىكى سۆزلەر بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن، تۇتۇك (tutuk) — قويغا سۈت ئېمىتىدىغان، قوزىلاشتىن ياسالغان نەيچە (بۇ سۆز باشقا تۈركىي تىللاردا «tutäk» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ «چوڭگۈنىڭ ئاغزى» دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ)؛ يۇمۇش (yumuš) — ئىش، خىزمەت (بۇ سۆز قىرغىز تىلىدا جۇمۇش، قازاق تىلىدا «jumus» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)؛ ئاۋۇشقا (avušqa) — قېرى (باشقا تۈركىي تىللاردا «avičqa» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)؛ كۆكۈشىل (köküšil) — سۇس كۆك (باشقا تۈركىي تىللاردا «köküšin» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)؛ چىۋىن (čivin) — پاشا (سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىمۇ مۇشۇ مەنىدە ئىستىمال قىلىنىدۇ)؛ ئاتا ـ مالا (ata_bala) — ئاتا ـ بالا (سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا «ata_mula» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)، بالامەت (balamät) — بالايىئاپەت (قىرغىز تىلىدا «balamat» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)؛ چاقىر ـ چۇقۇر (čaqir_ččuqur) — چاقىر ـ چۇقۇر (قىرغىز تىلىدا «čaqer_čukur» دەپ تەلپپۇز قىلىنىدۇ)؛ قىۋىتنا (qivitna) — كۆزنى مىدىرلاتماق (قىرغىز تىلىدا «qebi η da» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ). لوپنۇر رايونىدا ئاھالىلەرنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىپ بېرىشى، ئاممىۋى تاراتقۇلارنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىدىغان ۋە قوللىنىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن لوپنۇر دىيالېكتىدا خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ سالمىقى بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا. شۇڭا، لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ لېكسىكىسىدا «سو» (错، خاتا)، «دۇڭشى» (东西، نەرسە)، «ماخۇ» (马号، ئات ئېغىلى)، «پاگىي» (发酵粉، خېمىرتۇرۇچ)، «سەنپەن» (算盘، چوت)، «چىگەنزە» (气管子، نەيچە)، «مادى» (母驴 مىدە)، «دىڭدىك ئات» (颠马)، «شاڭتۇ» (乡头)، «تۇڭچى» (通事، تەرجىمان)، «شاگيۇ» (乡约)، «دەنخا» (电话، تېلېفون)، «گەنزە» (馆子)، «ياچەن» (银元、洋钱)، «پەيىي» (翻译) قاتارلىق خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئۇچرايدۇ. رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردىن ئارپالان (ئايروپىلان)، بېنزىن، لامپا، مايكا، مەليۇن (مىليون)، پەرخوتت (پاراخوت)، كومۇتى (كومىتېت)، ئىشپيۇن (ئىشپىيون) قاتارلىقلار بار.

**ئۈچىنچى، لوپنۇر دىيالېكتى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ**

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى لېكسىكىسىنى بېيىتىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە مۇھىم لېكسىكىلىق قىممەتكە ئىگە. بۇ سۆزلەر تىل تەكشۈرۈش ئاساسىدا توپلانغان بولۇپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. تىلشۇناسلار دىيالېكت ـ شېۋىلەرنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئاساسلىقى ئەدەبىي تىلغا قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۇنى بېيىتىشتا نامايان بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى رۇس تىلىدىن لوپنۇر دىيالېكتىغا قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئالمىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، «چوتكا»نىڭ ئورنىغا «مويكەچ» (moykäč)، «سىفلىس»نىڭ ئورنىغا «يەل يارا» (yälyara) ياكى «يەل كېسەل» (yälkesäl)، «ئاپىچكا»نىڭ ئورنىغا «دارۇخانا» (daruxana) قاتارلىق سۆزلەر ئالماشقان. لوپنۇر دىيالېكتىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئەدەبىي تىلىمىزدا تەڭدىشى

يوق بولۇپ، ئەدەبىي تىلىمىزدىكى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يۆگىمەش (ئەدەبىي تىلدا «خۋاجەر») ، لاۋيا (ئەدەبىي تىلدا «دوۋفۇ»)، يەرتوزغاق (ئەدەبىي تىلدا «موگۇ»)، مىتەۋە (ئەدەبىي تىلدا «داۋلى») قاتارلىقلار. يۇقىرىدىكى سۆزلەر ياسىلىشى جەھەتتىن ئاددىي، مەنە جەھەتتىن ئىخچام بولۇپ، ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لوپنۇر دىيالېكتى لېكسىكىسىغا خاس بولغان سۆزلەر لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى سۆزلەرنى ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ بېرىش بىلەن بىللە، يەنە لوپنۇر دىيالېكتىدا لوپنۇر مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە تەدرىجىي زورىيىپ بارغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىدا ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى ئۇقۇم، يېڭى شەيئىلەرنى ئىپادىلەشكە ئامال بولمىغاندا، باشقا تىللاردىن كىرمە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. تىلىمىزنىڭ ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلانماي قارىغۇلارچە سۆز قوبۇل قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇش ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ لېكسىكىسىدىكى سۆزلەرنى يىتەلىك قېزىپ، توپلاپ ۋە رەتلەپ ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىشىمىز زۆرۈر.

**ئۈچىنچى، لوپنۇر دىيالېكتى لوپنۇر مەدەنىيىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان**

لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ لېكسىكىسىدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر زور سالماقنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇلار ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن:

ئاجگىرىم (ajgirim): ئېتىق، ئوچۇق، چۈشىنىشلىك؛ مەسىلەن: ئاجگىرىم گەپ قىلساڭچۇ!

ئاراچول (aračol): ئىشتىن سىرتقى بىكار ۋاقىت؛ مەسىلەن: ئاراچول بولغاندا ئۆيگە كېلىپ تۇرغىن.

ئالقۇ (alqu): ئالقىماق، ھالقىماق، ئالقىش؛ داڭلاش.

ئوتۇنلۇق (otunluq): ئوتۇن دۆۋىلەيدىغان جاي؛ جاڭگالدىكى ئوتۇن كۆپ جاينى كۆرسىتىدۇ.

ئولغاق (olğaq): ئوغلاق.

ئىچى قاراڭغۇداپ قېلىش (iči qaraŋğudap qeliš): ھوشىدىن كېتىش، ئايلىنىپ كېتىش.

ئىلمەك (ilmäk) : ياش توغراق نوتىسىدىن ياسالغان، قوي ـ ئۆچكە تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان.

ئىلىك (ilik): يىلىك، قول؛ قول ۋە پۇت سۆڭەكلىرى.

ئۆڭكىلەڭ (öŋkiläŋ): غەلىتە، بىر قىسىملا.

ئۈدەن بولۇش (üdän boluš): ئەسقېتىش، كېرەككە كېلىش. مەسىلەن: بۇ بالام خېلى ئىشلارغا ئۈدەن بولۇپ قالدى.

ئۇنى سۇۋاپ قېلىش (uni suvap qeliš): ئۇنى پۈتۈپ قېلىش، ئاۋازى چىقماي قېلىش.

ئېشەك باغلىغۇچ (ešäk bağliğuč): ئات ـ ئېشەكلەرنى باغلايدىغان ياغاچ؛ ئادەمنىڭ ئوقرەك سۆڭىكى.

ئېگىلىش (egiliš): بوي بېرىش؛ يولنىڭ قايرىلمىسى، دوقمۇش.

ئەرىپ قېلىش (ärip qeliš): كىچىك بالىلارنىڭ يىغلاپ قېتىپ قېلىشى.

ئەندەش (ändäš): قوي كالىلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇلىقىغا بەلگە سېلىش.

بارقۇ (barqu): ئالدىنقى يىلى تۇغۇلغان، لېكىن تولۇق يېتىلىپ بولمىغان قوزا.

باغىر (bağir): جىگەر.

باقا (baqa): ئالدىنقى يىلى تۇغۇلغان قوزا.

باگان (bagan): چوت، كەكە.

بوختاق (boxtaq): ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تىزىدىن يوتىسىغىچە بولغان سۆڭىكى.

بۇيلا (buyla): ئارغامچىنىڭ ئۇزۇندىسى.

پەتەڭگۈچ (pätäŋgüč): رەگەتكە، سوزماق، ئاتقۇچ.

تىرگەن (tirgän): ئېتىز ـ ئېرىقلارنىڭ قىرى.

تۆشلەڭ (töšläŋ): كالا، ئېشەكلەرنى ھارۋىغا قاتقاندا چىگىتىش رولىنى ئوينايدىغان تاسما.

تۇشاش (tušaš): ئات، ئېشەكلەنى يىراققا كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى چىگىش.

تۇغ (tuğ): ئېشەك كالىلارنى باغلايدىغان ياغاچ؛ توسما.

تېۋىنە (tewinä): بېگىز چوڭلۇقىدىكى يىڭنە.

تەرانە بولۇش (tärana boluš): جىلە بولۇش؛ مەسىلەن: بۇ گەپنى ساڭا قارىتىپ قىلمىسام نېمە تەرانە بولىسەن؟

تەرمەچ (tämäč): ئۇششاق ئوتۇن پارچىسى. مەسىلەن: ئوت تۇتاشتۇرغىدەك تەرمەچ تېرىپ كەلسەڭچۇ!

جىۋىش ~ زىۋىش (ziviš ~ jiviš): جىگەرنى هايۋانات يېغى، پىياز، زىرە قاتارلىقلار بىلەن ئارلاشتۇرۇپ، چاۋا: ياغ بىلەن ئوراپ، سىرتىدىن ئۈچەي بىلەن يۆگەپ گۆش بىلەن بىللە پىشۇرۇپ يەيدىغان يېمەكلىك (شەكلى هېسىپقا ئوخشاش ئۇزۇنچاق).

جۇل (jul): ئېشەكنىڭ توقۇمى.

چاپىنداق (čapindaq): ياغاچلارنى چاپقاندا چىققان ياغاچ پارچىسى.

چاچىراتقۇ (čačiratqu): ئەمدىلا چۈشكەن مۇشتۇمدەك قوغۇن ـ تاۋۇز.

چارا (čara): شەكلى تەڭنىگە ئوخشايدىغان، ياغاچتىن ياسالغان، چارۋىلارغا يەم بېرىدىغان قاچا.

چام (čam): قەدەم؛ هاشاردا هەربىر ئادەمگە بۆلۈپ بېرىلگەن يەر.

چول ~ چولماق ( čol ـ čolmaq): دەريا ـ كۆللەرنىڭ سۈيى چوڭقۇر جايى.

چېۋىش (čeviš): ئالدىنقى يىلى تۇغۇلغان چىشى ئۆچكە.

چۆكۈچەك (čökučäk): ئىككى ئۇچىدىن باغلاپ قول يەتكۈدەك قىلىپ تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان ئۇزۇنچاق شال. يەنى چىنە ـقاچىلارنى قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

چۇناق (čunaq): تۇغۇلغاندىلا قۇلىقى يوق ياكى ئىنتايىن كىچىك (هايۋانلارغا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ). مەسىلەن: چۇناق ئۆچكە.

چېكە (čekä): دەريالارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن جاي.

چەتمەك (čätmäk): توشقان تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك قاپقان.

خىدەر قىلىش (xidär qiliš): ئۆزى شۇنداق ئېهتىياجلىق نەرسە بولىسمۇ، لېكىن باشقىلار بەرسە خۇددى لازىم ئەمەستەك ساختا هالەتكە كىرىۋېلىش.

خۇۋا (xuva): سۇ ئامبىرى، ئۆستەڭلەرنىڭ قىرى.

خەۋەلىك بولۇش (xävälik boluš): دىققەت قىلىش، ئېهتىيات قىلىش، ئاۋايلاش.

داشى (daši): سۈيى قۇرۇپ شورلىشىپ قالغان كۆل ئورنى؛ چوڭ دائىرىدىكى دائىم زەي سۇ يىغىلىپ تۇرىدىغان جاي.

داڭداڭ (daŋdaŋ): قوۋۇرغا سۆڭەك.

دۇڭسۇڭ (duŋsuŋ): يولدىن چىققان، تاپتىن چىققان، يامان (ئاياللارغا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ ). مەسىلەن: تازىمۇ بىر دۇڭسۇڭ ئايالكەن .

دەمەسقەدەم (dämäsqädäm): نەگە ماڭسا شۇيەرگە مېڭىش، ئارقىسىدىن قالماسلىق.

دەندەرەكشىتىۋېتىش (dändäräkšivitiš): ئالدىرىتىپ جېنىنى قويماسلىق، ئالدىراش.

زاققال (zaqqal): كۆزىنى ئۇزمەي قاراش، دىققەت بىلەن كۆزىتىش. مەسىلەن: سەن ئۇنىڭغا زاققال

ساقاق (saqaq): بېلىقنىڭ نەپەس ئېلىش ئەزاسى» ؛ ئۆچكىنىڭ ئېڭىكىدىكى بىر تۇتام تۈك.

سۆرۆ (sörö): دۆۋە؛ ئوت، پىچان دۆۋىلەش ئۈچۈن يەردىن ئېگىز قىلىپ سېلىنغان قوتان.

سۇكېچە (sukečä): چارۋىلارنىڭ ئوشۇقىدىن تىزىغىچە بولغان سۆڭىكىنىڭ ئاتىلىشى.

سۇلاق (sulaq): مال ـ ۋارانلار سۇ ئىچىدىغان جاي، يەنى قىش پەسلى قوي ـ كالىلارنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن مۇزنى چېپىپ ئاچقان يەر.

سەيپى قىلىش (säypi qiliš): هەزەر ئەيلەش، ئۆزىنى قاچۇرۇش.

شاپىراق (šapiraq): دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى.

شىمالىپ قېلىش (šimalip qeliš): پىشىپ ئۆتـۈپ كېتىش؛ قـول قاتـارلىق ئەزالارنـىڭ قايناقـسۇدا كۆيـۈپ پىشىپ قېلىشى.

شۈدە (šüdä): كىر. مەسىلەن: قولۇڭ بەك شۈدە بولۇپ كېتىپتۇ يۇيۇۋەتكىن.

غايلاپ كېتىش (ğaylap ketiš): تىك ھاڭ ياكى تار يەردىن ماڭغاندا بېشى قېيىپ يىقىلىپ كېتىش.

غوقا (ğoğa): ياغاچتىن ياسالغان گۆش ۋە ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئىلىپ قويـۇش ئۈچـۈن ئىـشلىتىدىغان ياغاچ ئىلغۇچ .

غىيىلىش (ğiyiliš): ئالىيىش .

قاتىلماق (qatilmaq): ياردەملەشمەك. مەسىلەن: ماڭا بىردەم قاتىلىشىپ بەرسەڭچۇ؛ قاراپ تۇر جۇمۇ!

قازانوچوق (qazanočoq): ئاشخانا؛ تاماق ئېتىدىغان ئوچاقنى كۆرسىتىدۇ.

قاغدۇ (qağdu): قىش پەسلى چارۋىلارغا بېرىش ئۈچۈن كۈزدە كېسىپ قۇرۇتىۋېلىنغان توغراق نوتىلىرى.

قالجاق (qaljaq): چىشى جەرەننىڭ ئاتىلىشى، ئەركىكى تېكە، بالىسى ئوغلاق دەپ ئاتىلىدۇ.

قورۇنجۇ قىلىش (qorunju qiliš): قوغداش، دالدا قىلىش.

قولۇشتۇق (qoluštuq): توي قىلماقچى بولۇپ كۆڭلىگە پۈككەن ئادەم. مەسىلەن: قولۇشتۇقۇڭ بارمۇ؟

قىرچىن (qirčin): توغراق بىخچىسى، يېڭىدىن ئۈنۈپ چىققان توغراق كۆچىتى.

قىسىم (qisim): قاسماق؛ پولۇ ئەتكەندە قازاننىڭ ئاستىدىكى كۆيۈپ كەتكەن قىسمى.

قېينىگەچ (qeynigäč): ئايالىنىڭ ئاچىسى ياكى سىڭلىسىنى ئاتاش ئۇسۇلى.

قېيىن ئاغا (qeyin ağa): ئايالىنىڭ ئاكىسى ياكى ئۇكىسىنى ئاتاش ئۇسۇلى.

كۆبدۈن (köbdun): قارنى يوغان، تويىماس. مەسىلەن: ئۇ تازىمۇ كۆبدۈن نېمە ئىكەن.

كۆدەي (ködäy): قومۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان زەي سۇدا ئۈنىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

كۆك بۆرەك (kök böräk): ئۇششۇق، مۇتتەھەم.

كۆكۈجۈن (kökujun): كۆكەمە، ئۇششۇق؛ مەسىلەن: ئۇ تازىمۇ بىر كۆكۈجۈن ئادەمكەن.

كۆڭتەي (köngtäy): سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نو شەكىللىك ياغاچ.

كۆۋىلەش (kövilăš): ئېغناش (ھايۋانلارغا ) ئىشلىتىلىدۇ.

كېرەل (keräl): كېلە (قۇملۇقلاردىكى ئۆمۈلۈگۈچى جانلىق).

كېـشىك (kešik): چوڭلارنـىڭ ئـۆزى ئـازراق يەپ بولـۇپ كىچىـك بالىلارغـا ئاشـۇرۇپ بەرگەن تـامىقى. مەسىلەن: بالام سەن مېنىڭ كېشىگىمنى يېگىن ھە!

گارايى (garayi): دۆت، لەقۋا، ھېچنىمىنى ئۇقمايدىغان.

گىدىك (gidik): كۈچۈك، ئىتنىڭ كۈچۈكى.

لىڭشىمال (liŋšimaq): دەريا ـ ئۆستەڭلەرگە كىشىلەر سېلىۋالغان، توغراق ياغىچى بىلەن جازا قىلىۋېلىـپ، ئۈستى يۈلغۈن شېخى بىلەن يېپىلغان ئاددىي كۆۋرۈك.

ماز (maz): كونا پاختا؛ ئۆپكە قۇيغاندا ئىشلىتىدىغان خېمىر ئېرىتمىسى.

نىياۋە (niyavä): نېسىۋە، يەنى مەلۇم نەرسىنى بۆلگەنـدە ھەربىـر ئـادەمگە كېلىـشكە تېگىـشلىك نەرسـە. مەسىلەن: ئۇنىڭ نىياۋىسىنى ئېلىپ قويدۇڭمۇ؟

يالتىغـاي (yaltiğay): تارتىنچاق، كۆڭلىـدە گېپـى بولـسىمۇ دېيەلمەيـدىغان. مەسـىلەن: تـازىمۇ يالتىغـاي نېمىكەنسەن.

ياڭشاش (yaŋšäš): 1) تىللاش، خاپىلاش. مەسـىلەن: دادام مېنـى ياڭـشاپ كەتتـى؛ 2) يـېقىن قىلىـپ چېتىپ قويۇش. مەسىلەن: ئېشەكنى تۇشاپ قويدۇڭمۇ؟

ھەلەق (häläq): مەينەت (كىچىك بالىلارغا ئىشلىتىلىدۇ). مەسـىلەن: بـالام ئـۇ ھەلەق نەرسـە ئىـكەن، تۇتماڭ ھە !

ھەر خىـل ئىنـسان توپىنـىڭ ئىجتىمـائىي تۇرمۇشـى مـۇئەييەن جۇغراپىيەلـىك مۇھىـت ئىچىـدە ئەمەلـگە

ئاشقاچقا، تۇرلۇك تىللار ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئۆزىنىڭ ئىزىنى قالدۇرۇپ ماڭىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مۇھىت ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بەلگىلىگەچكە، ئۇ دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ھەرخىل لېكسىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. جۇغراپىيەلىك مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، دىيالېكت ـ شېۋىلەرنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبلىرىدىمۇ ماس ھالدا يېڭىلىنىش يۈز بېرىپ، بەزى تەركىبلەر ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالسا، بەزى تەركىبلەر داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدۇ. ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان دىيالېكت پەرقى ياكى ئوخشاش بولمىغان دەۋرنىڭ مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان دىيالېكت پەرقى بولسۇن ئوخشاشلا دىيالېكت تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەدەنىيەت، تارىخ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىيالېكت لېكسىكىسى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. لوپنۇر دىيالېكتىدا جۇغراپىيەلىك مۇھىتنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن تۆۋەندىكىلەر ئۇچرايدۇ: ئۆسسۆك ــ ئۆستەڭ؛ ئۆتتۆ ــ كىچىك كۆل، پارچە ـ پۇرات كۆللەر؛ ئىلەك ~ ئەلەك ــ دەريانىڭ تارناق ئېقىنى؛ يىمەن ــ دەشت، چۆل ــ باياۋان؛ ئۈيموت ~ ئۈيمات ــ ئۈيمان؛ گۆۋۈ ــ گوبى؛ سەرلىك ــ تۆپىلىك، دۆڭلۈك؛ جەڭگەل ــ جاڭگال قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر قايسى جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئوخشاش بولمىغان يەر ناملارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. لوپنۇر دىيالېكتىدىكى يەر ناملىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتى ۋە خوتەن دىيالېكتىدىكى يەر ناملىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

**تۆتىنچى، لوپنۇر دىيالېكتى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ**

ئىنسانىيەت ۋە مەدەنىيەت تىل (سۆز)دا ئاپىرىدە بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق سىمۋول (رەمزە) ۋە بەلگىلەر بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ۋە بوستانلىق شارائىتىدىكى چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىدە ئوخشاش بولمىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ئوخشاش بولمىغان سۆز ـ ئاتالمىلار ئىپادىلىنىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىلگىرىكى زامانلاردا ئاساسلىقى بېلىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا بېلىق تۇتۇش ۋە ئوۋ ئوۋلاشقا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

مانجار ــ تار بوغۇزدىكى ئېقىن سۇغا سېلىپ قويۇلىدىغان، بېلىق تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان، تالدىن توقۇلغان تەتۈر ئېغىزلىق سېۋەت.

غارغالتا ــ پورت، كېمە توختايدىغان جاي.

سۆسۆك ~ سۇسۇك ــ كۆلگە يېڭى سۇ كىرگەندە بېلىقلارنىڭ توپلىشىپ سۇ ئۈستىگە چىقىشى.

قاما ــ بېلىق تۇتىدىغان تورغا باغلىنىدىغان ياغاچ.

كەپ ــ تور توقۇيدىغان ئەسۋاب.

كۆلچى ــ كۆلچى، كۆلدىن بېلىق تۇتقۇچى.

گۆكۇ ــ بېلىق قارمىقى.

گۆلمۆ ~ گۆلمى ــ بېلىق تورى.

لاقۇ ــ لاقۇ بېلىقى (قاسرىقى يوق بىر خىل بېلىق بولۇپ، تارىم دەرياسىدا كۆپ ئۇچرايدۇ).

تاياماق ــ قولۋاق ۋە كېمىلەرنى ھەيدىمەك.

تىرنا ــ كىچىك بېلىق.

يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن لوپنۇرلۇقلار چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى ھەمدە ئولتۇراق تۇرمۇشقا قەدەم قويدى.

لوپنۇر دىيالېكتىنى ۋاستە قىلغان لوپنۇر مەدەنىيىتى بوگۇنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەھەللىۋى مەدەنىيەتلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. لوپنۇر دىيالېكتى لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى،

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى، مىجەز ـ خۇلقى قاتارلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇنى لوپنۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەينىكى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە ئېيتىلىۋاتقان لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى، خەلق ناخشىلىرى، خەلق چۆچەكلىرى، خەلق تېپىشماقلىرى لوپنۇر دىيالېكتىدىن مۇستەسنا قىلىنىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىدۇ. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى لوپنۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، لوپنۇر دىيالېكتى لوپنۇرلۇقلار ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ۋە توشۇغۇچىسى، گەرچە لوپنۇرلۇقلارنىڭ نۇرغۇن ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىگە ئەگىشىپ يوقىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن لوپنۇر دىيالېكتىدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، يېمەك ـ ئىچمەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش، كېيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان نۇرغۇن ئادەت سۆزلىرى، ماقال ـ تەمسىللىرى، ناخشا ـ قوشاقلىرى، شۇنداقلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نۇرغۇن نامايەندىلىرى ساقلىنىپ قالغان. لوپنۇر دىيالېكتى بۇلارنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، لوپنۇر مەدەنىيىتى لوپنۇر دىيالېكتىدىن ئايرىلسا ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ.

## 2. لوپنۇر دىيالېكتى ئىستېمال دائىرىسى تارىيىشىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە سەۋەبلىرى

ئازادلىقتىن بۇرۇن، لوپنۇرلۇقلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقى، قاتناشنىڭ قۇلايسىزلىقى، باشقا دىيالېكت ـ شېۋە رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بېرىش ـ كېلىشىنىڭ قويۇق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، لوپنۇر دىيالېكتىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ تەسىرىمۇ ئاز ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، لوپنۇر رايونىدا سودا، سانائەت، دېھقانچىلىق، قاتناش ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، لوپنۇر دىيالېكتى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن تەدرىجىي يېقىنلاشتى. نەتىجىدە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ياشانغان لوپنۇرلۇقلارلا لوپنۇر دىيالېكتىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان دېھقانلاردا ئەدەبىي تىلنى ئىستېمال قىلىش خاھىشى پەيدا بولدى. بۇنداق خاھىش ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، بولۇپمۇ غەربنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كۈچىيىپ باردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، نوپۇسنىڭ ئېشىشى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ ئىستېمال دائىرىسى بارغانسېرى تارايماقتا، بولۇپمۇ ياشلار لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلىمەيدىغان بولۇپ قالدى. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، لوپنۇردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەردە نۆۋەتتە لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلىيەلمەيدىغان ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. لوپنۇردىكى ئوقۇغۇچىلار، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، دېھقانلار، دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلەش ئىقتىدارىنى كۆزەتكىنىمىزدە، ياش پەرقى بىلەن تىل ئىستېمال قىلىش ئوتتۇرىسىدا ئۆرگانىك باغلىنىش بارلىقىنى بايقىدۇق. تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا، لوپنۇر دىيالېكتى رايونىدىن تاللاپ تەكشۈرۈلگەن يېشى 30 ياشتىن يۇقىرى بولغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 100 كىشى ئىچىدە، 80% كىشىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىدا ياخشى سۆزلىيەلەيدىغانلىقى ياكى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغانلىقى، يېشى 18~22 ئەتراپىدىكى 60% ئوقۇغۇچىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلىيەلمەيدىغانلىقى، يېشى 9 ~15 ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە، 90% ئوقۇغۇچىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلىيەلمەيدىغانلىقى ياكى ئاڭلاپ چۈشىنەلمەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا بارا ـ بارا ئىستېمالدىن قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن، لوپنۇر دىيالېكتى رايونىنىڭ ناھىيە ـ شەھەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا يېزا ـ بازارلاردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىنى سۆزلىيەلىشى ۋە ئاڭلاپ چۈشىنەلىشى بىرقەدەر ياخشى بولسىمۇ، لېكىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ پۈرىقى يەنىلا كۈچلۈك، ئۇلار سۆز ـ جۈملىلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن لوپنۇر دىيالېكتى تەركىبلىرىنى ھامان ئارىلاشتۇرىۋېتىدۇ. لوپنۇر دىيالېكتى ئىستېمال دائىرىسى تارىيىشىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە ئامىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

1) تىل مۇھىتىنىڭ يوقىلىشى. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، لوپنۇر ناھىيەسىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئالاقە ئادەتتە لوپنۇر دىيالېكتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يۈرگۈزۈلمەكتە. مەكتەپلەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تەربىيەسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيەلىنىشىگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. گەرچە يېشى چوڭراق لوپنۇرلۇقلارنىڭ تىلىدا لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ پۈرىقى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ تىلىدا ئەدەبىي تىلنىڭ سالمىقى ئېغىر. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب شۇكى، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، لوپنۇر رايونى «كۆچمەنلەر رايونى»غا ئايلانماقتا. ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىيالېكت رايونلىرىدىن كەلگەن «كۆچمەنلەر» نوپۇسىنىڭ ئارتىشى ئورتاق تىلدا ــ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سۆزلىشىش ئېھتىياجىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇڭا، نۆۋەتتە لوپنۇر دىيالېكتى دۇچ كەلگەن ئەڭ مۇھىم مەسىلە، تىل مۇھىتىنىڭ كەم بولۇشى مەسىلىسى بولۇپ قالدى.

2) ياشاش مۇھىتىنىڭ تارىيىشى. لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ ياشاش مۇھىتىنىڭ تارىيىشىنى ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرىدىن باشقا يەنە تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ سانى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتى ۋە خوتەن دىيالېكتىدىن زور دەرىجىدە ئاز بولۇپ، يېزىلارغا، چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كورلىنى مەركەز قىلغان مەركىزىي دىيالېكت چەمبىرى لوپنۇر دىيالېكتىنى قورشاپ تۇرىدۇ. كورلا ۋە لوپنۇر ناھىيەسى ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى لوپنۇرلۇقلارنىڭ شەھەرلىشىشىنى تېزلەتتى. ئاتا ـ ئانىسى نەدە بولسا، بالىلىرىمۇ شۇ يەردە بولىدىغان بولغاچقا، بالىلار شەھەردە باشقىلار بىلەن راۋان تىل ئالاقىسىدە بولۇشى ئۈچۈن، لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلەشتىن ۋاز كەچمەكتە. لوپنۇرلۇقلارنىڭ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇلار يات مۇھىتقا ئاسانلا ئۆزلىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، بۇنداق خاراكتېر لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ تەدرىجىي يوقىلىشىغا سەۋەب بولماقتا.

3) قوغداش ئېڭىنىڭ ئاجىز بولۇشى. لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتى ۋە خوتەن دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دىيالېكتنى قوغداش، ئاسراش ئېڭى ئاجىز دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىنى قوغداشقا ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىغانلىقىمۇ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

## 3. لوپنۇر دىيالېكتىنى قوغداشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى

تىلنى قوغداش مەسىلىسى ــ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تىللارنى قوغداشنى كۆرسىتىدۇ. تىلشۇناسلار بۇ مەسىلىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە، بىرقانچە قېتىملىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان. بۇ يىغىنلاردا ئالىملار يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تىللارنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىللارنىڭ كۆپ خىللىقىنى ساقلاپ قېلىش، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تىللارنىڭ ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلەش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە بىردەك تونۇشقا كەلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت ئورگىنى ئانا تىلنىڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەر شارىدىكى كۆپ قىسىم تىللارنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، پۈتۈن دۇنياغا ھەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىنى «دۇنيا ئانا تىل كۈنى» قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى جاكارلىدى.

دىيالېكتلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە قوغداش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك سىياسەت، تەدبىر، ۋاسىتىلەر ئارقىلىق دىيالېكتلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش، ئىشلىتىلىشىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، بولۇپمۇ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان دىيالېكتلارنىڭ يوقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. تۈرلۈك دىيالېكت ـ شېۋىلەرنى قوغدىغاندىلا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ. ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدىن باشقا، يەنە خەنزۇ تىلىنىڭ دىيالېكتلىرىمۇ مەۋجۇت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزدە خەنزۇ تىلىنىڭ دىيالېكتلىرىنى قوغداش يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان ئاز

سانلىق مىللەت تىللىرىنى قوغداشقا قارىغاندا ئالىملارنىڭ كۆپرەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنى قوغداش مەسىلىسى تېخى ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. لېكىن، يەر شارىلىشىش يۈزلىنىشىنىڭ دۇنيادىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان خەۋپى، ئېلىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان غەربنى كەڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، خەلقئارادىكى ئالىملارنىڭ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تىللارنى قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش ھەققىدىكى بىردەك تونۇشى قاتارلىق نۇقتىلاردىن قارىغاندا، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان دىيالېكتلارمۇ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تىللارغا ئوخشاشلا قوغدىلىشقا موھتاج.

**بىرىنچى، لوپنۇر دىيالېكتىنى قوغداشنى ئۇيغۇرلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك**

يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان دىيالېكتلارنى قوغداش مەسىلىسىنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلساق، ئېلىمىزدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرى ھەققىدە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىنغان ۋە بۇ ساھەدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىزمەتلەر نوقۇل تىلشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا ئىشلىنىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نۇقتىسىدىن ئىشلەنمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن نەزەرىيىۋى ئۆلچەملەر ۋە خىزمەت مىزانلىرى مەۋجۇت بولۇپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان دىيالېكتلارنى قوغداشنىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىدۇ. ئەگەر يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان دىيالېكتلارنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىز دەيدىكەنمىز، ئېگىزلىك نەزەرىيە، خىزمەت پىرىنسىپى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. گەرچە بۇنىڭ شەرت ـ شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن لوپنۇر ناھىيەسىدە لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەدەنىيىتىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان لوپنۇر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى قۇرۇش ــ يەرلىك ھۆكۈمەت ئالدىن ئويلىشىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

**ئىككىنچى، تاراتقۇلارنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىنى قوغداش ۋە لوپنۇر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى رولىغا ئەھمىيەت بېرىش**

لوپنۇر دىيالېكتى يالغۇز لوپنۇرلۇقلارنىڭ يەرلىك تىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە لوپنۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم بولغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. دىيالېكت ـ شېۋىلەر مەھەللىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم توشۇغۇچىسى، دىيالېكت ـ شېۋىلەرنى قوغدىغانلىق مەھەللىۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر لوپنۇرلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ دىيالېكتىدا سۆزلىيەلمىسە، لوپنۇر قوشاقلىرى، ناخشىلىرى ۋە باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن لوپنۇر مەدەنىيىتىمۇ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. شۇڭا، لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ يوقىلىشى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت، كىتاب، ژۇرنال، ئىنتېرنېت، قول تېلېفونى قاتارلىق ئاممىۋى تاراتقۇلاردا لوپنۇر دىيالېكتىغا مۇناسىۋەتلىك پىروگراممىلارنى بېرىش كېرەك.

**ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىنى جانلاندۇرۇش**

ئەدەبىي تىل بىلەن دىيالېكت زىددىيەتلىك ئەمەس، شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن جانلاندۇرۇش كېرەك. يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان دىيالېكتلارنى قوغداش مۇرەككەپ مەسىلە. چۈنكى، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان دىيالېكتلارنى قانداق قوغداش، ئۆلگەن دىيالېكتلارنى قانداق تىرىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ تىل ماتېرىياللارنى قانداق خاتىرىلەش، دىيالېكتتىن ۋاز كەچكەن توپقا قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر

يەنە بىر جەھەتتىن ئورتاق ئەدەبىي تىلنى يولغا قويۇش مەسىلىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئادەتتە ئىنسانلار كۆپ ھاللاردا نۇرغۇن تىللارنى ئىگىلىگەن بولىدۇ، شۇڭا ئەدەبىي تىل بىلەن دىيالېكت ـ شېۋىلەرنىڭ زىددىيىتىدىن ئەنسىرەشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق.

لوپنۇر دىيالېكتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەھەللىۋى مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىرى بولغان لوپنۇر مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغاچقان، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «يۇقرالىق ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇققا دائىر خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نىڭ 27 ـ ماددىسىدا: «ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلارغا ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، لوپنۇرلۇقلار ئۆزىنىڭ دىيالېكتىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بار. گەرچە لوپنۇر دىيالېكتىنى قوغداش ھەققىدە مۇھاكىمىلەر بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلە تېخى ھەرىكەت باسقۇچىغا كىرمىدى. لوپنۇر دىيالېكتىنى قوغداشتا، مۇھىمى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى تەكىتلەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن لوپنۇر ناھىيەسى ۋە لوپنۇرلۇقلار مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئۈن ـ سىن، كۆككۆل ئېچىش ۋاستىلىرى، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئاممىۋى ئالاقە قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، لوپنۇر دىيالېكتىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى زۆرۈر. بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە لوپنۇر دىيالېكتى دەرسىنى تەسىس قىلىش، ئەل ئىچىدە لوپنۇر دىيالېكتىدا ناخشا ئېيتىش، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش، رادىيو ـ تېلېۋىزىيەدە لوپنۇر دىيالېكتىدا پىروگراممىلارنى بېرىش، دۆلەت مەمۇرلىرىنىمۇ لوپنۇر دىيالېكتىنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ تىل مۇھىتىنى بەرپا قىلىشنى ئويلىشىش كېرەك.


**پايدىلانمىلار:**

1. مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.

2. مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

3. مۇھەببەت قاسىم قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

4. مويدىن سايىت: «لوپنۇر ئەسلىمىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.



**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى



**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر

ئايشەمگۈل ئابدۇرېشىت

مۇھىم مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە جانلىق تىل (ئېغىز تىلى)نىڭ رولى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى يېتەرسىزلىكلەر ئۈستىدە توختىلىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش، ئۇنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇيغۇر؛ جانلىق تىل؛ مەسىلە

تىل ــ ئادەتتە يېزىق تىلى (كىتابىي تىل) بىلەن جانلىق تىل (ئېغىز تىلى)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزىق تىلى ــ بىرلىككە كەلگەن ئىملا قائىدىسى بويىچە نەشر قىلىنغان بارلىق گېزىت-ژۇرنال، خەت-ئالاقە، كىتاب-ماتېرىيال، نەشرىياتچىلىق ساھەلىرىدە قوللىنىلىۋاتقان مەتبەئە تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ جانلىق تىل ــ نۇتۇق، سۆھبەت، رادىيو- تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى، كىنو-تىياتىرلار، دوكلات، لېكسىيە، ئوقۇ- ئوقۇتۇش ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىدە شۇنداقلا تۇرمۇش، خىزمەت، ئائىلە ۋە سودا ئىشلىرىدا ئىختىيارىي ھالدا سۆزلەش، نۇتۇق بايان قىلىش، ئۆزئارا ئەھۋاللىشىش، مۇڭدىشىش، سىردىشىش ۋە پاراڭلىشىشتا قوللىنىلىدۇ.

## 1. جانلىق تىلىنىڭ رولى

تەرەققىياتنىڭ تېزلىشىشى، تۇرمۇش سەۋىيەرىمىزنىڭ ئېشىشى داۋامىدا، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە بېرىش-كېلىشلەر قويۇقلاشماقتا، ئىدىيە، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىق بارغانسېرى كېڭەيمەكتە، ھەر خىل بىلىم ۋە ئۇچۇرلار كۆپلەپ تارقالماقتا، ھەرقايسى ساھەلەردىكى تارقىتىش ۋە ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرى كۈندىن-كۈنگە زامانىۋىلاشماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا، تەپەككۇرى ئادەتتىكىچە سەۋىيەدە توختاپ قالغان، بىلىم سەۋىيەسى تۆۋەن، گەپ- سۆزلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان كىشىلەر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇنداق ۋەزىيەتكە ماسلىشالماي شاللىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئەخلاق-پەزىلىتى ياخشى، بىلىمى چوڭقۇر، ماھارىتى باشقىلاردىن بىرقەدەر ئۈستۈن تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ سۆز قىلىشقا ماھىر بولمىسا، بىرەر ئىش ئۈستىدە كېكەچلەپ، ئېيتماقچى بولغان سۆزىنىڭ مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ ياكى سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتەلمەي مەقسىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جانلىق تىلىنىڭ رولى ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئىنتايىن مۇھىم. جانلىق تىلىنىڭ رولىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، جانلىق تىل يېزىق تىلىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەم پەرق ھەم بىرلىك بولىدۇ، يېزىق تىلى جانلىق تىلىنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى جانلىق تىل يېزىق تىلىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، يېزىق تىلى جانلىق تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن مىللىي تىلىنىڭ مۇكەممەل شەكلىدىن ئىبارەت.

جانلىق تىل تۇرمۇشقا يېقىن بولۇپ، ئاممىباپ، تەبىئىلىكى كۈچلۈك ۋە مول مەزمۇنلۇق بولىدۇ. يېزىق تىلى بولسا جانلىق تىلنى تاۋلاش ۋە ئىشلەش ئارقىلىق يارىتىلىدىغان بولغاچقا، يېزىق تىلى جانلىق تىلىنى ئۆزىنى بېيىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئوبيېكتى قىلىدۇ. جانلىق تىل يېقىملىق، جانلىق ۋە ئىپادىلەش

كۆچىگە باي بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولىدۇ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئۇنى چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشىمۇ ئاسان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جانلىق تىل يېزىق تىلىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يېزىق تىلىنىڭ جانلىقلىقى، تەبئىيلىكىنى ئاشۇرىدۇ. جانلىق تىل يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بېيىشىنى، شۇنداقلا ئومۇملىشىپ قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، جانلىق تىل پەرزەنت تەربىيەسىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە جانلىق تىلنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. باللارنىڭ دەسلەپكى تىلى ئائىلىدە چىقىدۇ، باللار ئائىلە ئەزالىرىدىن تىل ئۆگىنىدۇ، شۇڭا ئائىلىدە قوللىنىلغان تىلنىڭ قانداق بولۇشى باللارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەممە بالىنىڭ نەزىرىدە ئۆز ئاتا ـ ئانىسى پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ ئۈلگىسى بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەممىلا ئىش ـ ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزلىرى تەبئىي ھالدا بالىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار گەپ ـ سۆزگە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، قوپال، سەت گەپلەرنى قىلمايدۇ، سىلىق، سىپايە سۆزلەرنى قىلىدۇ ۋە باللىرىغىمۇ گۈزەل، مەدەنىيەتلىك سۆزلەرنى قىلىشى توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ، بۇنداق ئائىلىلەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن باللار مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇپ، باللار ئارىسىدا ياكى چوڭلار ئالدىدا بولسۇن ھەرگىز سەت، قوپال گەپ ـ سۆزلەرنى قىلمايدۇ. يەنە بىر قىسىم ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانىلار گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلمايدۇ، باللار ئازراقلا كەمچىلىك سادىر قىلىپ قويسا ياخشى گەپلەر بىلەن تەربىيە بېرىشنىڭ ئورنىغا «ھۇ نانقېپى»، «قۇلاق كەستى»، «ئادەم بولمايدىغان ھايۋان» دېگەندەك سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ، ئۇرۇپ بالىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدۇ. ئائىلىلەردىكى بۇنداق قوپال، سەت گەپ ـ سۆزلەر ئەمدىلا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان باللار تەرىپىدىن ئاڭسىز ھالدا قوبۇل قىلىنىدۇ.

دېمەك، پەرزەنت ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۈمىدى ۋە ئەجدادلارنىڭ ۋارىسى. ئائىلە ــ پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى بۆشۈك، ئەگەر ئائىلىدە ئەر بىلەن ئايال، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل قېرىنداشلار سۆز ئىشلىتىشكە ماھىر بولماي، سىلىق، سىپايە سۆزلەرنىڭ ئورنىغا قوپال، سەت سۆزلەرنى قىلىدىغان، سۆزلەرنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغان، باشقا تىللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، چالا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالسا، بۇ خىل ناچار ئادەت پەرزەنتلەرگە يامان تەسىر بېرىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدە پاسسىپ رول ئويناپلا قالماي، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئايرىم ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بۇ خىل ناچار خۇلقى ۋە مەدەنىيەتسىز يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئاڭسىز ھالدا جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىنىپ، جەمئىيەتتىكى باللارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇلغايدۇ.

ئۈچىنچى، جانلىق تىل ـ ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەردە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر شۇنىڭدەك جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ياشلار سۆز قىلىشقا ماھىر بولمىغاچقا (گەرچە ئۆزلىرىنىڭ سىرداش دوستلىرى ياكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە بولغاندا ئانچە قورۇنماي تەبئىي سۆزلىشىپ كېتەلىسىمۇ)، ئادەم كۆپ سورۇنلاردا، يىغىنلاردا سۆز قىلغاندا ياكى رەھبەرلىككە خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە باشقا ئىشلارنى دوكلات قىلغاندا دۇدۇقلاپ دېمەكچى بولغانلىرىنى تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ جانلىق تىلغا ماھىر بولماسلىقى ئۆزىنىڭ ھەر خىل پايدىلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

جانلىق تىل كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت جەريانىدا تېز ئىلگىرىلەپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ ئاساسى. ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى، ساۋاقداش بىلەن ساۋاقداش، رەھبەر بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچى، خىزمەتداش بىلەن خىزمەتداشلار ئارا توغرا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئاچقۇچى دەل جانلىق تىلغا ماھىر بولۇشتا. جانلىق تىلغا ماھىر بولۇپ، تىلنى توغرا، جايىدا ۋە راۋان ئىشلىتىشنى بىلگەندە، يۇقىرىقى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپلا قالماي، يەنە ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەستايىدىل كۆزىتىش، چۈشىنىش، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، جانلىق تىل كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. جانلىق تىل

كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىشىدا ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشىدا شۇنىڭدەك بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشىدە ۋاستىلىق رول ئوينايدۇ. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىپ، ئالاقىمىزگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال تىل ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە چۈشىنىشىدۇ. مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئادەتتىكى گەپ ـ سۆزى ـ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شۇ كىشىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ئاڭ ساپاسى ۋە تەربىيەلىنىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا تىلەك، تەكەللۇپ، ئۈمىد، ئالقىش، رەنجىش، قەسەم، قارغىش، خۇشاللىنىش، كىنايە، تەنە، ئۆتۈنۈش، ئارزۇ، قايىل بولۇش، سۆيۈنۈش، ئەركىلەش، ماختاش، پەخىرلىنىش، نەپرەت، مىننەتدارلىق تۇيغۇلىرى بىلەن ئېيتىلىدىغان ئاغزاكىلىق پۈرىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان سۆزلەر كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. قانداق سورۇندا قانداق سۆزلەرنى ئىشلىتىش، قانداق ۋاقىتتا قاندان سۆزلەرنى ئىشلىتىش ۋە قانداق كىشىلەرگە قانداق سۆزلەرنى ئىشلىتىش ھەر بىر تىل ئىشلەتكۈچىنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە بولغاچقا، سۆزلىگۈچىنىڭ تىلىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ ئادەمنىڭ تەربىيەلىنىش ئەھۋالى، ئەخلاقى، خاراكتېرى ۋە ساپاسىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئائىلىۋى، قولۇم ـ قوشنىلار، خىزمەتداشلار، تونۇش ـ بىلىشلەر ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئۆزئارا كۆرۈشكەندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، «تىنچلىقمۇ»، «ئۆي ئىچى ئوبدانمۇ؟»، «چوڭلار (چوڭ ئانام، چوڭ دادام، بوۋام، ئاپپاي...) تىنچلىقمۇ؟» دەپ سالاملىشىپ تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىدۇ. خوشلاشقاندا ياكى بىرەرسىنى سەپەرگە ئۇزاتقاندا «خەير ـ خوش»، «ئامان بولۇڭ»، «ئاق يول بولسۇن»، «خۇداغا ئامانەت»، «ئاللاغا تاپشۇردۇم»، «سالامەت بولۇڭ»، «كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ» دېيىشىپ خوشلىشىدۇ. بۇ سۆزلەر شۇنداق ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ئاممىباب ھەم راۋان بولۇپ، كىشىگە تەبىئىيلىك ۋە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ.

جانلىق تىل يېزىق تىلىغا نىسبەتەن ئىخچام، ئاممىباب، ساپ ھەم ئۇسلۇبى يارقىن، مەنىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، ئادەتتىكى ئاغزاكى گەپ ـ سۆزلەردە سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ جايىدا، سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئۆلچەملىك قوللىنىلىشى، نۇتۇقنىڭ راۋان، مەنتىقىلىق، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇشى، ئاڭلىغۇچىدا سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ ھەمدە شۇ كىشىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان، يارامىلىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلغان مەكتەپلەردە جانلىق تىلنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا «ئەلاچى بالا»، «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى»، «تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچى»، «ئۆگىنىشكىز نەتىجىلىك بولغاي»، «ئىقتىدارلىق تەربىيەچى»، «تالانتلىق ئوقۇغۇچى»، «ئەقىللىق قىز»، «سالام مۇئەللىم»، «سالام ئوقۇغۇچىلار»، «خەير ـ خوش مۇئەللىم»، «كۆيۈمچان باغۋەن»، «نانقېپى»، «دۆت، كالۋا»، «قاپاقباش»... دېگەنگە ئوخشاش مەدھىيەلەش، ماختاش، تەنقىد، تەربىيە مەنىسىدىكى سۆزلەر كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدا كۆپرەك ئوقۇتقۇچى سۆزلەشنى، ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگىنىنى ئاڭلاشنى ئاساس قىلغاچقا، ئوقۇتقۇچى تىلغا بولۇپمۇ جانلىق تىلغا ماھىر بولۇشى ۋە تىلىنىڭ ساغلام، سىلىق، ساپ، قېلىپلاشقان، تەلەپپۇزىنىڭ توغرا، ئېنىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلىرى تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا ئىشلىمىسە، دەرس ئىنتىزامىنى بۇزسا، تەربىيە بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى قوپال سۆزلەر بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا تىللاپ دۇشكەللەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ روھىي زەربىگە ئۇچراپ، ئوقۇشتىن رايى يانسا، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا «ئوقۇتقۇچى مۇشۇنداق گەپ قىلسا بولامدۇ؟» دەيدىغان ئاڭ پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىدىغان بولۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەندە تىلغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن يېتىلدۈرۈپ، تىل مەسىلىسىگە ئېتىبارسىز قارايدىغان ئەھۋال يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

## 2. ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، تىل-يېزىق خىزمىتىگە ئائىت قائىدە-نىزاملارنى تۈزۈپ، مىللەتلەر تىل-يېزىق ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل-يېزىق ئىشلىرىمۇ كۈندىن-كۈنگە يۈكسەلدى. پەن-مەدەنىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلىمۇ بارغانسېرى بېيىپ، تەرەققىي قىلىپ، بۇ ساھەدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن ئالتە توملۇق ۋە بىر توملۇق قىلىپ تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» ھەمدە باشقا نۇرغۇن كەسپىي لۇغەتلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ لۇغەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇيغۇر تىلى ئالاقىسىدە قوللىنىلىدىغان تىل ۋە يېزىق ئۆلچىمىنى بەلگىلەپ، ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، يېڭى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر جانلىق تىلدا بەزى سۆز-ئىبارىلەرنى خاتا ئىشلىتىپ، ئانا تىلىنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ ياكى ئانا تىلغا باشقا تىللارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ، تىلنىڭ قېلىپلىشىشىغا ۋە توغرا يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا. تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئۆزۈم ھېس قىلغان بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

بىرىنچى، ئۇيغۇر تىلىغا باشقا تىللارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەش ئەھۋالى مەۋجۇت. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىككى خىل تىل بىلىدىغانلىقىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىشنى مەقسەت قىلامدۇ ياكى مودا قوغلىشامدۇ، ئىشقىلىپ ھازىر جەمئىيىتىمىزدە يېرىم ئۇيغۇرچە-يېرىم خەنزۇچە ئەبجەش تىلدا سۆزلەيدىغان ئەھۋال خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «شاكې قىلدىم» (دەرستىن چۈشتۈم)، «شاڭۋاڭ قىلدىم» (تورغا چىقتىم)، «دۈەنشىن قىلدىم» (ئۇچۇر قىلدىم) دېگەندەك.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر دەل جايىدا قوللىنىلماي ئالماشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بەزى كىشىلەر تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنى دەل جايىدا قوللانماي ئالماشتۇرۇپ قوللىنىدۇ. مەسىلەن، «ئازار» بىلەن «ئاراز»، «قەرز» بىلەن «قەرزدار»، «ساراي»، «دالان»، «قازناق» ۋە «پېشايۋان» سۆزلىرى پەرقلەندۈرۈلمەي ئارىلاش قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بىز دائىم «ئالىيە بىلەن پەرىدە ئازارلىشىپ قالغىلى خېلى كۈنلەر بولدى»؛ «غالىب ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئازارلىشىپ قالغاچقا، ئۆيىگە قايتمىدى» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، بۇ جۈملىلەردە «ئاراز» سۆزىنىڭ ئورنىغا «ئازار» سۆزى ئالمىشىپ قالغان. «ئازار» سۆزى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، «بىراۋغا سېلىنغان ياكى سالغان جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىكى ئازاب؛ جەبىر-جاپا»①نى كۆرسىتىدۇ؛ «ئاراز» سۆزى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، «بىراۋنى ئەيىبلەپ، كۆدۈرەت ساقلاپ، گەپلەشمەي يۈرۈش ھالىتى»②نى كۆرسىتىدۇ. «مەن ئاينۇرغا 1000 يۈەن قەرز»؛ «خوجايىن ئۇنىڭ تاماق، ياتاق چىقىملىرىنى ھېسابلاپ يەنە 850 يۈەن قەرز قىلىپ قويۇپتۇ». بۇ جۈملىلەردە «قەرزدار» سۆزىنىڭ ئورنىغا «قەرز» ئالمىشىپ قالغان. «قەرز» سۆزى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن بېرىلىدىغان ياكى ئېلىنىدىغان پۇل، بۇيۇم ۋە شۇ قاتارلىقلار③نى كۆرسىتىدۇ؛ «قەرزدار» سۆزى «قەرز» سۆزىگە پارسچە «-دار» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان سۆز بولۇپ، باشقىلارغا قەرزى بار،

① ش ئۇ ئا ر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1-توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىلى نەشرى، 82-بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 1-توم، 57-بەت.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 4-توم، 206-بەت.

قەرز تۆلەيدىغان كىشى① نى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىش ئەھۋالى تىلىمىزدا ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، گەپ ـ سۆزلەردە سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ جايىدا، سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئۆلچەملىك قوللىنىلىشى، نۇتۇقنىڭ راۋان، مەنتىقىلىق، ئامما باب ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشىغا بەلگۈلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، تىلىمىزدا ئەسلىدە بار بولغان بىر قىسىم ئىبارىلەرنىڭ ئورنىغا باشقا سۆزلەرنى قوللىنىش ئەھۋالى مەۋجۇت. بەزى كىشىلەر تىلىمىزدا ئەسلىدە بار بولغان، مىللىتىمىز ئەزەلدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىرقىسىم ئىبارىلەر، مەسىلەن: «ماش»، «چىگىت يېغى»، «گۈل قەنت»، «ئالتۇن»، «گۈلە»، «ئۈندۈرمە»، «نېفىت» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا «يېشىل پۇرچاق»، «پاختا يېغى»، «قىزىل گۈل قەنت»، «سېرىق ئالتۇن»، «پۇرچاق ئۈندۈرمىسى»، «خام نېفىت»، «كونا ساۋاقداش» قاتارلىق سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتمەكتە. تىلىمىزدا «قىزىل پۇرچاق»، «سېرىق پۇرچاق»... دېگەندەك ئاتالغۇلار بار، لېكىن «يېشىل پۇرچاق» ئاتالغۇسى يوق. «ماش»نىڭ رەڭگىنىڭ يېشىللىقىغا قاراپلا «يېشىل پۇرچاق» دەپ ئاتىۋالساق، تىلىمىزدا ئەزەلدىن بار بولغان «ماش» ئاتالغۇسى ئىگىسىز قالماسمۇ؟ تۇرمۇشىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان مايلارنىڭ دانلىق زىرائەتلەردىن پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ، «چىگىت يېغىمۇ» چىگىتتىن پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ، پاختىدىن ھەرگىزمۇ ماي چىقارغىلى بولمايدۇ. «گۈل قەنت» پەقەت قىزىل گۈل بىلەن ئاق شېكەردىن ئىشلىنىدۇ، تا ھازىرغىچە قىزىل گۈلدىن باشقا گۈللەردىن گۈل قەنت ئىشلىنىپ باققىنى يوق، شۇڭا «قىزىل گۈل قەنت» دەپ ئاتاشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. «ئالتۇن»نىڭ قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز، شۇڭا كىشىلەر دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ سارغايغان ھالىتىنى، قۇياش نۇرىنى، قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بېلىقنى ۋە قىزلارنىڭ قىزغۇچ سېرىق چاچلىرىنى ئالتۇن رەڭگە ئوخشىتىپ ئالتۇن رەڭلىك يوپۇرماق، قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى، ئالتۇن بېلىق ۋە ئالتۇن رەڭلىك چاچ دەپ تەسۋىرلەشكە ئادەتلەنگەن. خانىم ـ قىزلىرىمىز زالتاينى «قىزىل ئالتۇن»، «پىلاتىنا» (pt) نى «ئاق ئالتۇن» دەپ ئاتىۋالغاچقا، «ئالتۇن»نىمۇ «سېرىق ئالتۇن» دەۋالغان؛ «ئۈندۈرمە» پۇرچاق ئائىلىسىدىكى«ماش» ۋە «سېرىق پۇرچاق»تىنلا ئىشلىنىدۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا نەرسىلەردىن «ئۈندۈرمە» ئىشلەنمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۈندۈرمە» ئاتالغۇسى پۇرچاقتىن چىقىرىلغان ئۈندۈرمىنى كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، «پۇرچاق ئۈندۈرمىسى» دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. «نېفىت» پىششىقلاپ ئىشلەگەندىن كېيىن بېنزىن، سەنەركە، كىرسىن... دەپ ئاتىلىدۇ، ھەرگىز «پىششىق نېفىت» ياكى «نېفىت» دەپ ئاتالمايدۇ، «نېفىت» ئاتالغۇسى تېخى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن ھالەتتىكى «نېفىت»نى كۆرسىتىدىغانلىقىغا قاراپلا، «خام نېفىت» دەۋالساق، پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىنكى ھاسىلاتلارنى نامى بويىچە ئاتىماي «پىششىق نېفىت» دەپ ئاتاش كېرەكمۇ؟ نەرسە ـ كېرەكلەر كونىرايدۇ، لېكىن ئادەم كونىرىمايدۇ پەقەت قېرىيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «كونا ساۋاقداش، كونا دوست» دېيىش مەنتىقىغە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. خەنزۇچىدىكى «老» خېتىنىڭ «قېرى، مويسىپىت» مەنىلىرىدىن باشقا، يەنە «بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى» مەنىلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. «كونا ساۋاقداش»، «كونا دوست» دېمەستىن، «بۇرۇنقى (ئىلگىرىكى) ساۋاقداش»، «بۇرۇنقى (ئىلگىرىكى) دوست» دېسەك تېخىمۇ راۋان بولىدۇ.

تۆتىنچى، بىرقىسىم ئىبارىلەرنى توغرا قوللانماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت. خۇددى تىلىمىزدا ئەسلىدىنلا شۇنداق قوللىنىلىپ كېلىۋاتقاندەك، بەزى كىشىلەر بىرقىسىم سۆز ـ ئىبارىلەرنى خاتا ئىشلىتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالماقتا. مەسىلەن، ھازىر جەمئىيەتتە بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ «قورسۇقۇم توق»نى «قوسۇقۇم جىق»؛ «يورۇقنى توسما»نى «قاراڭغۇنى توسما»؛ «يولۇڭغا قاراپ ماڭ»نى «كۆزۈڭگە قاراپ ماڭ»؛ «چېچىمنى ئالدۇردۇم»نى «بېشىمنى ئالدۇردۇم»؛ «ئىككى خىل تىل بىلىدۇ»نى «ئىككى تىللىق»؛ «خىزمەت ئورنى يوق»نى «خىزمىتى يوق» دەيدىغان، ئۇيغۇر تىلى قائىدىسىگە ھەم مەنتىقىگە ئۇيغۇن

① ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 4 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 206 ـ بەت.

كەلمەيدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاڭلايمىز. ئادەمدە پەقەت بىرلا قورساق بولىدۇ، جىق قورساق بولمايدۇ؛ يورۇقنى توسۇپ، قاراڭغۇ قىلىدۇ؛ كۆزى بىلەن يولغا قاراپ ماڭىدۇ، ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئۆزى قاراش مۇمكىن ئەمەس؛ كىشىلەر ساتىراچخانىغا چېچىنى ئالدۇرغىلى بارىدۇ، بېشىنى ئالدۇرغىلى بارمايدۇ؛ ئادەمدە پەقەت بىرلا تىل بولىدۇ، ئىككى تىللىق ئادەم بولمايدۇ؛ ئادەمنىڭ ھېچقانداق خىزمەت قىلماي ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مۇقىم خىزمەت قىلىدىغان ئورنى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بىرقىسىم ياشلار بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا «سەت» سۆزىنى دەل جايىدا قوللانماي «ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك» سۆزلىرىنىڭ ئورنىدا قوللىنىش ئەھۋالى بار. مەسىلەن، «ئۇ خەتنى سەت چىرايلىق يازىدۇ»؛ «گۈلنۇر ناخشىنى سەت ياخشى ئېيتىدۇ» دېگەندەك. بۇ جۈملىلەرنى ئاڭلىغان ئادەم بىرئارام بولماي قالمايدۇ. چۈنكى، «سەت» سۆزى سۈپەت تۈركۈمىگە تەۋە سۆز بولۇپ، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت جۈملىدە ئىسىملارغا قوشۇلما شەكىلدە بېقىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ھەرگىز يۇقىرىقى جۈملىلەردىكىدەك «ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك» قاتارلىق دەرىجە رەۋىشلىرىنىڭ ئورنىدا ھالەت بولۇپ كەلمەيدۇ. «سەت» سۈپىتىنى «ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك» رەۋىشلىرىنىڭ ئورنىدا قوللىنىش ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىغا مۇخالىپ بولۇپلا قالماي، سەلبىي مەنىگە ئىگە سۆز بىلەن «ياخشى، چىرايلىق، خۇشال...» غا ئوخشاش ئىجابىي مەنىدىكى سۆزنى قوشۇلما شەكىلدە قوللىنىش تىل قانۇنىيىتىگە خىلاپ.

بەشىنچى، خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىرقىسىم ئىبارىلەر ئىخچام ئەمەس. بىز دائىم يىغىنغا قاتناشقاندا، تېلېۋىزور كۆرگەندە، باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە: «رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن» (表示感谢)، «لاياقەتلىك بولغان ئورۇن» (合格单位)، «كۆكەرتىش ئۆلچىمىگە يەتكەن ئورۇن» (绿化合格单位)، «داۋالاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ كېسىلىدە ياخشىلىنىش بولدى» (通过治疗他的病好转了)، «كۆپچىلىككە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن» (感谢大家)، «تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماق» (进行调查)، «مەدەنىيەتلىك بولغان ئورۇن» (文明单位) دېگەنگە ئوخشاش كىشىنى بىئارام قىلىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، دەل بىزنىڭ بىرقىسىم رەھبەر، زىيالىي ۋە كادىرلىرىمىزمۇ يىغىنلاردا، سۆھبەتلەردە ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا مۇشۇنداق سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. بۇ جۈملىلەر خەتمۇخەت ئۆلۈك تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، جۈملىلەر ئۇزىراپ كەتكەن ھەم تىل ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن كەلمىگەن. بۇ جۈملىلەرنى «رەھمەت ئېيتىمەن»، «لاياقەتلىك ئورۇن»، «كۆكەرتىشتىكى لاياقەتلىك ئورۇن»، «داۋالاش ئارقىلىق ئۇنىڭ كېسىلى ياخشىلاندى»، «كۆپچىلىككە رەھمەت»؛ «تەكشۈرمەك»، «مەدەنىي ئورۇن» دەپ تەرجىمە قىلساق چۈشىنىشلىك ھەم ئىخچام بولاتتى.

ئالتىنچى، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى توغرا ئاتىماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بىۋاستە تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە ۋاستىلىق تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى توغرا ئاتىماسلىق قارشى تەرەپكە بولغان ھۆرمەتسىزلىك بولۇپلا قالماي، يەنە تىلىمىزنىڭ قېلىپلىشىشىغا ھەمدە توغرا يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. «يېزنە» ئاتالغۇسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەن، ئىنى، سىڭىلغا نىسبەتەن ئاچىسىنىڭ ئېرىنى ئاتايدىغان ئاتالغۇنىڭ يوق بولۇشىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر بوشلۇق تولدۇرۇلدى ۋە ناھايىتى تېز ئومۇملاشتى، لېكىن يەنە بىرقىسىم كىشىلەر «يېزنە» ئاتالغۇسىغا تازا ئادەتلىنىپ كېتەلمەي يەنىلا بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە ئاچىسىنىڭ ئېرىنى «ئاكا»، «قېيىنئاكا»؛ سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى «ئىنىم»، «قېيىنئىنىم» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «قېيىنتۇغقانلار» ئەر ـ ئايال نىكاھلانغاندىن كېيىن شەكىللىنىدىغان ۋاستىلىق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە تەۋە بولۇپ، «قېيىنئاكا» ۋە «قېيىنئىنى» ئەرگە نىسبەتەن ئايالىنىڭ ئاكا ۋە ئىنىسىنى، ئايالغا نىسبەتەن ئېرىنىڭ ئاكا ۋە ئىنىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنى ـ سىڭىللار ئاچىسىنىڭ ئېرىنى «قېيىنئاكا»؛ ئاچا ـ ئاكىلارنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى «قېيىنئىنىم» دەپ ئاتىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە يات بولۇپلا قالماي، يەنە ئالاقىدە ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئانا تىلىمىزغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك ھەم مەسئۇلىيەتسىزلىك بولۇپلا قالماي، ئانا تىلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا سەل قارىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئانا تىلغا بولغان تونۇشى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتەرسىز. شۇڭا، تىلىمىزنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ كۈنسېرى راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى خەنزۇچە ئاتىلىشى بويىچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بىرقىسىم يەر-جاي نامىلىرى ۋە ئاتالغۇلار قېلىپلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن، «تەڭرىتاغ رايونى» (تيانشان رايونى)، «قىبلەتاغ» (شىسەن)، «بۇلاقتاغ رايونى» (شىمگو رايونى)، «بۇلاقبېشى» (سەنشىخاڭزا)، «تاشبۇلاق » (خېيجياسەن)، «خۇمدانلىق» (نيەنزىگو)، «سەككىز تۇتۇن» (باجياخۇ)، «غەربىي ئۆستەڭ» (شىخابا)، «بېزىندە» (ئەنچۈەندەي)، «جاقا» (جياسۇدەي) ۋەھاكازالار. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپلىشىپ ئامما ئارىسىدا ئومۇملىشىشى كۆپچىلىكنى قايىل قىلىدۇ ۋە تىل تەرەققىياتىمىزنىڭ يەنە بىر بالداق يۈكسەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئانا تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، تىل ئادىتىمىزنى قوغداش مەسئۇلىيىتىگە سەل قارايدىغانلار يەنىلا ئاز ئەمەس. ئەتراپىمىزدا «冰箱»نى «توڭلاتقۇ»، «洗衣机»نى «كىرئالغۇ»، «电视机»نى «تېلېۋىزور»، «手机»نى «يانفون»، «微波炉»نى «مىكرو دوخوپكا» دەيدىغانلاردىن قانچىسى باردۇ؟ كۆكتاتلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشىنى تولۇق دەپ بېرەلەيدىغانلاردىنچۇ؟ يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى بەزى زىيالىي، ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى ۋە تەرجىمانلىرىمىزنىڭ تىلىدا يوق دېگىلى بولمايدۇ. بۇ خىل بۇزۇلۇش ئۇلارنىڭ تىلىغىمۇ سىڭىپ كىردى. بۇ ھادىسىلەر بىزنى تىلىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە ئەندىشىگە سالىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق تىلنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق، مورفولوگىيەلىك، سىنتاكسىسلىق قانۇنىيىتى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئادىتى بولىدۇ. تىل شۇ قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ، بېيىيدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى يوقاتقان تىلنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

بىر دۆلەت ۋە بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ساپاسى، تەربىيەلىنىشى ۋە سەۋىيەسى پۈتكۈل دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ئومۇمىي سەۋىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ تىل تەرەققىياتى، تىل گۈزەللىكىنىڭ دەرىجىسىنى شۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ۋە شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ تىل سەۋىيەسى بەلگىلەيدۇ. ئاۋامنىڭ تىل سەۋىيەسى قانچە يۇقىرى، تىلى قانچە گۈزەل بولسا، شۇ دۆلەت ۋە شۇ مىللەتنىڭ تىل تەرەققىياتى، تىلنىڭ گۈزەللىك دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشقان تىلنىڭ بولۇش-بولماسلىقى، تىلنى توغرا ئىشلىتىش- ئىشلىتەلمەسلىك، تىلنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش-ساقلىيالماسلىق، تىلدا مەدەنىيەتلىك بولۇش-بولماسلىق ـ بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ساپاسى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تىل-يېزىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ تىل سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تىل مۇھىتىنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئوبدان قانات يايدۇرۇش بىلەن بىللە، ئانا تىلىمىزنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىز بىلەن قوغدىشىمىز، ئانا تىلىمىزنى ساغلام، ساپ ۋە توغرا يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاقتۇ شېۋىسىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا

ئېزىز ھەسەن

مۇھىم مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئاقتۇ رايونىدا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن ئورتاق تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقى، ئاقتۇ شېۋىسىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ خاسلىقى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئاقتۇلۇقلارنىڭ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىشقا دائىر بەزى تىل ئادەتلىرى چۈشەندۈرۈلدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇيغۇر تىلى؛ قەشقەر شېۋىسى؛ئاقتۇ؛ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇسى

---

ئاقتۇ ــ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، شىمالدا ئۇلۇغچات ناھىيەسى، توققۇزاق ناھىيەسى بىلەن، شەرقىي شىمالدا قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسى بىلەن، شەرقتە يېڭىسار ناھىيەسى بىلەن، جەنۇبتا تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاقتۇ ناھىيەسى 1954 ـ يىلى ناھىيە بولۇپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇ، تاجىك قاتارلىق 10غا يېقىن مىللەت ياشايدۇ. ئاقتۇ ناھىيەسىدە 11 يېزا، ئىككى بازار، ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانى بار. ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇ يېزا ـ بازارلار ئىچىدە ئويتاغ بازىرى، قىزىلتاغ يېزىسى، بۇلۇڭكۆل يېزىسى، چارلوڭ يېزىسى، كوسراپ يېزىسى، مۇجى يېزىسى، تار تاجىك يېزىسى، ئاقدالا دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلاردا قىرغىز ۋە تاجىك مىللەتلىرى كۆپرەك سالماقنى ئىگىلىسە، ئوجمە يېزىسى، ئاقتۇ بازىرى، پىلال يېزىسى، بارىن يېزىسى، جامالتېرەك يېزىسى، قارا كېچىك يېزىسى، تورتاي دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلىرىدا ئاساسەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئاقتۇ ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە تارىخىي جەھەتلەردىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن بولغاچقا، تىل جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىيالېكتى قەشقەر شېۋىسىنىڭ ئىككىلەمچى شېۋىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، ئاقتۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەلەپپۇزى كۆپرەك قەشقەر شېۋىسىگە يېقىنلىشىدۇ.

بۇ قېتىم خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئاقتۇ ناھىيەسى ئوجمە يېزىسىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، شۇ يەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى يىغىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئوجمە يېزىسى ئاقتۇ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە ۋە ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسىگە بارىدىغان تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى پىلال يېزىسى بىلەن قوشنا، غەربىي تەرىپى ئاقتۇ بازىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى يېڭىسار ناھىيەسى بىلەن، شەرق تەرىپى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ياپچان بازىرى بىلەن تۇتىشىدۇ①. ئوجمە يېزىسىدا 26 مىڭ 359 نوپۇس بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 23 مىڭ 615، قىرغىز 2411، خەنزۇ 294، تاتار 24، ئۆزبېك 10، موڭغۇل بەش.

ئوجمە يېزىسى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ باشقا يېزا ـ بازارلىرىغا ئوخشاش قەشقەر شېۋىسىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىمۇ بار. ئوجمە يېزىسى تارىختىن بېرى قاتناش بىر قەدەر بىئەپ، چەترەك يېزا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىدا قەشقەر شېۋىسىگە ئوخشىمايدىغان بەزى تەركىبلەر

---

① سانلىق مەلۇماتلار «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى» بويىچە تەربىيەلىنىش تەلىپىگە ئاساسەن «ئاقتۇ ناھىيە ئوجمە يېزا ئوقۇتۇش رايونى» تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «گۈزەل يۇرت ئوجمە» دەرسلىكىدىن ئېلىندى.

مەۋجۇت. بۇنى دىيالېكت، شېۋە تەتقىقات نۇقتىسىدىن چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ يەردە تەتقىقات نىشانىنى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىغا قاراتقانلىغىمىز ئۈچۈن، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۇرۇق تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ئۈستىدە ئاددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بۇ جەرياندا بەزى بىر يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە سۆزلۈكلەرنى يىغقان بولساقمۇ، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاقتۇ رايونىدىكى شېۋە تەتقىقاتلىرىنى كەڭ كۆلەملىك قانات يايدۇرالمىدۇق. شۇڭا، كېيىنچە بۇ جەھەتتە قىزىقىشى بار تەتقىقاتچىلار بىلەن بىللە بۇ ساھەدە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى خالايمىز. ئالدى بىلەن بىز ئاقتۇ شېۋىسىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىغا ئائىت بىر قىسىم تىل ئادەتلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

ئاقتۇ شېۋىسىدە، تۇغقانلار ياكى يات كىشىلەر ئارىسىدا بولسۇن، چوڭ ياشتىكىلەر كىچىك ياشتىكىلەرنى چاقىرغاندا ئىسمى بىلەن ئۇدۇل چاقىرىۋېرىدۇ ياكى ئالاقىدار ئەركىلەتمە ئاتالغۇسىنى قوشۇپ «پالانچى غوجام، پالانچى خېنىم» دەپ چاقىرىدۇ. كىچىك ياشتىكىلەر چوڭ ياشتىكىلەرنى چاقىرغاندا چوقۇم شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئاكا»، «ئاچا»، «خانئاچا»، «ئاخۇنكا» دىگەندەك ھۆرمەت سۆزلىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ. مەسىلەن:

ئابدۇل غوجام تۆرگە ئۆتسىلە.
پاتىگۇل خېنىم ئۆيگە چىرسىلە.
ئەمەت ئاكام قايتىپ كەپتۇ.
مەرىمگۇل ئاچا نەگە ماڭلا؟
تاشخانئاچا نېمە تاماق قىلدىلا؟
مەمەتئاخۇنكا بازارغا باراملا؟

چوڭلارنىڭ ئىسمىنى ھەرگىزمۇ ئۇدۇل ئاتىمايدۇ. ئاقتۇلۇقلارنىڭ بىر-بىرىنى چاقىرىشى ئاساسەن قەشقەر شېۋىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قەشقەر شېۋىسىدىن بىردىنبىر پەرقلىنىدىغان يېرى، شەخس ئالماشلىرىنىڭ II شەخس بىرلىك شەكلىدە «سىز» شەكلى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بۇ، قەشقەر ئەتراپىدىكى باشقا ناھىيەلەردىن روشەن پەرق قىلىدىغان ئالاھىدىلىكتۇر. لېكىن، II شەخس بىرلىك ھۆرمەت شەكلىنىڭ «سىلى» شەكلىمۇ ئوخشاشلا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانلار ياكى يات كىشىلەر ئارىسىدا بولسۇن، ئادەتتە «سىلى» دەپ چاقىرىلىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنى چاقىرغاندا، ھۆرمەت شەكلىدىكى «سىلى» ئالمىشىنى ئىشلىتىدۇ. ئەرلەر ئاياللارنى ئاتىغاندا «سىز» قوللىنىلىدۇ، يېڭى تونۇشقان كىشىلەر ئارا «سىلى» كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار قىز ئوقۇغۇچىلارغا «سىز»نى كۆپرەك قوللىنىدۇ. مەسىلەن:

سېكرىتار سىلىنى تولايدۇ.
خانىم سىز ئولتۇرۇڭ.
سىلى قايەردە ئولتۇرىلا!
مەرىمگۇل سىز جاۋاب بېرىڭ.

باللار تىلىدا «دادا، ئانا» سۆزلىرىنىڭ كەينىگە «كا» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن «دادىكا، ئانىكا» سۆزلىرى ياسىلىدۇ. لېكىن، بۇ سۆزلەرنى پەقەت باللارلا قوللىنىدۇ، چوڭلار قوللانمايدۇ. مەسىلەن:

دادىكام بىلەن بازارغا چىرىپ چىقتىم.
ئانىكام ئۆيدە بارمىكىن، بىلمىدىم.

ئاقتۇ رايونىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئاساسىي شەكلى ئورتاق تىلدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئوخشايدۇ. تۆۋەندە تونۇشتۇرماقچى بولغىنىمىز ئۇيغۇر يېزىسىدىكىلەرنىڭ چوڭلارنى ئاتاش ئۇسۇللىرى بولۇپ، بۇ خىل تۇغقاندارچىلىق ئاتاش ئۇسۇللىرى ئاساسەن قەشقەرنىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

### 1. ئاقتۇ شېۋىسىدىكى كىچىكلەرنىڭ چوڭلارنى ئاتاش ئۇسۇللىرى

دادا ــ ئۆز دادىسىنى ياكى تاغىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئانا ــ ئۆز ئانىسىنى ياكى هامىسىنى كۆرسىتىدۇ.

چوڭ دادا ــ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دادىسى ياكى ئۆزىنىڭ تاغىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

تاغا ــ دادىسى ياكى ئانىسىنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

هاما ــ دادىسى ياكى ئانىسىنىڭ هەدە ـ سىڭىللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

چوڭ ئاپا ــ ئانىسىنىڭ ئانىسى، ئانىسىنىڭ هەدە ـ سىڭىللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

جىيەن (جىيەن ئوغۇل، جىيەن قىز) ــ ئۆزىنىڭ بىر قېرىنداش تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ (جىيەن سۆزى پەقەت چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئۇقۇم بولۇپ ئادەتتە ئىشلىتىلمەيدۇ)

چوڭ دادا ـ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دادىسى ياكى دادىسىنىڭ بىر قېرىنداش ئەر تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

چوڭ ئانا ـ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئانىسى ياكى ئانىسىنىڭ بىر قېرىنداش ئايال تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلۇغ بوۋا ــ چوڭ دادىسىنىڭ ياكى چوڭ ئاپىسىنىڭ دادىسىنى ياكى دادىسىنىڭ بىر قېرىنداش ئەر تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلۇغ موما ــ چوڭ دادىسىنىڭ ياكى چوڭ ئاپىسىنىڭ ئاپىسىنى ياكى ئاپىسىنىڭ بىر قېرىنداش هەدە ـ سىڭىللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

قوشقار بوۋا ـ ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ياكى ئۇلۇغ مومىسىنىڭ دادىسىنى ياكى دادىسىنىڭ بىر قېرىنداش ئەر تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

قوشقار موما ــ ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ياكى ئۇلۇغ مومىسىنىڭ ئاپىسىنى ياكى ئاپىسىنىڭ بىر قېرىنداش هەدە ـ سىڭىللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

پەي بوۋا ــ قوشقار بوۋىسىنىڭ ياكى قوشقار مومىسىنىڭ دادىسىنى ياكى دادىسىنىڭ بىر قېرىنداش ئەر تۇققانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

پەي موما ـ قوشقار بوۋىسىنىڭ ياكى قوشقار مومىسىنىڭ ئاپىسى ياكى ئاپىسىنىڭ بىر قېرىنداش ئايال تۇققانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاقتۇ شېۋىسىدىمۇ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «دادا، ئاپا، بالا (ئوغۇل، قىز)» سۆزلىرىنىڭ ئالدىغا «ئۆگەي» سۆزىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن «ئۆگەي دادا، ئۆگەي ئاپا، ئۆگەي بالا (ئۆگەي ئوغۇل، ئۆگەي قىز)» قاتارلىق سۆزلەر ياسىلىپ، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆگەيلىك مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، بەزى جايلاردا ئۆگەي دادىسى بىلەن ئۆگەي ئانىسىنى ئاتىغاندا، بىۋاسىتە «دادا» ياكى «ئانا» دەپ ئاتىماستىن «دادىكاي» ياكى «ئاچاي» دەپ ئاتايدىغان ئادەتمۇ بار.

ئۆگەي دادا (دادىكاي) ــ ئۆز ئاپىسى ياتلىق بولغان باشقا ئەر كىشى

ئۆگەي ئانا (ئاچاي) ــ ئۆز دادىسى ئەمرىگە ئالغان باشقا ئايال كىشى

ئۆگەي بالا ــ ئەر كىشى ئەمرىگە ئالغان ئايالنىڭ ياكى ئايال كىشى تەككەن ئەرنىڭ ئىلگىرىكى جۈپتىدىن بولغان هازىر ئىككىسىنىڭ هامىلىقىدىكى بالىسى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇغۇت ئانىنىڭ ئاتىلىشىدىمۇ باشقا جايلارغا ئوخشاش تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ئاتاش ئۇسۇلى بار:

كىندىك ئانا ـ ئايال كىشىنىڭ تۇغۇتىدا بالا تۇغدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئايال.

تۇغۇت ئانا ـ ئايال كىشىنىڭ تۇغۇتىدا بالا تۇغدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئايال.

ئىنىك ئانا ــ بالا يېڭى تۇغۇلغاندا ئاساسلىق ئوزۇقلاندۇرۇش (ئەمدۈرۈش)، بېقىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئايال

سۈت ئانا ـ بالا يېڭى تۇغۇلغاندا ئاساسلىق ئوزۇقلاندۇرۇش (ئەمدۈرۈش)، بېقىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئايال

ئوغۇز ئانا ـ بالا يېڭى تۇغۇلغاندا ئاساسلىق ئوزۇقلاندۇرۇش (ئەمدۈرۈش) ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئايال

ئۈجمە يېزىسىدىكىلەرنىڭ چوڭلارنى ئاتاشتىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ئىچىدە ئورتاق تىلدا ئاز

ئۇچرايدىغان تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرىمۇ بار. مەسىلەن، «پەي بوۋا»، «پەي موما» دېگەندەك.

ئۇجمە يېزىسىدا نەۋرىلەر مومىسىنى «ئانا» دەپ ئاتايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇ ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن مومىسى بېقىپ چوڭ قىلغان باللاردا بىر قەدەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. بىز يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن ئاتاش سۆزلۈكلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولمىغاچقا، ئىستېمالدا ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. ئۇجمە يېزىسىدىكىلەرمۇ باشقا يەردىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئاتا-ئانىلىرىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەجدادىنى «مۇنچىنچى بوۋىمىز، مۇنچىنچى مومىمىز» دېگەندەك شەكىلدە سانلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

## 2. ئاقتۇ شېۋىسىدىكى چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنى ئاتاش ئۇسۇللىرى

ئاقتۇ يېزىسىدا ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى «بالام» دەپ چاقىرىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇل ئاتاپ چاقىرىدۇ ۋە ياكى جىنسىغا قاراپ «ئوغلۇم»، «قىزىم» دەپمۇ چاقىرىدۇ

بالا ــ ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى كۆرسىتىدۇ.

نەۋرە ــ بالىسىنىڭ پەرزەنتىنى كۆرسىتىدۇ.

چەۋرە ــ نەۋرىنىڭ پەرزەنتىنى كۆرسىتىدۇ.

پەي نەۋرە ــ چەۋرىنىڭ پەرزەنتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەۋرە ــ پەي نەۋرىنىڭ پەرزەنتىنى كۆرسىتىدۇ

كۆكۈن نەۋرە ــ ئەۋرىنىڭ پەرزەنتىنى كۆرسىتىدۇ

جىيەن بالا ـ نەۋرە بالا (ئۆزىنىڭ بىر قېرىنداش ئاكا-ئىنى، ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ باللىرىنى كۆرسىتىدۇ)

ئۇنىڭدىن باشقا، باللارنى ئەركىلەتكەندە تۆۋەندىكىدەك ئىبارىلەر قوللىنىلىدۇ.

ئاپپاق قوزام ــ ئادەتتە نارىسىدە باللارنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەركىلەتمە نام.

خان بالام ــ قىز پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەركىلەتمە نام.

ئاي قىزىم ــ قىز پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەركىلەتمە نام.

قارى بالام ــ ئوغۇل پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەركىلەتمە نام.

غوجام بالام ــ ئوغۇل پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەركىلەتمە نام.

ئەركەك بالام ــ ئوغۇل پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەركىلەتمە نام.

قوزام ــ قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەركىلەتمە نام.

جان قوزام ــ قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەركىلەتمە نام.

ئاقتۇلۇقلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ياشقا چوڭ ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنى چاقىرىشىدا كۆرۈلىدۇ. يەنى بەزىدە ئايالى ئېرىنى چاقىرماقچى بولسا، بىۋاسىتە ئېرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرماي، بەلكى ئۆيدىكى چوڭ بالىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدۇ. ئېرىمۇ ئايالىنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە چاقىرىش بىئەپ بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا، قىزى بولسا چوڭ قىزىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدۇ.

ئاتا-ئانىسى بىلەن قۇرداش كىشىلەر پەرزەنتلەر تەرىپىدىن كۆپىنچە جايلاردا «پالانچى ئاخۇن دادام، پوكونچى خانئاچام» دەپ، شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئاخۇن دادام، خانئاچام» سۆزلىرى قوشۇپ چاقىرىلىدۇ. مەسىلەن:

تۇرسۇناخۇن دادام ئۆيدە بارمۇ؟

گۈلسۈمخان ئاچام قايتىپ كەلدىمۇ

## 3. ئاقتۇ شېۋىسىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

ئاقتۇ شېۋىسىدە ئەر-خوتۇنلۇق نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن «ئەر» ياكى «خوتۇن » سۆزى قوللىنىلىدۇ. باشقا رايونلارغا ئوخشاش «يولداش»، «ئايال»، «رەپىقە» دېگەندەك سۆزلەر قوللىنىلمايدۇ. بۇ سۆزلەر شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، «ئېرىم» ياكى «خوتۇنۇم» دېگەن شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ. ئەر خوتۇنىنى چاقىرغاندا «خوتۇن» سۆزىنى بىۋاسىتە ئىشلەتمەي، خوتۇنىنىڭ ئىسمىغا «گۈل، خان» قوشۇمچىلىرىنى

قوشۇش ئارقىلىق چاقىرىدۇ، مەسىلەن: «مايىسخان، تۇرسۇنخان، زورىگول، رىزۋانگول» دېگەندەك. ئاياللار ئېرىنى چاقىرغاندا «ئەر» سۆزى سىلىقلاشتۇرۇلۇپ، كۆپىنچە «بىزنىڭ كىشى» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. ئاقتۇ شېۋىسىدە «بىزنىڭ كىشى» سۆزى پەقەت ئايالغا نىسبەتەن ئېرىنىلا كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېرىنى ۋاستىلىق ئاتىغاندا يەنە «بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر، بىزنىڭ ئادەم» دەپمۇ چاقىرىدۇ. ئۇدۇل چاقىرغاندا ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا «ئاخۇن، قارى» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپمۇ ئاتايدۇ. مەسىلەن: «ساۋۇتاخۇن، ياسىن قارى» دېگەندەك. ئوخشاشلا ئەر ئايالىنى ۋاستىلىق ئاتىغاندا «بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر، بىزنىڭ خوتۇن» دەپ ئىشلىتىدۇ. «ئەر، خوتۇن» سۆزلىرى سىلىقلاشتۇرۇلغاندا، يەنە «دادىسى»، «ئاپىسى»مۇ دېيىلىدۇ. بەزىدە ئەر ۋاستىلىق ئاتىغاندا «موماي» دېيىش ئارقىلىق ئۆز ئايالىنى كۆرسىتىدىغان ئەھۋالمۇ بار.

ئەر (يولداش) ــ توي قىلغان ئەر تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

خوتۇن (ئايال) ــ توي قىلغان ئايال تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ــ توي قىلغان ئەر ياكى ئايالنى كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭ ئادەم ــ توي قىلغان ئەر تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

دادىسى (دادىسى) ــ توي قىلغان ئەر تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپىسى (ئاپىسى) ــ توي قىلغان ئايال تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

ئاغىچا ــ بەزى ۋاقىتلاردا كىچىك خوتۇن چوڭ خوتۇننى شۇنداق چاقىرىدۇ.

قۇشناچ ــ ھاجىمنىڭ ئايالى،ئائىلىسى ياخشى بولغانلار.

توقال ــ ئايالى ئېرىگە ئېلىپ بەرگەن كىچىك خوتۇن.

كۈندەش ــ بىر ئەرنىڭ قولىدىكى بىر ـ بىرىگە رەقىپ خوتۇنلار.

### 4. ئاقتۇ شېۋىسىدىكى بىر تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

ئاقتۇ شېۋىسىدە بىر تۇغقانلار باشقا رايونلاردىكىلەرگە ئوخشاش «قېرىنداش» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر جەمەت ئىچىدىكى بىر تۇغقان ئەركەك قېرىنداشلار ياش پەرقىگە قاراپ كىچىكلىرى چوڭلىرىنى «ئاكا» دەپ ئاتايدۇ، چوڭلىرى كىچىكلىرىنى «ئۇكا» دەپ ئاتايدۇ (ئىنى دەپ ئاتىلىدىغان ئەھۋال جەنۇبتىكى رايونلاردا بىر قەدەر ئاز ئۇچرايدۇ). بىر جەمەت ئىچىدىكى قىز قېرىنداشلار ياش پەرقىگە قاراپ كىچىكلىرى چوڭلىرىنى «ئاچا، خانئاچا، ئاغىچا» دەپ ئاتايدۇ. چوڭلىرى كىچىكلىرىنى «سىڭلىم»، «خېنىم» دەپ ئاتايدۇ. ئادەتتە بىر جەمەت ئىچىدە بولمىسىمۇ ياشتا ئۆزىدىن كىچىك قىزلارنى «...خېنىم» دەپ ئاتايدىغان ئادەتمۇ بار. ئۇنىڭدىن سىرت «ئۇكا» سۆزى بەزىدە يەنە «سىڭىل» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئاقتۇ شېۋىسىدە ئاكا ـ ھەدىلىرى بىلەن قۇرداش چوڭلارنى ئاتىغاندا «پالانچى قارى ئاكا، پوكۇنچى خانئاچا» دەپ چاقىرىدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى چاقىرغاندا «ئاكا، خانئاچا (خاچا)» دېگەن سۆزلەر قىسقارتىلماي تولۇق ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن، «مەمەت» ئىسىملىك كىشى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز ئاكىسى بولسا، چوقۇم «مەمەتكا» دەپ چاقىرىدۇ؛ ئەگەر ئۆز ئاكىسى بولمىسا، «مەمتىكا» دەپ چاقىرىدۇ. «ئاسگۈل» ئىسىملىك ئايال سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز ئاچىسى بولسا، «ئاسگۈل ئاچا» دەپ چاقىرىدۇ؛ ئۆز ئاچىسى بولماي باشقا كىشى بولسا، «ئاسخاچا» دەپ چاقىرىدۇ.

ئاتىسىنىڭ ئەر قېرىنداشلىرى ئاتىسى بىلەن بولغان ياش پەرقىگە قاراپ، ئاتىسىدىن ياشتا چوڭ بولسا «چوڭ دادا»، ياشتا كىچىك بولسا «تاغا» دېيىلىدۇ. ئاتىسىنىڭ ئايال قېرىنداشلىرى «ھاما»، «ھاماچا» دېيىلىدۇ. ئانىسىنىڭ ئەر قېرىنداشلىرى «تاغا» دېيىلىدۇ. ئانىسىنىڭ ئايال قېرىنداشلىرى ياش پەرقىگە قاراپ، ئانىسىدىن چوڭ بولسا «چوڭ ئاپا»، كىچىك بولسا «ھاماچا» دېيىلىدۇ. بۇ رايوندا «چوڭ دادا، چوڭ ئاپا» سۆزلىرى باشقا بەزى شېۋىلەردىكىدەك «بوۋا، موما» سۆزلىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلمەيدۇ.

بىر تۇغقان «ئاكا»، «ئۇكا»، «ئاچا»، «سىڭىل»لاردىن باشقا نەۋرە تۇغقانلار ياكى ئەۋرە تۇغقانلار چوڭ ـ كىچىكلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەندە، «نەۋرە»، «ئەۋرە» سۆزلىرى قىسقارتىلىپ، «ئاكا»، «ھەدە»، «ئىنى» ياكى «سىڭىل» دەپ ئۇدۇللا چاقىرىلىدۇ. نەۋرىلىك ياكى ئەۋرىلىك مۇناسىۋەتنى كۆرسەتكەندە، «بىز

بىر نەۋرە ياكى ئەۋرە كېلىمىز» ياكى «ئىككى تۇغقان بولىمىز» دېگەندەك شەرھلەش خاراكتېرىدىكى شەكىلمۇ قوللىنىلىدۇ. «جىيەن» سۆزى ئاقتۇ رايونىدا بىر قەدەر ئاز قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە بۇ يەرلىك كىشىلەر جىيەننى بىۋاسىتە چاقىرىدۇ ياكى تونۇشتۇرغاندا «ئاكامنىڭ، ئىنىمنىڭ بالىسى» ياكى «ئاچامنىڭ، سىڭلىمنىڭ بالىسى» دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئاكا ــ ئوغۇل پەرزەنتنىڭ ئۆزىدىن چوڭ بىر قېرىندىشى.
ئۇكا ــ ئوغۇل پەرزەنتنىڭ ئۆزىدىن كىچىك بىر قېرىندىشى.
ئىنى ــ ئوغۇل پەرزەنتنىڭ ئۆزىدىن كىچىك بىر قېرىندىشى.
ئاچا ــ قىز پەرزەنتنىڭ ئۆزىدىن چوڭ بىر قېرىندىشى.
سىڭىل ــ قىز پەرزەنتنىڭ ئۆزىدىن كىچىك بىر قېرىندىشى.
قېرىنداش ــ بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بالىلار.
ئېمىلداش ــ بىر ئىنىك ئانا چوڭ قىلغان بالىلار.
نەۋرە ئاكا ــ ئاتا ،ئانىسىنىڭ قېرىنداش تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئوغۇل بالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
نەۋرە ئىنى ــ ئاتا، ئانىسىنىڭ قېرىنداش تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىدىن كىچىك ئوغۇل بالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
نەۋرە سىڭىل ـ ئاتا ،ئانىسىنىڭ قېرىنداش تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز بالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
نەۋرە ئاچا ــ ئاتا ،ئانىسىنىڭ قېرىنداش تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىدىن چوڭ قىز بالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## 5. قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىدا ئاقتۇ شېۋىسىدە ئورتاق تىلدىن بەك پەرقلىنىدىغان ئاتالغۇلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولىدۇ. يەنى قۇدىلار ئەر قۇدا، ئايال قۇدا دەپلا ئايرىلىدۇ. قۇدىلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى قۇدا ئۆيلۈكلەر دەپ ئاتايدۇ. توي قىلغان بالىلىرى بولسا چوڭلارنى قېيىنئانام، قېيىنئاتام دەپلا ئاتايدۇ . لېكىن، قېيىنئاپا ۋە قېيىنئاپىسىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى «ئاپا، دادا» دەپ چاقىرىدۇ. توي قىلغان ئىككى ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىر ـ بىرىنى قۇدا تۇغقانلار دەپ ئاتايدۇ. ئىككى تەرەپ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدە يىگىت بىلەن كېلىن قارشى تەرەپتىكى تۇغقانلىرىنى ئاساسەن «پالانچى ئاكا» ياكى «پالانچى ئاچا» دەپ چاقىرىدۇ. پەقەت چوڭ دادىلىرى بىلەن چوڭ ئاپىلىرىنى ئوخشاش «چوڭ ئاپا» ياكى «چوڭ دادا» دەپ چاقىرىدۇ.

توي قىلغان يىگىت بىلەن قىزنى ئادەتتە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار «كۈيئوغۇل» ، «كېلىن» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى «كۈيۈ بالام» ياكى «خېنىم قىزىم» ، «كېلىن قىزىم» دەپ ئاتايدىغان ئەھۋالمۇ بار. لېكىن، كۆپىنچى ئەھۋالدا يەنىلا «بالام» ياكى «قىزىم» دەپلا ئاتايدۇ. «ئىچ كۈيئوغۇل»نى بولسا «بالا ئەكىرىۋالدىم» دەيدۇ.

ئاقتۇ شېۋىسىدە ھەدىسىنىڭ ئېرى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «يېزنە» دېيىلسىمۇ، لېكىن چاقىرغاندا ئۇنداق چاقىرىلمايدۇ، كۆپىنچى ئەھۋالدا «ئاكا» دېيىلىدۇ. ئاكىسىنىڭ ئايالى نامىدا «يەڭگە» بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا «ئاچا» سۆزى قوشۇپ چاقىرىلىدۇ. ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئەرلىرى ئۆزئارا «باجا» دېيىلىدۇ، چاقىرىلغاندىمۇ شۇنداق چاقىرىلىدۇ. ئاكا ـ ئىنىلەرنىڭ ئاياللىرى ئۆزئارا «ئېپى يەڭگە» دېيىلىدۇ، چاقىرىلغاندا كىچىكى چوڭىنى ئاچا دەپ چاقىرىدۇ. چوڭلىرى كىچىكلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا «خان»نى قوشۇپ چاقىرىدۇ. ئىنىسىنىڭ ئايالى «كېلىن سىڭىل» دېيىلىدۇ، چاقىرىلغاندا ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا «گۈل» قوشۇپ چاقىرىلىدۇ. سىڭلىسىنىڭ ئېرى «كۈيئوغۇل ئىنى» دېيىلىدۇ، چاقىرىلغاندا ئىسمىنىڭ كەينىگە «جان» قوشۇلۇپ چاقىرىلىدۇ. ئۇدۇل ئاتىغاندا «سىڭلىم، ئۇكام» دەپلا چاقىرىلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ۋاسىتىلىق ئىپادىلىگەندە يەنە «ئىنىمنىڭ ئايالى» ، «سىڭلىمنىڭ يولدىشى» دېگەندەك شەرھلەش خاراكتېرىدىكى شەكىلمۇ قوللىنىلىدۇ.

قېينئاتا ــ ئايالىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ دادىسى
قېينئانا ــ ئايالىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئانىسى

قۇدا، قۇدۇغوي ــ قىز ئېلىپ قىز بېرىشكەن ئىككى تەرەپ
ئەر قۇدا، ئەركەك قۇدا ــ قىز بېرىپ قىز ئېلىشقان ئىككى ئائىلىدىكى دادا بولغۇچىلار.
ئايال قۇدا ــ قىز بېرىپ قىز ئېلىشقان ئىككى ئائىلىدىكى ئانا بولغۇچىلار.
قوش قۇدا ــ بىر ئائىلىدىكى ئىككى ئوغۇل يەنە بىر ئائىلىدىكى ئىككى قىزنى ئېلىشى.
قايچا قۇدا ــ بىر ئائىلىدىن بىر ئوغۇل بىر قىز يەنە بىر ئائىلىدىكى بىر قىز بىر ئوغۇل بىلەن توي قىلىشى.
باجا ــ بىر ئائىلىدىكى ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئىككى ئائىلىدىن بولغان ئەرلىرى.
كېلىن ،كېلىن قىزىم ــ ئوغلىغى ئېلىپ بەرگەن باشقا ئائىلىنىڭ قىز پەرزەنتى.
كۈيئوغۇل ــ قىزنى ياتلىق قىلىپ بەرگەن باشقا ئائىلىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى.
چوڭ كۈيئوغول ــ ئائىلىدىكى ئەڭ چوڭ قىزنىڭ يولدىشى.
كىچىك كۈيئوغۇل ــ ئائىلىدىكى ئەڭ كىچىك قىزنىڭ يولدىشى.
ئىچ كۈيئوغۇل ــ قىزنى ياتلىق قىلىپ بەرگەندىن كېيىن قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان باشقا ئائىلىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى.
يېزنە ــ ئاچىسىنىڭ ياكى سىڭلىسىنىڭ يولدىشى.
يەڭگە (خان ئاچا) ــ ئاكىسىنىڭ ئايالى.
ئېپى يەڭگە ــ بىر ئائىلىدىكى ئىككى ئوغۇلغا تەككەن ئىككى ئائىلىنىڭ قىزلىرى.
قېينى ئاكا (چوڭ ئاكا) ــ ئايالىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئاكىلىرى.
قېينى ئاچام ــ ئايالىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئاچىلىرى.
قېينى ئىنى ــ ئايالىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئۇكىلىرى.
قېينسىڭىل ــ ئايالىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ سىڭىللىرى.
كېلىن سىڭىل ــ ئۇكىسىنىڭ ئايالىنىڭ سىڭلىسى.
كۈيئوغۇل ئىنى ــ سىڭلىسىنىڭ ئېرىنىڭ ئۇكىسى.

### 6. ئاقتۇ شېۋىسىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىززەتلەش ئاتالغۇلىرى

1) خان ئاچا، خان ئانا. ئاقتۇ شېۋىسىدە، چوڭ ئاپا، كىچىك ئاپا ياكى ھامملىرىنىڭ ئىچىدە ياشتا چوڭىنى ياكى كۆپچىلىك ئورتاق ھۆرمەت قىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بىرىنى ۋە ياكى ئۆزى ئامراق چوڭ ياشتىكى باشقا ئاياللارنى «خان ئاچا، خان ئانا » دەيدىغان؛ ھەدىلىرىنىڭ ياكى كېلىن ھەدىلىرىنىڭ ئىچىدە چوڭىنى ياكى كۆپچىلىك ئورتاق ھۆرمەت قىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بىرىنى «خانئاچا» دەيدىغان ئادەت بار، بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ئىپادىلىنىدۇ.
2) غوجام. ئاقتۇ شېۋىسىدە بۇ سۆز تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى دائىرىسىدە كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئائىلىدە ئاتا ـ ئانا ئوغلىنى، ئاكا، ھەدىلەر ئىنىسىنى كىچىك ۋاقتىدا ئەركىلىتىپ «غوجام » دەپ چاقىرىدۇ. مەسىلەن: ئابدۇللا غوجام، ئەسەدۇللا غوجام
3) قارىم. بۇ ئەسلىدە دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ، ئاقتۇ شېۋىسىدە تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى دائىرىسىدە كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ. يەنى ئارزۇلۇق بالىلىرىنى ياكى ياخشى كۆرىدىغان ئاكا ـ ئىنىلىرىنى «قارىم بالام»، «قارى بالام»، «قارىم ئۇكۇم»، «قارى ئاكا» دەپ چاقىرىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. مەسىلەن: ياسىن قارىم، ئەمەت قارىم
4) خېنىم. ئاقتۇ شېۋىسىدە قىز پەرزەنت كۆپىنچە ئەركىلىتىلىپ «خېنىم» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سۆزمۇ كېيىنچە شۇ ئايالنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ھاشىخان، نۇرنىساخان دېگەندەك.
5) ھاجىم. بۇمۇ ئەسلىدە دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ، ئاقتۇ شېۋىسىدە يەنىلا كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ «قارىم» سۆزى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ياخشى كۆرىدىغان بالىلىرىنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن ياكى بىر تۇغقان ئەر قېرىنداشلىرىنى چوڭ كۆرۈش يۈزىسىدىن ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا قوشۇپ ئاتايدۇ. مەسىلەن: مەخسۇت ھاجىم، ئۇبۇل ھاجىم

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاقتۇ رايونىدا قوللىنىلىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قەشقەر شېۋىسى ۋە ئەدەبىي تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. لېكىن، بۇ رايوندا ياشايدىغانلارنىڭ مىللەت تەركىبى بىرقەدەر كۆپ، جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى چەترەك بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئاتالغۇلاردا ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكمۇ مەۋجۇت. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ـــ بىر تەرەپتىن، بىرقىسىم دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ ھۆرمەت ئاتالغۇسى بولۇپ ئىپادىلىنىشىدە كۆرۈلسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ رايونغا كەلگەن باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بىللە سىڭىپ كىرگەن قەشقەر شېۋىسىگە ئوخشاش بىر قىسىم تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بىرقىسىم تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە تىل ئادەتلىرى گەرچە ئاتىلىش جەھەتتە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىلىش جەھەتتىن ئوخشاشمايدۇ. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆرمەت، ئەركىلەتمە ۋە ئۆزئارا يېقىنلىق تۇيغۇسى ئالاھىدە ئىپادىلىنىدىغان «خانئاچا، غوجام، ھاجىم، دادىكا، ئانىكا، خان، گۇل، جان» قاتارلىق ئاتالغۇلار باشقا رايونلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تۇغقانچىلىققا دائىر ئۆزگىچە ئاتالغۇلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرقىسىم ئاتالغۇلار يەنە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان. شۇڭا، بۇ رايوننىڭ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىشتىكى بەزى تىل ئادەتلىرىمۇ ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن يەرلىك شېۋىلەر ۋە رايون خاسلىقىغا ئىگە تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يوقالماقتا. ئاقتۇ رايونىدىكىگە ئوخشاش يەرلىك شېۋىلەردىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە بۇ ئاتالغۇلارنى جانلىق ئىشلىتىشتىكى تىل ئادەتلىرى رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بارغانسېرى ئازلاپ بارماقتا. بۇ خىل شارائىتتا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەرقايسى چەت يېزا-قىشلاقلاردىن رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يەرلىك تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى يىغىش، تەتقىق قىلىش ـــ بىزنىڭ دىيالېكىت، شېۋىلەرنى يىغىپ رەتلەش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم خىزمەتتۇر.

پايدىلانمىلار:

1. ۋاڭخو، ۋاڭ شۆيۈەن: «خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، لياۋنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى.

2. مۇتەللىپ باتۇر، گۈلەن، ۋاڭ شىنچىڭ: «نەۋرە تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 2 ـ سان.

3. يەن شيۇيىڭ: «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان.

4. نىجات سوپى: «ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىل ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 2 ـ سان.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى**
**جاۋابكار مۇھەررىرى: رەشىدە مامۇت**

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆزلەشتۈرۈلمە ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قىممىتى توغرىسىدا

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىدىكى ئالاھىدە ئەدەبىيات ھادىسىسى بولغان ئۆزلەشتۈرۈلمە ئەسەرلەردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك مەسىلىسى ۋە بۇ خىل ئەدەبىيات ھادىسىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر «سىددىقنامە»نىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەركىبلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ، شۇنداقلا «سىددىقنامە» بىلەن «قابۇسنامە»دىكى شېئىرىيەتكە ئائىت بايانلار ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، «سىددىقنامە»دىكى شېئىرىيەتكە دائىر بايانلارغا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى سەھىپىسىدىن ئورۇن بېرىشكە بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئەدەبىي تەنقىدچىلىك؛ ئۆزلەشتۈرۈلمە ئەسەر؛ «سىددىقنامە»؛ «قابۇسنامە»

## 1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھادىسىسى ــ ئۆزلەشتۈرۈلمە ئەسەرلەردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك توغرىسىدا

تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ناھايىتى مۇھىم ئەدەبىيات ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىن تارتىپلا ئەدەبىي تەرجىمىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئەدەبىي تەرجىمىنى ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ۋە دىن ئالاقىسىدىكى مۇھىم ۋاستە دەپ قارىغان. ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەدىب، ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىز تەرجىمە ئەسەرلەر ئارقىلىق ئەدەبىياتنى ژانىر، تېما، شەكىل، پىكىر-ئىدىيە، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن بېيىتىپ، يېڭىلاپ بارغان. باشقا تىللاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن تەرجىمە ئەدەبىيات ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئۈزۈلۈپ قالماي زور ئېقىن شەكىللەندۈرگەن. يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى «مايترى سىمىت»، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىدىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى «شاھنامە»، «مىڭ بىر كېچە»، «مەسنەۋى»، «گۈلىستان»، «بوستان» قاتارلىق ئەسەرلەر ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى «تېنچ دون»، «ئۇرۇش ۋە تېنچلىق»، «ئانىنا كارىنىنا»، «يۈز يىل غېرىبلىق»، «جەزىرە»، «بوۋاي ۋە دېڭىز»، «ھالاكەت»، «گىتەنجالى»دەك دۇنياۋى كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغىچە بولغان بۇ ئۈزلۈكسىز تەرجىمە ئىجادىيىتىدىن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى بىر پۈتۈن ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە چوڭ تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى دەۋرىدە، باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا ئەسەر تەرجىمە قىلىشتا بىر خىل ئالاھىدە تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، ئەسەرگە ئىجادىي ئىش قوشۇلىدىغان بۇ خىل ئۇسۇل ئومۇمىيلىققا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەرجىمە ئەسەر دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدىغان، ئىجادىي ئەسەر دەپ قارىغىلىمۇ بولمايدىغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. بۇ خىل ئەسەرلەر ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەدەبىيات ھادىسىسىنى «ئىجادىي تەرجىمە» ۋە «ئۆزلەشتۈرۈلمە ئەسەر» دەپ ئاتاشنى لايىق تاپتۇق. تەرجىمىدە بۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلغاندا، باشقا تىلدىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا سۆزمۇسۆز ئەينەن تەرجىمە قىلىنماستىن، بەلكى ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى، مەزمۇنى، ئىدىيەسى، قۇرۇلمىسى، ژانىرى-شەكلى ۋە بىرقىسىم ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلاپ قېلىنغان ئاساستا، ئەسەرگە

تەرجىمان زور دەرىجىدە ئىجادىي ئىش قوشۇپ، ئەسەر مەزمۇنىنى بېيىتىپ، سەھىپىسىدە ئۆزگىرىش ياساپ، ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتكەن. ئەدەبىي تەرجىمە ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، ھەقىقىي مەنىدىكى تەرجىمە ئەسەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئىجادىي ئەسەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان بۇنداق ئالاھىدە ئىجادىيەت ھادىسىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر مۇھىم ھادىسە سۈپىتىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىغا ئېرىشىشنى ۋە كۆپ تەرەپلىمە تەھلىل ـ تەتقىق قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولغان «سىددىقنامە» يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ داڭلىقى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. «سىددىقنامە» ناملىق بۇ ئەسەرنى خوتەنلىك ئەدىب مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان بولغاچقا، مەزكۇر ئەسەرگە «سىددىقنىڭ ئەسىرى»، «سىددىق يازغان ئەسەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «سىددىقنامە» دېگەن نام قويۇلغان. ئەمما، ئەسەرنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، «سىددىقنامە»نى ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ئىجادىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىرانلىق ئەخلاقشۇناس شەمسۇلمەئالى قابۇسنىڭ «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈپ (ئۆزگەرتىپ) يېزىپ چىققان.

«سىددىقنامە»نىڭ ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان ئۆزلەشتۈرۈلمە ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتە، جۈملىدىن «سىددىقنامە»دىكى شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى بايانلارنى مۇھاكىمە قىلىشتا بىز مۇھەممەد سىددىق رەشىدى يازغان، ئابلىمىت ئەھەت بوگۇ نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان «سىددىقنامە» بىلەن شەمسۇلمائالى قابۇس يازغان، ئابدۇرېشىت ئىسلام پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 2 ـ قېتىم نەشر قىلغان «قابۇسنامە»نى ئاساس قىلدۇق. شۇنداقلا شەمسۇلمەئالى قابۇس يازغان، مۇھەممەد رىزا ئاگاھىي تەرىپىدىن ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىنغان، روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ، ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان «قابۇسنامە»دىن پايدىلاندۇق.

«سىددىقنامە» ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، «قابۇسنامە»نىڭ پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى. بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمانى ئابدۇرېشىت ئىسلام پارسچىغا ناھايىتى پىششىق بولۇپ، پارسچىدىن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرجىمىنى پارس تىلىنى ياخشى بىلىدىغان مۇھەررىر توختى ئابىخان بىلەن پارس تىلى مۇتەخەسسىسى دەپ تەرىپلىنىدىغان ئابدۇقادىر ھېيىت بېكىتكەن. تەرجىمان كىتابقا كىرىش سۆز ئورنىدا بەرگەن «شەمسۇلمائالى ئەبۇلھەسەن ۋەشمگىر ۋە ئۇنىڭ دىداكتىك ئەسىرى ‹قابۇسنامە› ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە، مەزكۇر ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى توغرىسىدا توختىلىپ: «ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر شەمسۇلمائالىنىڭ ۋاپاتىدىن توققۇز ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ نەسىھەتنامە ئىلمىي ئەسىرى جەمئىيەتنى ۋە ياش ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتە يەنىلا قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. ‹قابۇسنامە› 18 ـ ئەسىرلەردە مەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، پارس تىلىدىكى ئەسلىي نۇسخىسىغا سېلىشتۇرغاندا نۇرغۇن سۆز ـ ئاتالغۇلار ھەتتا ئادەتتىكى ئىبارىلەرمۇ خاتا تەرجىمە قىلىنغانلىقى، مۇھىم ئورۇنلىرى چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىقى (تاشلاپ كېتىلگەنلىكى) بىلىندى. شۇڭا، بۇ نۆۋەت پارس تىلىدىكى نۇسخىسىدىن بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى»① دەپ يازغان. تەتقىقاتىمىزدا بۇ ئۇچۇرلار ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز ئالدى بىلەن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان «قابۇسنامە»نىڭ پارسچە ئەسلىي نۇسخىسىدىن ئىلگىرىكى تەرجىمىدىكى خاتالىقنى تۈزىتىش مەقسىتىدە ئەستايىدىل تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى بىلەلەيمىز؛ ئىككىنچىدىن، تەرجىمان تىلغا ئالغان «قابۇسنامە»نىڭ 18 ـ ئەسىردىكى چاغاتاي تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ دەل مۇھەممەد سىددىق رەشىدى تەرجىمە قىلغان «سىددىقنامە» ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز؛ ئۈچىنچىدىن، تەرجىماننىڭ « ‹قابۇسنامە› چاغاتاي تىلىغا خاتا، تولۇقسىز تەرجىمە قىلىنغان» دېگەن قارىشىدىن «قابۇسنامە»نىڭ

① شەمسۇلمائالى قابۇس: «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 9 ـ، 10 ـ بەتلەر.

مۇھەممەد سىددىق رەشىدى تەرىپىدىن ھەقىقەتەن ئىجادىي ۋە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

«سىددىقنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، جۈملىدىن «قابۇسنامە»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئۇنى تەرجىمە قىلىپ «سىددىقنامە» ناملىق ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە مۇھەممەد سىددىق رەشىدى «سىددىقنامە»نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ كىتاب (قابۇسنامە)نى تەسنىپ قىلغۇچى ئەمىر نەسىر ئۇنسۇرۇل ـ مەئانىي كەيكاۋۇس ئىبنى ئىسكەندەر ئىبنى قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىر ئۆز پەرزەنتى گىيلان شاھقا شۇنداق ئېيتتىكى...»، «... ‹قابۇسنامە› ناملىق كىتاب ھىجرىيە 455تە يېزىلغانىكەن. شۇ زاماندىن تا بۇ دەمگىچە قۇدرەتلىك پادىشاھلار ۋە نامدار ئەمىرلەر بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، بۇ نامە سىرلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆرۈپ ۋە ئىشىتىپ، پەم ـ پاراسىتى يەتكۈچە ئەمەل قىلىپ، ئەقىل ـ ئىدراكلىرىغا بېقىپ [مەزكۇر كىتابتا قەيت قىلىنغان] پەند ـ نەسىھەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ جاھاندارچىلىق قىلىپ، پادىشاھلىق بىلەن مەشھۇر بولۇپ، نامدارلىق بىلەن نام چىقىرىپ، ۋۇجۇدلىرىنى ئالەم شەھرىستانىدىن زامانە سەھىپىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆتكەنىكەن.

...... [ئەمدىلىكتە بولسىمۇ] سەلتەنەت ئەھلىلىرى ئىچىدە بۇ كىتابتىن خەۋەردار قىلىش ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلىگە يەتمىدى. بۇ نەپىس جاۋاھىرنى ئالەم بازىرىغا سېلىپ، ئامۇ خاسلارنى بەھرىمەن قىلىش پىكرى دۇنيادارلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ خاتىرىسىگە كەچمىدى... پادىشاھلار، ۋەزىرلەر ۋە نامدار ئەھلى دۇنيادارلاردىن ھېچبىرى بىخەستىلىك قىلىپ، بۇ مەيداندا ئات چاپتۇرۇشقا [يەنى ‹قابۇسنامە› دەك بىرەر ئەسەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا] ھەرىكەت قىلمىدى. شۇ سەۋەبلىك ... قەدىمىي خانىدانلىقنىڭ سۆيۈملۈك ئەۋلادى مۇھەممەت ئىبراھىم كۇڭ بەگ ئىبنى خاجە كەفەك كۇڭ بەگ ئىبنى ئەۋەز بەگ ئىبنى مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، تەۋپىق تاجىنى بېشىغا تاقاپ، ھىدايەت تونى بىلەن قورشىنىپ، بۇ ئۇلۇغ مەركىگە كىرىپ، نامدارلىق چېگىسىگە ئۆزىنى ئوراپ، بۇ مۇھەببەتلىك ئىشقا كىرىشىپ ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ مۇھىم، مۇشكۇللۇكىنى بىلىپ، چىن دىيارىدىن ماچىن ۋىلايىتىگە كېلىپ، پېقىرنىڭ خانىسىنى، يەنى كەمىنە ساداقەتمەن كىشىنىڭ قەدىمىنى بۇسا قىلدى... ئاخىر خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ، بۇ دۇر ـ جاۋاھىرلارنى ئالەمگە چېچىپ، جاھان ئەسلى ئىچىدە ئامۇ خاسقا مەنپەئەت يەتكۈزمەك ئۈچۈن ‹دالالىتى سەندىن، سەئيى (تىرىشىش) ۋە ئىستىقامەت مەندىن› مەزمۇنىچە قۇۋۋەت تېپىپ، ‹يادىكارى مەندىن قالغاي، تۆھپىسى خانىدان خەزىنىسىدىن يەتكەي› دېگەن ئۈمىدتە، بۇ دەرگاھنىڭ خىزمىدارى، ئەرزىمەس كەمىنە ۋە ئېتىقاد قىلغۇچى، يەنى ساداقەتمەن، كەمتەر، ئەھلى تەسدىق مۇھەممەد سىددىق ئەل ـ مۇلەققەب بەر ـ رەشىدى شۇبۇ كىتابنى يېشىم 75كە يەتكەندە ھىجرىيە مىڭ ئىككى يۈزدە باشلاپ، ئىككى يۈز بىردە زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ ئون بەشى، ئازنا كۈنى تامامىغا يەتكۈزدۇم»①.

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىنىڭ بۇ «مۇقەددىمە»سىدە «قابۇسنامە»نىڭ ئەسلىي ئاپتورى بولغان كەيكاۋۇس ئىبنى ئىسكەندەر تىلغا ئېلىنغان؛ «قابۇسنامە»نىڭ قىممىتى، شۆھرىتى، تەسىرى كۆرسىتىلگەن؛ مۇشۇنداق كاتتا ئەسەرنىڭ تۈركىي تىل (ئۇيغۇر تىلى) غا تېخىچە تەرجىمە قىلىنمىغانلىقىغا بولغان ئەپسۇسلۇقى ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا دەۋەت قىلغان ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان مۇھەممەد ئىبراھىم كۇڭ بەگ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ «مۇقەددىمە» بىزنى «سىددىقنامە» ۋە مۇھەممەد سىددىق رەشىدىگە دائىر كۆپلىگەن قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«سىددىقنامە»نىڭ «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ باشلىنىدىغان «مۇقەددىمە»سىدە يەنە مەزكۇر ئەسەرنىڭ تەرجىمانى (ئاپتورى) مۇھەممەد سىددىق رەشىدىنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى ئۇچۇرلارمۇ خاتىرىلەنگەن. مەلۇم بولۇشىچە، مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي مىلادىيە 1710 ـ يىلى خوتەنىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، ئىلىم ئۆگىنىشكە، بولۇپمۇ ئەخلاقشۇناسلىققا

① مۇھەممەد سىددىق رەشىدى: «سىددىقنامە»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، «مۇقەددىمە» 5~8 ـ بەتلەر.

دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئىجتىھات قىلغان، شۇڭا ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلغان «قابۇسنامە» ناملىق ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ (ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ) يېزىشقا ئىرادە باغلاپ، 75 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، ھىجرىيە 1200 ـ يىلى يېزىشقا باشلاپ، تەخمىنەن بىر يىل ئىچىدە مەزكۇر ئەسەرنى يېزىپ، ھىجرىيە 1201 ـ يىلى (مىلادىيە 1786~1687 ـ يىللىرى) زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى تاماملىغان①.

«سىددىقنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۇنىڭ ئاساسى بولغان «قابۇسنامە»نىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن، مەزكۇر ئەسەر ئەخلاق مەزمۇنىدىكى دىداكتىك ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا ئادىمىيلىك پەزىلەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ھەرخىل پائالىيەتلەردە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي پىرىنسىپ ۋە تەلەپلەرنى بايان قىلىش ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ھەر بىر تۈرىگە نىسبەتەن ئېنىق بولغان ئەخلاقىي تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق تارىخىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

«سىددىقنامە» ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. مەزكۇر ئەسەرنىڭ 35 ـ بابى «شائىرلىقنىڭ بايانى» بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر ۋە شېئىر ھەققىدىكى بىرقاتار بايان (قاراش)لار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇلاردا بايان قىلىنغان (ئوتتۇرىغا قويۇلغان) شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىياتشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى، جۈملىدىن شېئىرىيەتكە دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. گەرچە «سىددىقنامە»دىكى شېئىرىيەتكە دائىر مەزمۇنلارنىڭ كېلىش مەنبەسى «قابۇسنامە» بولسىمۇ، ئەمما «سىددىقنامە»نىڭ ئىجادىي تەرجىمە قىلىنىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈلمە ئەسەر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن، شۇنداقلا «قابۇسنامە»دە بولمىغان بىرمۇنچە مەزمۇنلارنىڭ «سىددىقنامە»دە بارلىقى نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرىيەتكە دائىر مەزمۇنلارنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى گەۋدىسىگە قويۇپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا، ئۆزلەشتۈرۈلمە ئەسەرلەردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئەدەبىيات ھادىسىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ.

## 2. «سىددىقنامە»دىكى شېئىرىيەتكە ئائىت بايانلار بىلەن «قابۇسنامە»دىكى شېئىرىيەتكە ئائىت بايانلارنى سېلىشتۇرۇش

«سىددىقنامە»دىكى شېئىرىيەتكە ئائىت بايانلار ئاساسەن «قابۇسنامە»دىن كەلگەن. ئەمما، بۇ بايانلار «قابۇسنامە»دىكى شېئىرىيەتكە ئائىت بايانلارنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كۆپ ئورتاقلىقلار بولۇش بىلەن بىللە، قىسمەن پەرقلەرمۇ مەۋجۇت. مۇھەممەد سىددىق رەشىدى «قابۇسنامە»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانىدا، ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلەشتۈرمە ئەسەرگە ئايلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، «قابۇسنامە»دىكى شېئىرىيەتكە ئائىت بايانلار بىلەن «سىددىقنامە»دىكى شېئىرىيەتكە ئائىت بايانلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرقلەر مەيدانغا كەلگەن. بۇ بايانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

«قابۇسنامە»نىڭ 26 ـ بابى «شېئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدە»دە شېئىر ۋە شائىرلار ھەققىدە مۇنداق مەزمۇنلار يېزىلغان: 1) شېئىردا ئىشلەتكەن سۆزۈڭ روشەن بولسۇن، باشقىلار بىلمەيدىغان سۆزنى ئىشلەتمە، چۈنكى سېنىڭ شېئىرىڭ باشقىلار ئۈچۈندۇر، شېئىرنىڭ مەنىسى روشەن، ئېنىق بولۇشى كېرەك؛ 2) شېئىر ھامان ۋەزىن، قاپىيەلا ئەمەس، پىكىرسىز، تەرتىپسىز، سەنئەتسىز شېئىر ئېيتما؛ 3) شېئىردا مەجنىس، تېبىق، زىددىيەت، ئوخشىتىش، ئىستىئارە، رادىق قاتارلىق تۈرلۈك سەنئەتلەرنى ئىپادە قىل؛ 4) ئېيتقان شېئىرىڭ خەلقنىڭ كۆزىگە، مەرغۇپ دىلىغا مەھبۇب بولسۇن دېسەڭ، سۆزنى ئىستىئارە بىلەن سۆزلە؛ 5)

① مۇھەممەد سىددىق رەشىدى: «سىددىقنامە»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى. 2006 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» 2~5 ـ بەتلەر.

غەزەل يازساڭ شېئىر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كۆپ سەنئەتلىك بولمىسىمۇ زەرەر قىلمايدۇ، لېكىن، غەزەلدە لاتاپەت كېرەك، قاپىيە زۆرۈر؛ 6) كېرەك بولمىغان يەردە ئەرەبچە ۋە چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ شېئىرىڭنى سوغۇق ۋە چۈشىنىكسىز قىلىپ قويما؛ 7) شېئىردا گۈزەل، ياخشى مىساللارنى كەلتۈرگىن، ھەممە كىشىگە خۇش كۆرۈنسۇن ۋە شېئىرىڭ شۆھرەت قازانسۇن؛ 8) شېئىرنى ھەرگىز ئارۇزنىڭ ئېغىر ۋە تەبىئەتكە ياقماس ۋەزنىدە ئېيتما؛ 9) سەن شائىر ئىكەنسەن، ئارۇز ئىلمىنى ياخشى ئۆگىنىشىڭ كېرەك، شېئىر ئىلمىدە سەنئەتلىك بېيىتلارنى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگەن؛ 10) شېئىرلار مەرتىۋىگە ئاساسەن بولسۇن، ھەجۋىيمۇ، قەسىدىمۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلسۇن ۋە مۇۋاپىق بولسۇن؛ 11) نەسىر پۇقرا ئورنىدا بولسا، شېئىر پادىشاھ مەرتىۋىسىدىدۇر؛ 12) شائىر بولساڭ ئۆزۈڭنى تۆۋەن كۆرمە، خورلىما ۋە پەس كۆرمە؛ 13) گەرچە شېئىردا مۇبالىغە ۋە يالغان سەنئەت ھېسابلانسىمۇ، ئەمما سەن يالغان سۆزلىمە؛ 14) غەزەل-مەرسىيەنى، قەسىدە-ھەجۋىينى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ياز؛ 15) شېئىردا تىلنى مۇۋاپىق قوللىنىشقا، يېڭى سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەر ھەم سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىپ ئىشلەت؛ 16) ئەگەر بىر كىشىنى مەدھىيەلەشكە بارساڭ، ئەسكى كىيىم بىلەن بارما. يۈزۈڭ ئوچۇق، كىيىملىرىڭ پاكىز، خاتىرەڭ خۇش بولسۇن تاكى ئۇ يەردە خۇشاللىق بەخش بولغاي.

ئەمدى «سىددىقنامە»نىڭ 35-بابى «شائىرلىقنىڭ بايانى» («شېئىر ئېيتماق ۋە شائىرلىق قائىدىلىرىنىڭ بايانى»)دا شېئىر ۋە شائىرلار ھەققىدە مۇنداق مەزمۇنلار يېزىلغان: 1) شائىر بولغان كىشى خەلق چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك؛ 2) ۋەزىنگە چۈشمەيدىغان، قاپىيەسىز شېئىر يېزىشتىن ساقلان، تەرتىپسىز ۋە سۈپەتسىز شېئىرلارنى ئېيتما، شېئىر قانچىكى سەنئەتلىك، مۇبالىغە ئارىلاش بولسا، شۇنچە ئوبداندۇر. 3) شېئىردا قاپىيە تولىمۇ مۇھىم. شۇڭا يازغان شېئىرلىرىڭ بىر تۈردە بولسا، باشتىن ئاياغ بىر قاپىيەدە بولغاي. باش-ئاخىرى مۇۋاپىق كەلگەي؛ 4) شېئىرىيەتتە مۇتابىق، مۇتەزادد، مۇتەشاكىل، نەقىل، مۇزەۋۋەج، مۇسەللەس، قەسىدە قاتارلىق كۆپلىگەن شەكىللەر بار؛ 5) سۆزۈم ھەممىگە ئوبدان كۆرۈنگەي، يەنى چىرايلىق ئاڭلانغاي دېسەڭ، ئىستىئارە بىلەن سۆزلە، سۆزۈڭ ئىمكان بار مەۋجۇت نەرسىلەر ئۈستىدە بولسۇن؛ 6) غەزەل مەيلى تاق قاپىيە بىلەن، مەيلى مەشھۇر قاپىيەلەر بىلەن تۈزۈلگەن ياكى گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن بېزەلگەن بولسۇن، ئىمكان بار مۇشكۇل (چۈشىنىش قىيىن بولغان) ئەرەبىي سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلان؛ 7) شائىرلىق ئىلمىنى، شائىرلىقنى، يەنى شېئىر بىلەن (شېئىرىي تىل بىلەن) سۆزلەشمەكنى ياخشى ئۆگەن؛ 8) ئېيتقان ھەربىر سۆزۈڭ، ئالايلۇق: مەدھىيە، غەزەل، ھەجۋىي ياكى مەرسىيە بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە سۆزۈڭنى ئاخىرىغا يەتكۈز. ھەرگىز كەم-كۈتە سۆزلىمىگىن. نەسىردە ئېيتقان سۆزۈڭنى نەزمىدە ئېيتمىغىن؛ 9) مەدھىيەڭ ھەر بىر كىشىنىڭ لايىقىدا بولسۇن. مەدھىيەلەنگۈچىنىڭ قەدىر-قىممىتىگە بېقىپ سۆزلە، شائىر ئۈچۈن مەدھىيە سۆزلىرىنى [مەدھىيەلەنگۈچىگە] يارىشا قانداق ئىشلىتىشنى ۋە قايسى ئىشنىڭ خۇش كېلىدىغانلىقىنى بىلىش ۋاجىپتۇر. 10) شائىر بولساڭ [باشقىلار ئالدىدا] ئۆزۈڭنى تولىمۇ تۆۋەن تۇتما، يەنى بەك كەمتەرلىك قىلىپ كەتمە: 11) گەرچە شېئىردا مۇبالىغە قىلىش سەنئەت ھېسابلانسىمۇ، لېكىن غەزەل ۋە مەرسىيەلەردە مۇبالىغە لايىقىدىراق بولغىنى تۈزۈك؛ 12) ھەقىقىي شائىر بولساڭ، زېھنىڭ ئوچۇق، سۆز ئىشلىتىشكە ماھىر بول؛ 13) شائىرلىقنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتقان بولساڭ، ئاۋۋال ئىگىن، ئاياغلىرىڭنى پاكىز تۇت. بەتخۇي بولما. دائىم پاكىز ۋە خۇش چىراي يۈرۈشكە ئادەتلەن.

«قابۇسنامە» بىلەن «سىددىقنامە»نىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى يېقىنلىقى سېلىشتۇرمىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «قابۇسنامە» مۇھەممەد سىددىق رەشىدى تەرىپىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان ھەم خېلى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈلگەن. گەرچە «قابۇسنامە»دىكى شېئىرىيەتكە دائىر بايانلار بىلەن «سىددىقنامە»دىكى شېئىرىيەتكە دائىر بايانلار مەزمۇن جەھەتتىن خېلى زور دەرىجىدە ئوخشاشلىق (ئورتاقلىق) قا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما «سىددىقنامە»دە مەزمۇنلارنىڭ ئىپادىلىنىشى، چۈشەندۈرۈلۈشى، ئىزاھلىنىشى، گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، قىسقارتىلىشى (ئىخچاملىنىشى)... قاتارلىق تەرەپلەردە روشەن ئۆزگىچىلىكلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، «قابۇسنامە»دە شېئىرىيەت ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «شائىر

ھېچقاچان سۆزنى ئۆزى ئۈچۈن سۆزلىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرنىڭ مەنىسى روشەن، ئېنىق بولۇشى كېرەك. شېئىرنى ھەركىم ئوقۇشقا رىغبەتلەنسۇن. شېئىر ھامان ۋەزىن، قاپىيەلا ئەمەس. پىكىرسىز، تەرتىپسىز، سەنئەتسىز شېئىر ئېيتما».

يۇقىرىقى مەزمۇن «سىددىقنامە»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «ۋەزىنگە چۈشمەيدىغان، قاپىيەسىز شېئىر يېزىشتىن ساقلان. تەرتىپسىز ۋە سۈپەتسىز شېئىرلارنى ئېيتما. تولىمۇ ئاددىي، مەنىلىرى ئوچۇق، سەنئەتسىز يېزىلغان شېئىرلارنىمۇ ھېچ كىشى ياقتۇرمايدۇ. خۇددى ئالدىنقىلار ئېيتقاندەك، شېئىر قانچىلىك سەنئەتلىك، مۇبالىغە ئارىلاش بولسا شۇنچە ئوبداندۇر. مۇرەككەپ بولسىمۇ ۋەزىن، قاپىيەسى جايىدا بولسا بۇنداق شېئىر كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە ناخۇش كەلمەس! نازۇك سەنئەت شائىرلار بۇ ھەقتە بايان قىلىپ ئۆتكەن ھەم شېئىر ۋە شائىرلىق، خۇسۇسەن، شېئىرلارنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە تەرتىپ ـ تەرىپلەر بېرىشكەن. شېئىردا قاپىيە تولىمۇ مۇھىم».

بۇ سېلىشتۇرمىدىن «قابۇسنامە» بىلەن «سىددىقنامە» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى، ئوخشاش تېمىنىڭ ئوخشىمىغان مەزمۇن، ئوخشىمىغان ھەجىم، ئوخشىمىغان ئۇسۇل ۋە ئوخشىمىغان ھالەتتە بايان قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

«سىددىقنامە»دە قاپىيە نۇقتىسىدىن چىقىپ، شېئىرنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شېئىردا قاپىيە ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا يازغان شېئىرلىرىڭ بىر تۈردە بولسا باشتىن ـ ئاخىر بىر قاپىيەدە بولغاي. باش ـ ئاخىرى مۇۋاپىق كەلگەي، بۇ شېئىرىيەتتە ‹مۇتابىق› (ماسلىق) دېيىلىدۇ. بىر بېيتنىڭ ئىككى مىسراسى بىر ـ بىرىگە زىت بولسا، بۇ ‹مۇتەزادد› (زىت، زىت مەنىلىك) دېيىلىدۇ. ئىككى كەلىمىنىڭ شەكلى ئوخشاش (بىر) شەكىلدە بولۇپ، سۆزلەر پەقەت چېكىت بىلەنلا پەرقلەندۈرۈلسە، بۇ ‹مۇتەشەككىل› (شەكىلداشلىق) دېيىلىدۇ. ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ۋە ماشايىخ (مەشھۇر دىنىي ئالىم)نىڭ سۆزلىرىنى ئۆز سۆزى قىلىپ ئىشلەتكەن بولسا، بۇ نەقىل دېيىلىدۇ. ئىككى مىسرا بىر غەزەلنىڭ ھۆكمىدە بولسا، ئۇ ‹مۇزەۋۋەج› (پار كەلگەن، ياپسا) دېيىلىدۇ. ۋەزىنگە سىغمىغان شېئىر، يەنى نەچچە غەزەل بىر ۋەزىندە كەلسە، ئۇ ‹تەتەبۇئ› (نەزىرە، ئوخشىتىش) دېيىلىدۇ. پۈتۈن بىر غەزەل بىر مەزمۇندا كەلسە، ئۇ ‹مۇسەلسەل› (يۈرۈشكەن، راۋان) دېيىلىدۇ. بېيت توققۇزدىن زىيادە بولسا، ئۇ ‹قەسىدە› دېيىلىدۇ، بىر قاپىيەدە كېلىدۇ، مىسراسى تۆت بولۇپ، جۈپ قاپىيەلىك، يەنى ئىككى مىسراسى قاپىيەداش تۈزۈلىدۇ. ھەر بىر مىسراسىنى ئاخىرىدىن بېشىغا (ئوڭدىن سولغا ياكى سولدىن ئوڭغا) ئوقۇسا ھەم نەزمە بولۇپ تۈزۈلسە، ئۇ ‹مەقلۇب› دېيىلىدۇ». شېئىرنىڭ يۇقىرىقى تۈرلىرىدىن بەزىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇھەممەد سىددىق رەشىدى ئۆزىنىڭ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ، ناسىر ئەلىنىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللارنى ئالغان بولۇپ، مىساللارنىڭ بىرى بولغان «دەرد ئېلىگە رەشىدى بولۇپ ھەمزەبان، يىغلا نەۋائىي كەبى تارتىپ فىغان» دېگەن پارچىدا ئاپتور ئۆزىنى ۋە ئەلىشىر نەۋائىينى تىلغا ئالغان.

ئەمما، شېئىرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى بۇ مەزمۇنلار ۋە كەلتۈرۈلگەن مىساللار پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «قابۇسنامە»دە ئۇچرىمايدۇ. ئۆزبېكچە «قابۇسنامە»دىمۇ شېئىر تۈرلىرى ساناپلا ئۆتۈلگەن بولۇپ، مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلمىگەن. يەنى ئۆزبېكچە «قابۇسنامە»دە شېئىرنىڭ تۈرلىرى دېيىلمەي، شائىرلارنىڭ زۆرۈر ئۇسۇللىرى دەپ مۇنداق 30 خىلغا يېقىن ئۇسۇل تىلغا ئېلىنغان: «شائىرلارنىڭ زۆرۈر ئۇسۇللىرى شۇلاردىن ئىبارەت: مۇزەۋۋەج (بىرلەشتۈرگۈچى)، مۇجانىس (ئوخشاش)، مۇشاكىل (شەكىلداش)، مۇكەررەر (تەكرار)، مۇسەممەت، مۇستەۋى (تەڭ)، مۇشابىھ (ئوخشاش)، مۇزمار (يوشۇرۇن)، مۇلەۋۋەن (بويالغان)، مۇۋەسسەل (ئۇلانغان)، مۇقەتتەئى (كېسىك)، مۇستەزات (قارىمۇقارشى)، مۇستەئار (كۆچمە مەنىلىك)، مۇزدەۋەج (بىرلىشىش)، مۇۋازەنە (باراۋەرلىك)، مۇزمىن (كونىرىغان، ھەرىكەتتىن قالغان)، مۇسەججەئى (قاپىيەداش)، مۇۋەششەھ (زىننەتلەنگەن، بېزەلگەن)، مەۋسۇل (قوشۇلغان)، مۇخەللەئى، مۇستەھىيات (كۆپتۈرمەك)، مۇستەھىل (مۇمكىنسىزلىك)، زۇقاپىيەتەين (قوش قاپىيەلىك)، رەجەزى مەقلۇب (لەشكىرىي مەزمۇندىكى شېئىرلارنى تەنتەنىلىك ئوقۇش)، مەقلۇب (ئۇدۇل)، مۇتابىق (ئۇيغۇن)، مۇتەشابىھ

(ئوخشىتىش)، مۇرەددەپ (رادىپلىق) ۋە بۇلارغا ئوخشاشلار»①.

مۇبادا شېئىرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى بۇ مەزمۇنلارنى «قابۇسنامە»نى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى قىسقارتىۋەتكەن دېگەن تەقدىردىمۇ، ئەسلىي پارسچىسىدا مۇھەممەد سىددىق رەشىدى، ئەلىشىر نەۋائىي، ناسىر ئەلى شېئىرلىرىنىڭ مىسال ئېلىنىشى ناتايىن بولۇپ، بۇ شېئىرىي تەركىبلەر (مىساللار) نى ۋە شېئىرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى بىزنىڭچە مۇھەممەد سىددىق رەشىدى قوشقان. شۇڭا، «سىددىقنامە»دىكى شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى بايانلارنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى نۇقتىسىدىن چىقىپمۇ تەھلىل، تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى، باشقا تىلدىكى بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئۆز تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلىنىشى (ئۆزلەشتۈرۈلۈشى) يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە ئەدەبىيات ھادىسىسى بولۇپ قالماي، بۇرۇنقى زامانلاردىكى باشقا ئەل، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەرجىمە ئەدەبىياتىدىمۇ مەۋجۇت بىر خىل ئومۇمىي ھادىسە بولسا كېرەك. روزى مۇھەممەت مۇتەللىپ، ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ تەرىپىدىن ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان «قابۇسنامە»نىڭ 35 ـ بابى «شائىرلىق قائىدىلىرى بايانى»دىكى شېئىر ۋە شائىرلار ھەققىدىكى بايانلار بىلەن «قابۇسنامە»، «سىددىقنامە»لەردىكى ئوخشاش بابتىكى مەزمۇنلار ئارىسىدىمۇ يەنە خېلى كۆپ ئوخشىماسلىق (پەرق)لار مەۋجۇت. ئۆزبېكچە «قابۇسنامە»نىڭ 35 ـ بابى «شائىرلىق قائىدىلىرى بايانىدا» مۇنداق مەزمۇنلار بېرىلگەن: 1) يازغان شېئىرىڭ تىل جەھەتتە ئاسان، چۈشىنىشلىك بولغاي، چۈنكى شېئىر شائىرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاۋام ئۈچۈن يېزىلىدۇ؛ 2) شېئىرلارنىڭ ۋەزىن قاپىيەلىرى تولۇق بولۇشى، شېئىرلار سەنئەتلىك بولۇشى كېرەك؛ 3) شائىرلار شېئىر يازغاندا مۇزەۋۋەج (بىرلەشتۈرگۈچى)، مۇجانىس (ئوخشاش)، مۇشاكىل (شەكىلداش) قاتارلىق 30 خىلغا يېقىن زۆرۈر ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ؛ 4) شېئىردا سۆزنى كىنايە، ئىستىھزالىق ئىشلەتمەي، بەلكى ئىستىئارەت شەكلىدە ئىشلىتىش، شېئىرنى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى مۇمكىن بولغان تىل بىلەن بايان قىلىش كېرەك؛ 5) شېئىرنى ئېغىر ۋەزىن ۋە ئارۇز بىلەن ئېيتمىغان ياخشىدۇر، ئارۇزنى باشقىلار تەلەپ قىلسا، ئۇ باشقا گەپ؛ 6) شېئىرىيەتكە دائىر بىلىملەرنى ياخشى ئىگىلەش، ئارۇزنىڭ دائىرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ نامىلىرىنى، دائىرىلەردە پەيدا بولىدىغان بەھرىلەرنىڭ ناملىرىنى پىششىق بىلىش كېرەك؛ 7) سۆزنى پۈتۈن ۋە مۇكەممەل ئىشلىتىش، ھەرگىز يېرىم-يارتا ئىشلەتمەسلىك كېرەك، يەنە نەسىردە ئېيتقان سۆزنى نەزمىدە ئىشلەتمەسلىك كېرەك؛ 8) شېئىر يازغاندا ھەر ئادەمگە لايىق سۆزنى ۋە ھەركىشىنىڭ قەدرىگە مۇۋاپىق شېئىرنى بىلىپ يېزىش كېرەك، شېئىر چىن، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك؛ 9) شېئىردا ماختاش يولىدا بولغىنى ياخشى، شۇنىڭدەك ھەجۋىي قىلىشنى ئادەت قىلماسلىق كېرەك، يامان بولۇر؛ 10) ھەرقانداق نەرسە يازماقچى بولغاندا، ئۆز خاھىشى بىلەن يېڭى (ئىجادىي) يېزىش كېرەككى، ھەرگىز باشقىلارنىڭ سۆزىنى تەكرارلىماسلىق كېرەك، ئەگەر زۆرۈر بولسا باشقا شەكىلدە قوللىنىش كېرەك. ئۆزبېكچە «قابۇسنامە»دىكى شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى بايانلار بىلەن پارسچە، ئۇيغۇرچە «قابۇسنامە»دىكى شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى بايانلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا، ئۇلار ئارىسىدا ئورتاقلىقتىن باشقا يەنە خېلى كۆپ پەرقلەرنى ھېس قىلالايمىز.

## 3. «سىددىقنامە»دىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر بايانلار

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىي چۈشەنچىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى باھا ـ تەقرىزلەردىن باشقا يەنە قەدىمكى زاماندا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىياتقا دائىر قاراشلارمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بىز بۇ يەردە مۇھەممەد سىددىق رەشىدىنىڭ «سىددىقنامە»دە تىلغا ئېلىنغان شېئىرىيەتكە دائىر (شائىر ۋە شائىر ھەققىدىكى) قاراشلىرنى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قاراشلىرى سۈپىتىدە كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلىمىز.

«سىددىقنامە»دىكى شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى بايانلار ھەجىم جەھەتتىن كەڭ بولمىسىمۇ، ئەمما

① شەمسۇلمەئالى قابۇس: «قابۇسنامە»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 191 ـ، 192 ـ بەتلەر.

كىچىككىنە سەھىپىدە شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە كۆپلىگەن قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۆۋەندە ئاساسلىقلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

**1. شېئىرىيەت ئىلمى ھەققىدە**

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي شېئىرىيەتنى بىر خىل ئىلىم سۈپىتىدە تونۇغان ھەم مۇشۇ ئاساستا مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: «بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ئەمدى تۆرلۈك ھۈنەر (ئىلىم) توغرىسىدا بىلگەنلىرىمنى بايان قىلىمەن: ھۈنەر ــ دۇكاندارلىق، يەنى ئالماق، ساتماق بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەس، بەلكى ھەربىر كىشى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قولغا كەلتۈرۈدىغان ئىلىم ياكى بىرەر كەسىپتۇر. ... ھۈنەرنىڭ تۈرى كۆپتۇر. بىلگىنكى، ھۈنەرگە تەئەللۇق ئىلىم مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن تاشقىرى بولمايدۇ. ئۇلار: تېبابەتچىلىك ئىلمى، مۇنەججىملىك (ئاسترونومىيە) ۋە ھەندىسە (گېئومېترىيە). يەنە شائىرلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرتىپى، يەنى قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى باردۇر». «شائىرلىق ئىلمىنى، شائىرلىقنى، يەنى شېئىر بىلەن (شېئىرىي تىل بىلەن) سۆزلەشمەكنى ياخشى ئۆگەن»①. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھەممەد سىددىق رەشىدىينىڭ نەزىرىدە، شېئىرىيەت بىر خىل ئىلىم، شائىرلىق ئاشۇ ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئىگىلەيدىغان بىر خىل ھۈنەر، بۇ ئىلىم ۋە بۇ ھۈنەرنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بار بولۇپ، شېئىر يازىدىغان ئادەم بۇ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى پىششىق ئىگىلىشى ھەم شائىرلىققا قويۇلىدىغان تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ئۈنۈملۈك چىقىشى كېرەك.

**2. شېئىر ۋە شائىرنى ئەخلاقىي نۇقتىدىن تونۇش ھەققىدە**

«سىددىقنامە»دىكى شېئىرىيەت قاراشلىرى ئەخلاق بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇھەممەد سىددىق رەشىدىينىڭ قارىشىچە، شائىر بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئەخلاقىي جەھەتتىنمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشى، يەنى چىن سۆزلىشى، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى، ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىقى، باشقىلارنى مەسخىرە ـ ھەجۋىي قىلماسلىقى، ئەسەرنى باشقىلار ئۈچۈن يېزىشنى ئۇنتۇماسلىقى، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىشى، كىيىم ـ كېچەككىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك. يەنى شائىرلىقنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەخلاقىي تەلەپلىرى بار بولۇپ، شائىر بولغۇچى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە مانا مۇشۇ ئەخلاقىي تەلەپلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ياخشى شائىر بولغىلى بولىدۇ. ئەدەبىيات، جۈملىدىن شېئىرىيەتنى ئەخلاق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراش ئۇيغۇر قەدىمكى زامان ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى ۋە تەسىر مۇناسىۋىتىدىكى ئەدەبىياتلار بىلەن بولغان ئورتاقلىقى ھېسابلىنىدۇ.

**3. شېئىردا تىلنىڭ مۇھىملىقى ۋە شېئىرىي تىل ھەققىدە**

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي تىلنى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە كۆرگەن ھەم تىلنى ئىنسان ئەخلاقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكلى دەپ قارىغان. ئۇ شېئىرىيەتنىڭ ئالدى بىلەن تىل سەنئىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇڭا، ئۇ شائىرلار ھەققىدە يازغاندا، ئالدى بىلەن شېئىرىي تىل ھەققىدە توختالغان. شائىرلارغا، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە تەلەپ قويغاندا، چۈشىنىشلىك تىل ئىشلىتىشنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلغان. شېئىرىي تىلنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى شائىرلارغا ھەم شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە قويۇلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئۆلچەم دەپ قارىغان. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق يازغان: «ئەي ئوغۇل، ئەگەر شائىر بولساڭ، ئىمكان بار ئىستېمالدىن قالغان (چۈشىنىكسىز) سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىككە تىرىش ھەم ئۇنداق سۆزلەردىن پەرز قىل. چۈنكى ئۇ سۆزلەرنى، يەنى ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرنى ئۆزۈڭ بىلگەن بىلەن ئۆزگىلەر بىلمىسە، شەرھلەش ـ چۈشەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، شائىر بولغان كىشى خەلق چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك»، «غەزەل مەيلى تاق قاپىيە بىلەن مەيلى مەشھۇر قاپىيەلەر بىلەن تۈزۈلگەن ياكى گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن بېزەلگەن بولسۇن، ئىمكان بار مۈشكۈل (چۈشىنىش قىيىن) ئەرەبىي سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلان». بۇ بايانلاردىن شۇنى

① مۇھەممەد سىددىق رەشىدى: «سىددىقنامە»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، 218 ـ ، 223 ـ بەتلەر. تۆۋەندىكى نەقىللەرمۇ مۇشۇ كىتابتىن ئېلىنغان بولۇپ، ئايرىم ئىزاھلانمىدى.

بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتور شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئاۋامنىڭ شېئىرنى چۈشىنىشى ياكى چۈشەنمەسلىكى ئىجادىيەتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى باھالاشتا ناھايىتى مۇھىم دەپ قارىغان. ئەينى ۋاقىتتىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر تەشەببۇس ھېسابلىناتتى، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا شېئىر ئىجادىيىتى ئاساسەن كەسىپ ئەھلى (شائىرلار ۋە ھەۋەسكارلار) نىڭ كەسپىي ئىشى بولۇپ، شېئىرلاردا قوللىنىلغان پاساھەت ۋە ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى ئاۋامنىڭ چۈشىنىشى قىيىن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن شېئىرنىڭ ئاممىباب بولۇشىنى، ئەرەبچە چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكنى، شېئىرلارنىڭ ئاۋامغا خوپ كېلىشىنى تەشەببۇس قىلىش سۆزسىزكى ئىلغار، ئەھمىيەتلىك بولغان ئەدەبىيات تەشەببۇسى ھېسابلىناتتى.

## 4. شېئىرلارنىڭ سەۋىيەلىك بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدا

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي شېئىرىيەت توغرىسىدا توختىلىپ، شائىرلارنىڭ ۋەزىنگە چۈشمەيدىغان، قاپىيەسىز شېئىر يېزىشتىن ساقلىنىشى كېرەكلىكىنى، يازغان شېئىرلىرىنىڭ شېئىرىيەتنىڭ مىزان ـ قائىدىسىگە چۈشىدىغان، سەۋىيەلىك شېئىرلار بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ ھەقتە: «تەرتىپسىز ۋە سۈپەتسىز شېئىرلارنى ئېيتما، تولىمۇ ئاددىي، مەنىلىرى ئۇدۇل، سەنئەتسىز يېزىلغان شېئىرلارنىمۇ ھېچ كىشى ياقتۇرمايدۇ. خۇددى ئالدىنقىلار ئېيتقاندەك، شېئىر قانچىكى سەنئەتلىك، مۇبالىغە ئارىلاش بولسا، شۇنچە ياخشىدۇر» دەپ يازغان. ئەدىب شېئىرلارنىڭ سەۋىيەلىك ۋە سەنئەتلىك بولۇشىنى شېئىرلارنىڭ ياخشى ـ يامان يېزىلغانلىقىنى ئۆلچەشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل دەپ قارىغان. ئەدىب ئاددىي شېئىرلاردىن بەدىئىي زوق ئالغىلى بولمايدۇ دەپ قاراپ، شېئىرلارنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇكسەكلىكتە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. بۇنداق تەشەببۇس ئەلۋەتتە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتشۇناسلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر ئىلغارلىق بولۇپ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە قارىتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

## 5. شېئىردىكى قاپىيە توغرىسىدا

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي شېئىردىكى قاپىيەنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، قاپىيەنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئاپتور قاپىيەگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان بولغاچقا، شېئىرلاردىكى قاپىيەلىنىش شەكلىنىڭ بىرقانچە تۈرىنى كۆرسەتكەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قاپىيەنىڭ «مۇتابىق» (ماسلىق)، «مۇتەزادد» (زىت، زىت مەنىلىك)، «مۇتەشاكىل» (شەكىلداشلىق)، «نەقىل»، «مۇزەۋۋەج» (پار كەلگەن، ياپسا)، «تەتەببۇئ» (نەزىرە، ئوخشىتىش)، «مۇسەلسەل» (يۈرۈشلەشكەن، راۋان) قاتارلىق تۈرلىرى ئاپتورنىڭ شېئىرىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ ھەقتە خېلى چوڭقۇر ئىزدەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 6. بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ رولى توغرىسىدا توختىلىپ: «سۆزۈم (شېئىرىم) ھەممىگە ئوبدان كۆرۈنگەي، يەنى چىرايلىق ئاڭلانغاي دېسەڭ، ئىستىئارە (ئوخشىتىش يولى ئارقىلىق كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز ياكى ئىبارە) بىلەن سۆزلە» دەپ يازغان. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىستىئارە ئەلۋەتتە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەدىب يۇقىرىقىلارنى يېزىش ئارقىلىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە بەدىئىي ۋاسىتىلەر (ئۇسۇللار) نىڭ مۇھىملىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ، ئەلۋەتتە كىلاسسىكلارنىڭ شېئىرىيەت مەسىلىلىرىگە بولغان ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى.

## 7. شېئىردا چىنلىققا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي يەنە شېئىرلارنىڭ رېئاللىزملىق روھتا بولۇشىنىمۇ تەشەببۇس قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى كىتابىنىڭ «شائىرلىقنىڭ بايانى» دېگەن قىسمىغا باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە ئېنىق قىلىپ: «سۆزۈڭ ئىمكان بار مەۋجۇت نەرسىلەر ئۈستىدە بولسۇن»، «شېئىرىم خاسۇ ئامغا (ھەممىگە) خۇش كۆرۈنسۇن دېسەڭ، ئاشىقلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ئاشىقانە ۋە يېقىملىق سۆزلەرنى لازىم تۇت»، «گەرچە شېئىردا مۇبالىغە قىلىش سەنئەت ھېسابلانسىمۇ، ئەمما شېئىردا مۇبالىغە (يالغان) نى

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىمە»، «مەدھىيەڭ ھەربىر كىشىنىڭ لايىقىدا بولسۇن. مەدھىيەلەنگۈچىنىڭ قەدىر-قىممىتىگە بېقىپ سۆزلە. مەسىلەن: ئۆمرىدە بىلىگە پىچاق ئاسمىغان كىشىنى ھەرگىزمۇ شەمشەر بىلەن شىر ئۆلتۈرگەن دەپ مەدھىيەلىمە. ئۆمرىدە ئېشەككە مىنىپ باقمىغان كىشىنى ‹ئۇنىڭ ئېتى دۇلدۇل، تۇلپار، ھەتتا ئەركەك شېئىرغا ئوخشايدۇ› دەپ مەدھىيەلىمە. بىراۋنى مەدھىيەلىمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا قايسى تەرىقىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىل» دېگەنىدەك شېئىرنىڭ رىئاللىق بىلەن باغلىنىپ تۇرۇشى تەشەببۇس قىلىنغان، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تورمۇش قانۇنىيىتىگە، چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكى چىقىش قىلىنغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

### 8. شېئىر يېزىش پرىنسىپى توغرىسىدا

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي شائىرلارغا شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە-قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا بىرقاتار تەلەپلەرنى قويغان. بۇ تەلەپلەردە «ھەممىسى نورمال بولۇش، لايىقىدا بولۇش»تىن ئىبارەت بىر مۇھىم ئېستېتىك پرىنسىپ ئىزچىللىشىپ بارغان. ئەدىبنىڭ شېئىرىيەتتىكى مۇبالىغە ھەققىدىكى قارىشىدا بۇ نۇقتا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن: «شېئىردا مۇبالىغىنى (يالغاننى) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىمە. گەرچە شېئىردا مۇبالىغە قىلىش سەنئەت ھېسابلانسىمۇ، لېكىن غەزەل ۋە مەرسىيەلەردە مۇبالىغە لايىقىدىراق بولغىنى تۈزۈك». بۇ بايانىدا ئەدىب مۇبالىغە سەنئىتىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇھىملىقىنى، ئىجادىيەتتە مۇبالىغە بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق، كىشىدە گۇمان پەيدا قىلىدىغان دەرىجىدە بولماسلىقىنىمۇ تەكىتلىگەن. ئەدىبنىڭ قارىشىچە، شېئىرىيەتتىكى مۇبالىغىگە قويۇلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئېستېتىك ئۆلچەم «لايىقىدا بولۇش». ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىدا «لايىقىدا بولۇش»، «نورمال بولۇش»تىن ئىبارەت بۇ ئېستېتىك پرىنسىپ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىمۇ خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئىزچىللىشىپ بارغان.

### 9. شېئىرنىڭ ئىجادىي بولۇشى توغرىسىدا

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىينىڭ قارىشىچە، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئىجادىيلىق ئىنتايىن مۇھىم. ئەدىب مۇستەقىل ئىجادىيلىق بىلەن باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن پايدىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان: «باشقىلارنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىنى دوراپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنمە. چۈنكى، پىكرىڭ چەكلىنىپ قالىدۇ. سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە زېھنىڭ ئېچىلالمايدۇ. ئەسلىي ھالىتىڭدە توختاپ قالىسەن. ئەگەر بىرەر يەردە غەيرىي سۆز ۋە مەنىنى ئاڭلىساڭ ياكى كۆرسەڭ، بۇ سۆز ۋە مەنە ساڭا خۇش كېلىپ قالسا، ئۇلارنى ئاڭلىغىنىڭ بويىچە ئەمەس، بەلكى شۇ سۆزگە باشقىچىرەك تۈس بېرىپ، مەسىلەن، مەدھىيەدە كۆرگەن بولساڭ، ھەجۋىيىدە، ھەجۋىيىدە كۆرگەن بولساڭ، مەدھىيەدە ئىستېمال قىل». بۇ بايانلاردىن ئەدىبنىڭ ئىجادىيەتتە ئىجادچانلىقنى جارى قىلدۇرۇشنى، باشقىلارنىڭ ئىبادىتىدىن پايدىلانغاندىمۇ، ئۇنىڭغا ئىجادىي ئىش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

### 10. شائىرلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىشى توغرىسىدا

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي شائىرنى، شائىرلىقنى ئۇلۇغلاپ، شائىرلارغا ئۆزىنىڭ قەدىر قىممىتىنى ساقلاش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرمەسلىك ھەم تۆۋەن تۇتماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە: «ئەي ئوغۇل، ئەگەر شائىر بولساڭ، باشقىلار ئالدىدا ئۆزۈڭنى تولىمۇ تۆۋەن تۇتما، يەنى بەك كەمتەرلىك قىلىپ كەتمە. يازغان قەسىدىلىرىڭدە ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇپ ‹بەندە›، ‹خىزمەتكار› (مەن سىزنىڭ قۇلۇڭ، چاكىرىڭ) دېگەنىدەك سۆزلەرنى قىلما» دەپ يازغان. ئەمما، ئۆزىنى قەدىرلەش ـ ھەرگىزمۇ ئۆزىنىلا ئاساس قىلىش، ئۆزىنىڭكىنىلا ياخشى دەپ قاراش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. مۇھەممەد سىددىق رەشىدىينىڭ شائىرلارغا قويغان تەلىپىدە يەنە بۇ ئۆزىنىلا ئاساس قىلماسلىق، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرمەسلىك ھەققىدىكى بايانلارمۇ بار. بۇ ھەقتە ئەدىب مۇنداق دەپ يازغان: «ئەگەر شائىر بولساڭ، ھەمىشە ئۆزۈڭنىڭ شېئىرىڭلا ئاشىق بولۇۋالما، يەنى ئۆزۈڭنىڭ شېئىرىنىلا ئېيتىپ تۇرۇۋالما، ھەممە بېيىتلارنى ئۆز شېئىرىڭ بىلەنلا ئوقۇما. چۈنكى ئۆز شېئىرىڭ ئۆزۈڭگە خۇش كەلگىنى بىلەن، يەنە بىراۋغا خۇش كېلىشى ناتايىن». بۇ بايانلار بىر تەرەپتىن شائىرلارغا قويۇلغان تەلەپ بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ گەپ-سۆزىگە قويۇلغان

ئەخلاقىي تەلەپ بولۇپ، بۇ بايانلاردىمۇ ئەدىبنىڭ شېئىرىيەت ۋە شائىرلىقنى ئەخلاقىي مەسىلىلەر بىلەن بىرگەۋدە سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلغانلىقى ۋە شېئىرىيەت مەسىلىلىرىنى ئەخلاقىي نۇقتىدىن چىقىپ چۈشەندۈرگەنلىكىدەك پىكىر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

**11. شائىرلارغا قويۇلىدىغان باشقا تەلەپلەر توغرىسىدا**

مۇھەممەد سىددىق رەشىدىينىڭ قارىشىچە، شائىرلىقنى كەسىپ قىلغان ئادەم ئالدى بىلەن ئادىمىلىك، كىيىم ـ كېچەكتە پاكىز، يۈرۈش ـ تۇرۇشتا رەتلىك، گەپ ـ سۆزلەرگە ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئەدىب مۇنداق دەپ يازغان: «ئەي ئوغۇل، قاچانكى بۇ ئىشنى، يەنى شائىرلىقنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتقان بولساڭ، ئاۋۋال ئېگىن، ئاياغلىرىڭنى پاكىز تۇت. بەتخۇي بولما. دائىم پاكىز ۋە خۇش چىراي يۈرۈشكە ئادەتلەن. ھېكايەتلەرنى ھەم ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە قىزىق ۋە ئالاھىدە سۆزلەرنى كۆپلەپ يادلا». يۇقىرىقىلاردىن بىز ئەدىبنىڭ شائىرلارغا شېئىرىيەت ئىلمىنى پۇختا بىلىش، تىلغا ئەھمىيەت بېرىش، قاپىيەگە سەل قارىماسلىق قاتارلىق شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى ئامىللىرى تەلىپىنى قويغاندىن باشقا، ئەدەپ ـ ئەخلاق تەلىپىنىمۇ قويغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئەدىب بۇ تەلەپلەرنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان. شائىر بولغان ئادەم: 1) كىيىم ـ كېچەكلەرنى پاكىز، رەتلىك كىيىشى كېرەك؛ 2) ياخشى خۇلۇق ـ مىجەزگە ئىگە بولۇشى كېرەك؛ 3) خۇش چىراي يۈرۈشى كېرەك؛ 4) سۆزلىگەندە ھېكايەتلەرنى قىستۇرۇپ سۆزلىشى، ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە قىزىقارلىق سۆزلەرنى قوللىنىشى كېرەك. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەدىب ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەلەپلەر قانداقتۇر شائىرلارغىلا قويۇلىدىغان تەلەپ بولماستىن، بەلكى ھەرقانداق بىر ئادەمگە قويۇلىدىغان ئەدەپ ـ ئەخلاق تەلەپلىرى بولۇپ، ئەدىب شائىرلارغا ئالدى بىلەن ئادىمىلىك تەلىپىنى قويغان. ئەدىبنىڭ نەزىرىدە، ئادىمىلىك پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش شائىرلارغا قويۇلغان ئالدىنقى تەلەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، قەدىمكى دەۋرلەردە شائىرلار ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەتتە مۇكەممەل بولۇش تەلىپى قويۇلغان.

ئومۇمەن، مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغان «سىددىقنامە» ناملىق ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق ئىلمى تەتقىقاتىدىكى قىممەتلىك مىراس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى تارىخىدىكى مۇھىم ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان شېئىر ۋە شائىرغا دائىر مەزمۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى شېئىرىيەت قارىشىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم ئۈچۈرلار سۈپىتىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزنى، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

[بۇ ماقالە مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى تەتقىقاتى» ناملىق تەتقىقات تۈرىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى. تەستىق نومۇرى: 12YJA751027]

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى**

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھنۇر يۇنۇس

# توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىلىرىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر فېلىيەتونچىلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئامانگۈل ئىمىن

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە داڭلىق تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى فېلىيەتون تەرجىمىلىرىنىڭ ئۇيغۇر فېلىيەتونچىلىقىدا تۇتقان ئورنىغا قىسقىچە باھا بېرىلىش بىلەن بىللە، خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى فېلىيەتون ژانىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر فېلىيەتونچىلىقىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** توختى باقى ئارتىشى؛ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر فېلىيەتونچىلىقى

## 1. توختى باقى ئارتىشىنىڭ ئۇيغۇر فېلىيەتونچىلىقىدا تۇتقان ئورنى

توختى باقى ئارتىشى ئىزچىل ھالدا لۇ شۈن ئەسەرلىرى تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە يۈز كۆرۈشتۈرۈشتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە لۇشۈن ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككىنچى بىر تىل مۇھىتىنى بىمالال ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگۈدەك قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو خەلقى، جۈملىدىن دۇنيا خەلقى ئاغزىدىن چۈشمەي تەرىپلەيدىغان لۇشۈن روھى توختى باقى ئارتىشىنىڭ تەرجىمە دىتى ۋە ئوبرازلىق تەرجىمە تىلى بىلەن ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى بولۇپمۇ فېلىيەتونلىرى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆز ئىزىنى قالدۇرۇپ، نۇرغۇن ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىش مەكتىپى بولۇپ كەلدى. لۇشۈن كونا جەمئىيەتنى، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى، زالىم ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ ياللانما گۇپپاڭچىلىرىنى، بارغانلا يەردە كۆلنى سېسىتىۋېتىدىغان، لېكىن ئۆزىگە سۇ يۇقتۇرمايدىغان «ئالىيجاناب»لارنى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ، ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇلار بىلەن پىكىرداش، تەقدىرداش، ھەمنەپەس بولغانلىقىدەك ئىجادىيەت ئىستىلى بىلەن روياپقا چىققان ھەر خىل تېمىدىكى فېلىيەتونلار ھازىرقى ئەدەبىي مۇھىتىمىزنى يېڭىچە قان بىلەن زەرەتلەپ تۇردى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئەركىن ئىنسانىي ھايات ئىمكانىيىتىنى يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەيدىغان مەزمۇنلار تولىمۇ گۆدەك، بورۇقتۇرمىلىقتا ئۇچراۋاتقان ئەدەبىياتىمىزدىكى «تېما قەھەتچىلىكى»گە مەلۇم دەرىجىدە خاتىمە بەردى.

توختى باقى ئارتىشىنىڭ لۇشۈن ئەسەرلىرى تەرجىمىلىرىنى ئىشلەش ۋە كېيىنكى بىر قاتار تەرجىمە پائالىيىتىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىنىڭ ئىزچىل ھالدا «فېلىيەتون»غا مەركەزلەشكەنلىكىنى بايقايمىز. خۇددى ئاپتورنىڭ: «ئېھتىمال بېشىمدىن كەچۈرگەن ئىسسىق-سوغۇق سەرگۈزەشتىلىرىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، كېڭىيىۋاتقان ھەۋەسلىرىمنىڭ دائىرىسى بارا-بارا فېلىيەتون تەرەپكە كۆپرەك مايىل بولۇپ قالدى»① دەپ ئېيتقىنىدەك، ئۇ خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ ئەڭ يېڭى فېلىيەتونلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلدى ھەم شۇنىڭ ئىلھامى بىلەن قولغا قەلەم ئېلىپ يېڭى فېلىيەتونلارنى يازدى.

① «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ»، توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى نەشرى، 3-بەت.

توختى باقى ئارتىشنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى تەرجىمىچىلىكىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلىدى. ئۇ «ھەق سۆزلىگەن گۇناھ ئەمەس» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ: «تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل قويغان ئادەم ئۆز تۇرمۇشىدا دۇچ كەلگەن، دىلخەستىلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان بىرەر دىلكەش ۋاستىلىرىنى تاپالىشى مۇمكىن. ماڭا دىلكەش بولغان ۋاستىلەرنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇنى ـ بۇنى ئوقۇشتۇر. تەجرىبىمىزدىن قارىغاندا، ئۇنى ـ بۇنى ئوقۇش بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچىدۇ، دىلى سۆيۈنىدۇ، كۆڭلى ئېچىلىدۇ، روھى كۆتۈرۈلىدۇ، كۆڭلى تەسكىن تاپىدۇ، چېچىلىپ تۇرغان پىكرى ـ خىيالى جايىغا چۈشىدۇ، پۇت ـ قولىغا ماغدۇر كىرىپ غەيرىتى ئاشىدۇ»① دەيدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بۇ خىل يۆنىلىشتىكى تەرجىمىگە كىرىشتىكى مەقسىتىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «بۇنداق روھىي ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى تاسادىپىي ئەھۋال بولمىسا كېرەك. ئۇنى ـ بۇنى ئوقۇغاندا شۇنداق گەپلەر ئۇچرايدۇكى، ئۇ گەپلەر مەيلى نەزەرىيە، مۇھاكىمە، مۇلاھىزە، تەقرىز بولسۇن، مەيلى تەكلىپ ـ مەسلىھەت، پەند ـ نەسىھەت بولسۇن ياكى خاتىرە، ئەسلىمە، ھېكايە بولسۇن ۋە ياكى شىكايەت، پاش قىلىش، تەنقىد، رەددىيە ۋەھاكازالار بولسۇن، ئەگەر رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان (ئاتام ئېيتقان) بايىقى دېگەندەك كونا گەپلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن، ئۇترۇقسىز تەرغىباتلاردىن، تېتىقسىز مۇبالىغىلەردىن، بىھۇدە مەمەدانلىقلاردىن، ئاساسسىز ئويدۇرمىلاردىن خالىي بولسىلا، خۇددى قارا قىشتا لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتقا، تومۇز ئىسسىقتا چاڭقاپ تۇرغاندا ئىچكەن بۇلاق سۈيىگە ئوخشاش كىشىنى ھوزۇرلاندۇرۇشى مۇمكىن»② دەپ يازىدۇ.

دېمەك، توختى باقى ئارتىشى خەنزۇ تىلىدىكى تەسىرچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئەسەرلەردىن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىمۇ بەھرىلەندۇرۇش ئۈچۈن، «ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەننى باشقىلاردىن ئايىما، قولۇڭ ياغ بولسا دوستۇڭغا سۇۋا» دېگەندەك، بەزى يازمىلارنى تاللاپ، ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەتكە قاراپ تولۇقلاپ، يۇغۇرۇپ، ۋەزىپە ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خاس نىيەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

دەرۋەقە، ئۇ تەرجىمە قىلغان «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟» (2001 ـ يىلى نەشرى)، «ھەق گەپ قىلغان گۇناھ ئەمەس» (2003 ـ يىلى نەشرى، ئىككى قىسىم)، «كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول» (2008 ـ يىلى) قاتارلىق تۆت كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قوزغىدى. يۇقىرىقى كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن فېلىيەتونلار ئاخباراتچانلىقى، تېماتىك ئىدىيەسىنىڭ كەڭلىكى، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا يۈز بېرىۋاتقان سەلبىي ھادىسىلەرنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ فېلىيەتونلارنىڭ ئاپتورلىرى ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان جىددىي ھادىسىلەرگە ماھىيەتتىن قاراپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشى ئۈچۈن تىنىمسىز باش قاتۇرۇپ، يۈز بېرىۋاتقان، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىشلارنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ، دەۋرنىڭ چىن ھەقدارى ۋە ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ھەقىقىي ئەزاسى سۈپىتىدە رېئاللىققا ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ يوسۇندا ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

بۇ تۆت كىتابدىكى فېلىيەتونلاردا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرى، ئېقىم مەسىلىلىرى، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھە ۋە قاتلاملىرىدىكى ئېچىنىشلىق رېئاللىقلار، كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەر سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ. ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋاپا، مېھىر ـ مۇھەببەت، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەت مەدھىيەلىنىدۇ. جاھالەت، خىيانەتچىلىك، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، ئاچ كۆزلۈك، نائەھلىلىك، ئۆكتەملىك، زوراۋانلىق، زالىملىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش رەزىللىكلەر ھەجۋىي، ئىستارە، كىنايە ئۇسۇلى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

بىز بۇ فېلىيەتونلارغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى «فېلىيەتون» ژانىرىنىڭ زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ھەتتا «نېمە ئۈچۈن خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى فېلىيەتون ژانىرىنىڭ

① «ھەق سۆزلىگەن گۇناھ ئەمەس»، توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ بەت.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ بەت.

تەرەققىياتى باشقا ھەر قانداق ژانىرغا قارىغاندا شۇنچە تېز ھەم كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ؟» دەپ سوئال قويىمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ئەجەل ھودۇقىشىدا»، «پادىشاھ سامرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» دېگەن فېلىيەتونلىرىدىن كېيىنكى 60 يىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىر يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلار، بولۇپمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ ئاۋانگارتلىق بىلەن سەھىپە ئاجرىتىپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاپتورلارغا خەلقىنىڭ ھەقىقىي ساداسىنى ياڭرىتىدىغان سورۇن ھازىرلاپ بېرىۋاتقانلىقىدىن، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ فېلىيەتونچىلىقنىڭ كەڭ تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئېغىرىدا قالغۇدەك غوللۇق فېلىيەتونلارنىڭ مەيدانغا كەلمىگەنلىكى بىزنى ئويلاندۇرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن

ئۇنداقتا فېلىيەتوننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئىككى مىللەت ئەدەبىياتىدىكى فېلىيەتون ژانىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن قانداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن؟ توختى باقى تەرجىمە قىلغان تۆت پارچە فېلىيەتونلار توپلىمىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىرى بولدىمۇ ـ يوق؟ يۇقىرىقى سوئاللار ئۈستىدىكى مۇھاكىمە توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىچىلىكى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارايمەن، ئەلۋەتتە.

گېپىمىزگە كەلسەك، ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان ئەدەبىيات نەزەرىيەسى كىتابلىرىدا فېلىيەتون ھەققىدىكى بايانلار ناھايىتى ئاز. ئازادلىقتىن بۇرۇنلا شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەرىپىدىن ۋايىغا يەتكەن فېلىيەتونلارنىڭ ئىزى قالغان مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا فېلىيەتون ژانىرىغا مېغىزلىق بىر نەزەرىيە بىلەن جاۋاب بېرىلمىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا بىزنى ئويلاندۇرىدۇ. ئۇنداقتا، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى كىتابلىرىدىكى فېلىيەتونغا بېرىلگەن تەبىرگە قاراپ باقايلى:

«فېلىيەتون ــ ئەدەبىياتنىڭ ھەم ئەدەبىي ھەم سىياسىي مۇھاكىملىق خاراكتېرگە ئىگە بىر خىل شەكلى بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. فېلىيەتوندا مەزمۇننى ئىپادىلەش جەھەتتە بايان قىلىش، لىرىكا ۋە سىياسىي مۇھاكىمە قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن؛ شەكىل جەھەتتە ئۇ جانلىق، ئەركىن بولىدۇ، فېلىيەتوندا ئاپتورنىڭ سىياسىي خاھىشى بىۋاستە ئىپادىلىنىدۇ.

فېلىيەتون ئادەتتە ئىخچام، قىسقا بولۇپ، رېئال پاكىتقا ئاساسلىنىدۇ. ئۇ ئوبرازلىق تىللارنى ئىشلىتىپ، ئوخشىتىش، كىنايە قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق خۇددى خەنجەر ۋە نەيزىگە ئوخشاش دۈشمەننىڭ ئەجەللىك يېرىگە قادىلىدۇ، بارلىق قالاق ۋە ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ ساختا قىياپىتىنى يىرتىپ تاشلايدۇ.

فېلىيەتونلار ساتىرىك ۋە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا مەسخىرە ۋە ھەجۋىيلىك كۈچلۈك بولىدۇ. ئەمما، فېلىيەتون بىر كۈرەش قورالى بولغاچقا، ھەجۋىينى قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئومۇمەن ئوبيېكتقا قاراپ قاتتىق پەرقلەندۈرۈش لازىم.

فېلىيەتون ئارقىلىق يېڭى شەيئىلەرنى مەدھىيەلەشمۇ مۇمكىن، ئەمما بۇ خىل مەدھىيەلەش فېلىيەتونلاردا ھەمىشە كونا شەيئىلەر (قالاق ۋە ئەكسىيەتچىل كۈچلەر) نى پاش قىلىش ۋە تەنقىدلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋاستىلىك ئىپادىلىنىدۇ»①.

فېلىيەتون ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلاپ بىرقەدەر گۈللىنىشكە باشلىغان ئەنئەنىۋى مىللىي شەكىل بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە تېخىمۇ جەڭگىۋارلاشقان②. فېلىيەتون ئەسلىي فىرانسۇزچە سۆز بولۇپ، ئۇ «كۈندىلىك تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان ناچار ھادىسىلەرگە نەپرەت قىلىپ، سۆزلىرى ئاچچىق ـ چۈچۈك، مېغىزى، مەزمۇنى تاتلىق ھەم پايدىلىق يېزىلغان ماقالە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ئەدەبىيات ساھەسىدە دۇنياۋى ئورتاق تىلغا ئايلىنىپ، نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئەدىب لۇشۈن ئەينى دەۋردە يەنى فېلىيەتون جۇڭگو زېمىنىدا ئومۇملىشىشقا باشلىغان ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا فېلىيەتون ئۈستىدە توختىلىپ:

① ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 623 ـ، 624 ـ بەتلەر.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 623 ـ بەت.

« ‹杂文› (فېلىيەتون) ھازىر چىققان يېڭى نەرسىمۇ ئەمەس، قەدىمدىن تارتىپ بار ئىكەن»① دەپ يازغان. ھەتتا ئۇ «ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى فېلىيەتونلىرىنىڭ جەڭگىۋار ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزى ياشىغان ئاشۇ كونكرېت دەۋرگە بىرلەشتۈرۈپ كۆپلىگەن فېلىيەتونلارنى يېزىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلىغان ھەم چوڭقۇر پاش قىلغان»②. مەشھۇر ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى جۇي چيۇبەي 1933 ـ يىلى ئېلان قىلغان « ‹لۇشۈن ئوچېركلىرىدىن تاللانما› غا كىرىش سۆز» سەرلەھىلىك ماقالىسىدە: «لۇشۈن ئوچېركلىرى ئەمەلىيەتتە ‹ئىجتىمائىي بەس ـ مۇنازىرە› دېگەن ئاتالغۇنىڭ يەنى ‹فۇلتونۇڭ› دېگەن سۆزنىڭ ئالمىشىشىدۇر» دەپ يازغان. ئۇ بۇ ماقالىسىدە «بەس ـ مۇنازىرە» دېگەن ئىبارىنى خەنزۇ تىلى بويىچە «فېلىيەتون» دەپ ئاتىغانلىقىنى، ئومۇمەن ئۇنىڭ ئېقىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىنىدىغان بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلغان.

توختى باقى ئارتىشى ئۆزىنىڭ تەرجىمە ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى فېلىيەتون تەرجىمىچىلىكىگە ئاتىغان بولغاچقا، ئۇ «كۆكتۈلدىن كۆكتۈلگە يول» ناملىق تەرجىمە كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى «يۈرەكتىن چىققان سۆزلەر» دېگەن خاتىمە قىسمىدا تەرجىمىچىلىك ھاياتىدىن چىقارغان يەكۈنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا فېلىيەتونغا، فېلىيەتونلارنىڭ باشقا ئەدەبىي ژانىرلار بىلەن بولغان پەرقى ئۈستىدە توختىلىپ تۆۋەندىكىدەك يازىدۇ:

«بىر چاغلاردا بىز تەرجىمە ۋاسىتىسى بىلەن ‹زاۋېن›، ‹ئەبجەش ماقالىلەر› دەپ ئاتاپ كەلگەن، ئاخىر ‹ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار› دېگەندەك ‹فېلىيەتون› دېگەن نام بىلەن ئومۇملىشىۋاتقان بۇ ئەدەبىي ژانىر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە بىلەن بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نەسىرنىڭ بىرىكمىسىدۇر. ئۇنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى پارچە ۋەقەلەرنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئاپتورنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ۋە پىكىر قاراشلىرى بايان قىلىنىدۇ ۋە قاراشلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى يېشىپ بېرىلىدۇ. فېلىيەتون ژانىر جەھەتتە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىر شېخى بولۇپ نەسىر ئۇسلۇبىدا يېزىلىسمۇ، لېكىن ھېكايە، رومان، سەھنە ئەسەرلىرىگە ئوخشاش باش ـ ئايىقى مۇكەممەل شەكىلدە يېزىلىشى ۋەياكى نەزمە ـ شېئىرغا ئوخشاش قاپىيە، ۋەزىن بىلەن قېلىپقا چۈشۈرۈلۈپ يېزىلىشى ناتايىن؛ ئادەتتە ئۇنىڭ ھەجمى چوڭ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەزمىگە سىغدۇرالمىغان پىكىرنىڭنى فېلىيەتون بىلەن بايان قىل، دەيدىغان قاراش ئاساسسىز گەپ ئەمەس»③.

توختى باقى ئارتىشى يەنە فېلىيەتونلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «فېلىيەتون ئوي ـ پىكىرنىڭ سەنئەت ۋاسىتىلىرى، ئوبراز ۋە تەسۋىر بىلەن ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇ مۇتلەق كۆپ شارائىتتا دەرد ـ ھەسرەتتىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئاھۇ ـ زاردىن، ھەتتا چۇقاندىن چىققان سادادۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، لۇشۈننىڭ ‹فېلىيەتون زامانىنىڭ مىجەزىنى تۇيۇپ ـ سېزىپ تۇرىدىغان سەزگۈچى نېرۋىدۇر› دېگەن تەبىرى يازغۇچىلارنى ۋە فېلىيەتون زوقمەنلىرىنى ئورتاق چۈشەنچە بىلەن ھەمنەپەس قىلىپ كەلمەكتە. ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، بۇمۇ ھەق گەپ. ئەگەر فېلىيەتون زاماننىڭ تومۇرىنى تۇتۇشنى بىلمىسە، دەۋرنىڭ كارى ـ بارىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ بىلىپ تۇرمىسا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئەل ـ جامائەتنىڭ يۈرەك سوقۇشىغا تەڭكەش بولالمىسا، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمىسا، ھېچبولمىغاندا خەلقنىڭ خۇشاللىقىغا ياكى خاپىلىقىغا ئورتاقلىشالماي لەيلەپ يۈرسە، ئۇنداق فېلىيەتون تەبىئىيكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ قويىدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئەسەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ رېئاللىقنى يۈزلىنىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ‹رېئاللىققا يۈزلىنىش› نى شەرھلەپ ئەمەلىيەتنى، ئاممىنى، تۇرمۇشنى نەزەردە تۇتۇش دېمەكتۇر؛ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ يەشسەك، ھازىرقى جەمئىيەتتە مەۋجۇت

---

① لۇ شۈن: «كېيىنكى تاللانما ئەسەرلەردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت.

② ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 624 ـ بەت.

③ «كۆكتۈلدىن كۆكتۈلگە يول»، توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 319 ـ بەت.

بولۇپ تۇرغان ھەر تۈرلۈك شەيئى ۋە ھادىسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماي دادىل پىكىر يۈرگۈزۈش، زوۋان سۈرۈش، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قىلىشتىن باش تارتماسلىققا جۈرئەت قىلىش دېمەكتۇر»①.

توختى باقى ئارتىشى ئاخىرىدا فېلىيەتون ژانىرى ئۈستىدە ناھايىتى مېغىزلىق ھەم ئوبرازلىق قىلىپ: «قىسقىسى، فېلىيەتون باھاسىنى مۆلچەرلەپ بولمايدىغان جاپالىق ئەجىرنىڭ مەھسۇلىدۇر. يازغۇچىنىڭ رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، رېئال ھاياتتىكى لەنەتكەردى ھادىسىلەر ئالدىدا دەرد ـ ھەسرەتكە تولۇپ، خۇددى پىلە قۇرۇتى ئۈجمە يوپۇرماقلىرىنى ئاستا ـ ئاستا چايناپ، ھەزىم قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزى قۇرۇق غوزەككە ئايلىنىپ، ئەلنى قىممەت باھالىق كىمخاب بىلەن تەمىن ئەتكەندەك، شۇ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ھەم ئاچچىق ھەم تاتلىق سۆزلەر بىلەن توقۇپ بارلىققا كەلتۈرگەن بەدىئىي نەسىردۇر. ئۇ جەڭنامە ئەمەس، بۇيرۇق ياكى چاقىرىقمۇ ئەمەس، مەستخۇشلارنىڭ مەمەدانلىقمۇ ئەمەس، ئادەتتىكى ئەرز ـ ھال ياكى شىكايەتمۇ ئەمەس، بەلكى دەرتكە دەرمان، رەنجگە شىپاھ بولىدىغان ھەم ئاچچىق ھەم تاتلىق دورىدۇر؛ قارىسىڭىز كۆزگە، پۇرىسىڭىز دىماغقا ھوزۇر بېرىدىغان ‹تىكەنلىك ئەتىرگۈل› دۇر»② دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ.

توختى باقى ئارتىشنىڭ فېلىيەتون ژانىرى نەزەرىيەسى ھەققىدە چىقارغان يەكۈنلىرىدىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، تۇرمۇشىمىزدىكى ئىجتىمائىي قاراڭغۇلۇقلار فېلىيەتوننىڭ ئۆتكۈر ئوپېراتسىيەسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەيلى قايسى جەھەتتىن ئالايلى، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا، ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر بىر ئادەم فېلىيەتونغا خۇشتار بولماي تۇرالمايدۇ. ھەتتا شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، گويا رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت ھەر قانداق بىر ئىش، ھادىسە توغرىسىدا جاۋابكارلىقى باردەك، يولۇققانلىكى مەسىلە ئۈستىدە، بولۇپمۇ يامان، رەزىل ئەھۋاللار ئۈستىدە بىر نېمە دېمەي تۇرالمايدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى جامائەت پىكرى ۋاستىلىرىگە قارىساق، دىققەتنى تارتىدىغان «فېلىيەتون»لارنىڭ كۆپلەپ ئۇچرايدىغانلىقى بۇنى روشەن ئىسپاتلايدۇ.

لېكىن، خەنزۇ ئەدەبىياتىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى فېلىيەتون ژانىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلىلا ئارقىدا قالغان. ئەدەبىيات چۆشەنچىلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى 60 يىلدىن بېرى نۇرغۇن تەرەققىياتلارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ژانىرلار تەرەققىياتى بىردەكلىكنى ساقلىيالماي قالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە «ھەقىقىي بىر رېئالىزمچىغا خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن دەۋر رېئاللىقىدىكى مۇھىم، چوڭ مەسىلىلەرنى ئىجادىيىتىگە تېما قىلىپ، شىنجاڭنىڭ، مەملىكىتىمىزنىڭ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىنى، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ئىدىيەلىرىنى ئاساسىي تېما»③ قىلغان فېلىيەتون ژانىرى بۈگۈنكى دەۋرگىچە ئىزچىللىقنى ساقلىيالمىدى. ئادەملەرنىڭ ئېستېتىك خاھىشلىرى باشقا ژانىرلارغا ئوخشاش ئەركىن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى. 2000 ـ يىللارغا كەلگەندە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق بىر قىسىم ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە توختى باقى ئارتىشى قاتارلىق تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ئاۋانگارتلىق بىلەن يول باشلىشى بىلەن، خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى نادىر فېلىيەتونلار تەرجىمە قىلىندى ھەم شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەسلىدىنلا ئېرسىيىتىدە فېلىيەتوننىڭ قېنى بار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يەنە بىر سوقۇلۇشقا دۇچ كېلىپ ئۆزگىچە تۈستە چاقناشقا باشلىدى. بۇنى ئېنىقلا توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە سۇنغان تۆت پارچە كىتابىدىكى فېلىيەتونلارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## 2. توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىلىرىنىڭ ئۇيغۇر فېلىيەتونچىلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

توختى باقى ئارتىشنىڭ تەرجىمە ۋە ئىجادىيەت بىرگەۋدە قىلىنغان بۇ تۆت پارچە كىتابىدىكى

---

① «كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول»، توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 319 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 320 ـ بەت.

③ كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان، 67 ـ بەت.

فېليەتونلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

بۈگۈنكىدەك ئىقتىساد بىر گەۋدىلىشىۋاتقان، ئۇچۇر يەر شارىلاشقان دەۋردە ئەسەرنىڭ بىر تىلدىن ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلىنىشى مەيلى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىسىغا بولسۇن نۇرغۇن تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدا گەپ يوق. توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلغان فېليەتونلارمۇ دەل موشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بىز بۇ فېليەتونلارغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى ئەسەرلەردىكى كۆپ قىرلىق مەزمۇن قاتلىمى بولسا كېرەك. فېليەتونلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىمۇ دەل جەمئىيەتنىڭ ئىنسان ئەقلىگە سىغمايدىغان قاراڭغۇ تەرەپلىرى بولغاچقا، ئەسەرلەرنىڭ تىغ ئۇچى كۆپرەك ئادالەتسىزلىك ۋە ھەرخىل ناچار ئىللەتلەرگە قارىتىلغان. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، تەرجىمىلەرنىڭ بەدىئىيلىكىمۇ ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. فېليەتونلارنىڭ تىلى ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك بولۇشتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى يۇمۇرىستىك، كۈلكىلىك بولۇپ، ئەسەر مەزمۇنىنى تېخىمۇ رەڭدارلىقتا ئىگە قىلىدۇ. ماۋزۇلارنىڭ تاللىنىشى، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ھەر خىل تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاللاپ مۇكەممەل بىر كارتىنىنى يورۇتۇپ بېرىشى، قىسقىسى ئەسەر باشلىنىپ تاكى ئاخىرلاشقىچە پىكىر بىردەكلىكىنى ساقلىشى بىزنى نۇرغۇن ئېستېتىك تەربىيەگە ئىگە قىلىدۇ.

دەرۋەقە، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئېستېتىك خاھىشلىرىنى ئىپادە قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ دېموكراتىك ئىدىيەلەر بىلەن قوراللانغانلىقى، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىقتا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى، كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن مەزمۇن ۋە تىل جەھەتتىن ئېنىق پاسىل ئاجراتقانلىقى، ئىپادىلەشتە ئەركىن يول تۇتقانلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تېما ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى جەھەتتىن كۆپ قىرلىقلىقتا ۋە كۆپ قاتلاملىقتا قاراپ تەرەققىي قىلدى. شۇنداقلا مۇشۇ جەرياندا باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچراپ تۇردى. موشۇ نۇقتىدا بىز توختى باقى تەرجىمە قىلغان فېليەتونلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تەن ئالماي تۇرالمايمىز.

**بىرىنچى، مەزمۇن جەھەتتىكى تەسىرى**

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە بەخش ئېتىدىغىنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنلۇق بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئىلغارلىقتا ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىگە ئاساسەن ئەسەرنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا باھا بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مەيلى خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «فېليەتون» بولسۇن مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىمىغان يوسۇندا پىكىر قىلىدۇ، مەسىلىلەرنى تولىمۇ ئەتراپلىق تەھلىل قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى قاراڭغۇلۇقلارنى دادىللىق بىلەن پاش قىلىدۇ، ئادەملەرگە ھەقىقەتنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇھاكىمە تېمىمىزغا قايتىپ كەلسەك، توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلغان فېليەتونلار قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۆزگىچە نەزەر بىلەن كۆزەتكەن، بىلگەن ھادىسە، ۋەقەلىكلەرنى ھەققانىيەت زېمىنىدا تۇرۇپ ئۆزىگە خاس زېرەكلىك ۋە ماھارەت بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، جەسۇرانە ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان يۈرەك سۆزلىرى بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ كۆپ قاتلاملىقى، ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ تولىمۇ نازۇكلۇقى ۋە موللۇقى بىلەن بۈگۈنكى دەۋردە خۇددى قۇملۇقتىكى ئالتۇنغا ئوخشاش گاھ پەيدا بولسا، گاھ غايىپ بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقىنى سۇس ساقلاپ كېلىۋاتقان فېليەتونچىلىقىمىزغا مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

1) بۇ فېليەتونلاردا يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق، پارىخورلۇق قاتارلىق رەزىل قىلمىشلىرى قاتتىق پاش قىلىنغان. مەسىلەن، توختى باقى ئارتىشىنىڭ «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ»، «كۆكۈلدىن كۆكۈلگە يول» قاتارلىق ئىككى كىتابىدىكى «تەرەتكە چىقىش ھوقۇقى توغرىسىدا پاراڭ»، «زامان تەقەززا بولۇپ تۇرغان پىكىر»، «غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى تېزراق ئۆزگەرگىدىن چۈشىسە بولاتتى»، «يىغىن ھەققىدە»، «ساختا مەنسەپ مىراسى»، «سىياسىي پاھىشىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايلى»، «خان ـ پادىشاھلار ئەزەلدىن ناكەسلەرنى خىزمىتىگە سالىدۇ»، «پەرزكار چوشقىبايىنىڭ مەنسەپكە

ئۆلتۈرۈشى»... قاتارلىق فېليەتونلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ پارىخور ئەمەلدارلارغا بولغان نارازىلىقى، غەزەپ ـ نەپرىتى ئىپادىلەنگەن.

2) بۇ فېليەتونلاردا دېھقانلارنىڭ دەرد ـ خاپىلىقلىرى يېزىلىش ئارقىلىق، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ناتوغرا قىلمىشلىرى تەنقىد قىلىنغان. مەسىلەن، توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلغان «ماۋزۇسى ئامانەت قالدۇرۇلغان ھېكايە 2» دېگەن فېليەتون بىلەن «دېھقانمۇ پېنسىيەگە چىقسۇن» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) دېگەن فېليەتوننى مىسالغا ئالساق، ئالدىنقى فېليەتوندا ئەل ئارىسىدا يۈز بەرگەن قىزىقارلىق بىر ئىش مىسال كەلتۈرۈلۈش ئارقىلىق، رەھبەرلەر ۋە باشقۇرۇش خادىملىرى ئىچىدىكى ناتوغرا قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغانلار تەنقىد قىلىنسا، كېيىنكى فېليەتوندا «كېسەل بولسا، ئۆيىدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلىرىنى سېتىپ داۋالىنىدىغان» دېھقاندىن ئىبارەت بۇ «ئىگىسىز ئىنەك»نىڭ تېزراق جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇشقا بولغان تەلەكداشلىق ئىپادىلىنىدۇ.

3) توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلغان فېليەتونلاردا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ماھىيەتتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىۋاتقان، شەكىلۋازلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان ھالىغا ئېچىنىلغان. مەسىلەن، «ماۋزۇسى ئامانەت قالدۇرۇلغان ھېكايە 1»، «ئىششىق ھېچقاچان سېمىزلىكنىڭ بەلگىسى بولالمايدۇ»، «راستچىللىق ۋە شەرمەندىلىك، پوتكۆل ئەل كېسەلمۇ؟» قاتارلىق فېليەتونلاردا دورا ئېلانلىرىنىڭ جاھاننى قاپلاۋاتقانلىقى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ كىشىلىك ئەخلاققا يات قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش كويىدا بولۇشى، ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى ياخشى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشى، جاپا تارتىپ ئەمگەك قىلغانلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ قەدىرلەنمىگەنلىكى، ھەتتا گېزىت ـ ژۇرناللار، رادىيو ـ تېلېۋىزورلارنىڭمۇ بۇنىڭدىن قۇرۇق قالمىغانلىقى ھەجۋىي قىلىنىدۇ. «دادامنىڭ سارالىقى» ناملىق فېليەتوندا بولسا تېلېۋىزور بىلەن دادا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى تىلغا ئېلىنىش ئارقىلىق، ئاخبارات ۋاستىلىرىدىكى ناتوغرا خاھىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ناچار ئەخلەت ئېلانلىرى تەنقىد قىلىنىدۇ ھەم قانۇنىي ۋاستىلەر بىلەن بىر تەرەپ قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

4) بۇ فېليەتونلاردا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ياتلىششلار، قائىدە ـ پىرىنسىپلارغا توغرا كەلمەيدىغان قىلمىشلار تەنقىد قىلىنغان. مەسىلەن، توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلغان «نادانلىق ۋە كولدۇرلىتىش»، «يۈز ياساش قۇرۇلۇشى»، «ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيلى»، «ماقالىسىنى ئۆزى يازىدىغان، سومكىسىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغان بولسۇن»، «يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىمىزدىكى بەدەۋىيلىك»... قاتارلىق فېليەتونلار ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «تەرەققىياتنىڭ ھارام تۇغۇندىلىرى»، «باش قەھرىمان ئۆچۈن»، «قارا باسقان كېچە»، «پىتلار نەگە كەتتى»، «تۇزۇكنى دورىسۇن» قاتارلىق فېليەتونلاردا ئىجتىمائىيلىشىش دولقۇنىنىڭ تىزگىنسىز ھەيۋىسى ئاستىدا ئۆزلۈكنى يوقاتقان، پىرىنسىپلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئەخلاق ـ دىيانەت ئېڭىدا چېكىنگەن، ياتلىشىش گىردابىدا روھىي جەھەتتىن كاردىن چىقىشقا يۈزلەنگەن ئىنسانلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىدۇ.

### 3. توختى باقى ئارتىشى تەرجىملىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى تەسىرى

ئەدەبىياتتىكى مەزمۇن مەسىلىسىدىن باشقا يەنە مەزمۇننى قانداق ئىپادىلەشمۇ ئاپتور ھەم كىتابخان كۆڭۈل بۆلىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلغان فېليەتونلارغا قارايدىغان بولساق، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

**بىرىنچى، ماۋزۇ قويۇش جەھەتتە:**

ئادەتتىكى ماقالە ـ ئەسەرلەر، ھۆججەت ـ ئالاقىلەر بولسۇن ياكى چوڭ ھەجىملىك كىتاب ـ مەخسۇس ئەسەرلەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ مۇۋاپىق ماۋزۇسى بولىدۇ. ھەرقانداق ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى كىتابخانلاردا شۇ ئەسەر ياكى ماقالە توغرىلىق تۇنجى ئىنكاس پەيدا قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق ئامىل بولۇپ، ماۋزۇنىڭ ياخشى

بولۇش-بولماسلىقى ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەلۋەتتە، فېليەتون ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەننىڭ دەسلەپتە كۆزى چۈشىدىغان جايمۇ فېليەتونلارنىڭ «ماۋزۇ»سىدۇر. فېليەتونلارنىڭ ماۋزۇسى كىتابخانلارنى قانچە جەلپ قىلسا، ماۋزۇ بىلەن مەزمۇن قانچىكى بىردەكلىكنى ساقلىيالىسا، فېليەتوننىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلغان بۇ فېليەتونلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ فېليەتونلار ماۋزۇسىدىنلا چوڭ تېمىلارنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. باشقا ئىشنى قويۇپ تۆت پارچە كىتابنىڭ ماۋزۇسىغا قارىساق، ئۇزاق مەزگىل قانمايۋاتقان ئېستېتىك خاھىشلىرىمىزنىڭ ئەكسىنى كىتابنىڭ ئىسمىدىن كۆرۈۋاتقاندەك خۇش بولۇپ كېتىمىز. ئاندىن كىتاب ئىچىدىكى ھەر قايسى كىچىك ماۋزۇلارنىڭمۇ يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىز بىلەن ياندىشىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

**ئىككىنچى، كىنايە قىلىش، دارىتمىلاش ئۇسۇللىرىنى ئەركىن قوللىنىش جەھەتتە:**

توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىلىرىگە قارايدىغان بولساق، فېليەتوننىڭ ھەم جانغا تېگىدىغان خەنجەر بولۇپ ھەم جانغا داۋا بولىدىغان دورا بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان خۇسۇسىيىتىنىڭ دەل كىنايە قىلىش ۋە دارىتمىلاش ئارقىلىق ۋايىغا يەتكەنلىكىنى بايقايمىز. توختى باقى ئارتىشى كىنايە قىلىش، دارىتمىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ ھادىسىلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى يالىڭاچلاپ كۆرسىتىدۇ. تارىخىي ۋەقە، پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى، ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى تەھلىل قىلىپ بېرىدۇ. سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تارىخ، تەرتىپ-تۈزۈم، ئاڭ-پىكىر، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە باشقا ساھەلەردە كىشىنى قايىل قىلالايدىغان، ئويلاندۇرالايدىغان، غەيرەتكە كەلتۈرىدىغان، غەزەپلەندۈرىدىغان تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدۇ.

شۇنداق، زامان ئالماشتى، دەۋر ئۆزگەردى، تارىخ ئالغا باسماقتا، ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتى ئوت-چۆپ بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىدىغان، ئىنسانىيلىق ئاياغ ئاستى قىلىنىدىغان زامانلار، ئىنسان بالىسىنىڭ تەقدىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلار، خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىدىغان دەۋرلەر كەلمەسكە كەتتى. ئەمما، ھازىرمۇ يېڭى زامانغا، يېڭى جەمئىيەتكە، يېڭى مەدەنىيەتكە ئويغۇن كەلمەيدىغان بەزى ساختا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى، چىدىغۇسىز چىركىنلىكلەرنى كۆرىمىز. شۇ چاغدا بىزنىڭ يادىمىزغا يېتىدىغىنى يەنىلا «ئۇلۇغۋار تەسەللىي» ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات بولىدۇ.

يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيانقى بىر قىسىم گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرگە نەزەر سالساق، سان-سۈپەت جەھەتتىن بارا-بارا ئادەمنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. ئېنىقكى، بۇ نەتىجىلەرنى يېتۈك تەرجىمانىمىز توختى باقى ئارتىشنىڭ ھالال مېھنىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ فېليەتون ژانىرى بىخلىنىشتىن ۋايىغا يېتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

[بۇ ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ 2010-يىللىق تەتقىقات تۈرى — «ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىنىڭ بىرى. تەستىق نومۇرى: 10XZW041]

**ئاپتور:** مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 2010-يىللىق دوكتورانتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھنۇر يۇنۇس

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئېقىملار توغرىسىدا

مەريەم قۇربان

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۆز تەرەققىيات مۇساپىسىدە داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تەشەببۇسلىرىنى يېتەكچى قىلىپ ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىملىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان ئىدراكىزم، تەسەۋۋۇپچىلىق، نەقشىبەندىيە، رومانتىزم، سىمۋولىزم، تەزكىرىچىلىك قاتارلىق ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى؛ ئەدەبىي ئېقىم

---

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باي رەڭدار ئەدەبىيات، ئۇنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات-سەنئەت قاراشلىرى ۋە ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىش، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىش تارىخىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ خىل دولقۇنلۇق، ئەگرى-توقاي مۇساپىسى باي ئىجادىيەت خەزىنىسىنى يارىتىپلا قالماي، ئۆز تارىخىدا داڭلىق پەيلاسوپ ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيە، ئەدەبىيات تەشەببۇسىنى يېتەكچى قىلغان ئەدەبىيات ھەرىكەتلىرى، پىكىر ئېقىمى ۋە ئەدەبىي ئېقىملارنى شەكىللەندۈرگەن.

ھەممىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىي ئېقىم بىر دەۋر، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. ئۇ كوللېكتىپ ھالدىكى مۇئەييەن ئورتاقلىقنى گەۋدە قىلغان ئەدەبىي پائالىيەتتۇر. ئېقىملارنىڭ پەيدا بولۇشىدا بىر قەدەر مۇنتىزىملاشقان ئەدەبىيات-سەنئەت سورۇنى، داڭلىق شائىر-يازغۇچىلىرى، مول گۈللەنگەن بەدىئىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى، شۇنىڭدەك يەنە سىستېمىلىق ئىدىيىۋى تونۇشقا ئىگە بولغان سەنئەت نەزەرىيەچىلىرىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئورخۇن ۋادىسىدىن غەربكە كۆچكەندىن كېيىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىغا يېڭى گۈللىنىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇلار بىر قانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ياكى قاراخانىيلار تەۋەسىدە بولسۇن ئۆزلىرىگە قاراشلىق زېمىندىكى كۆپلىگەن قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ مىللىي بىرلىكنى ھاسىل قىلدى. ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيادا 9-، 10-ئەسىرلەردە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان نۇرغۇنلىغان داڭلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئىككى خانلىق تەۋەسىدە ئىدى. ئۈچىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار تەۋەسىگە تارقىلىشى بىلەن، ئىسلام مەدەنىيىتى، مائارىپىنىڭ شەكلى بولغان مەدرىسەلەر كەڭ-كۆلەمدە قۇرۇلدى. قەشقەر، بالاساغۇن، ماۋرائۇننەھر، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەدرىسەلەردە دىنىي تەلىم-تەربىيە بىلەن بىللە، ئەدەبىيات ۋە باشقا ئىلمىي بىلىملەر بىلەن تەربىيەلەش ئىشلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ كەڭ-كۆلەملىك ئۆگىنىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش سورۇنى بولدى. بۇ شەھەرلەرگە كۆپلىگەن ئالىم، شائىر، دىنىي ئۆلىمالار توپلاندى. دۇنيا مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان فارابى، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، خارەزمى، ئەھمەد يەسسەۋى، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ داڭلىق ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەردە شۇ دەۋر ئىجتىمائىي پىكىر تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى سۈپىتىدە ئەقلىچىلىك (راتسىيونالىزملىق) پەلسەپەسى ۋە ئېستېتىكىسىنىڭ پىشقان، يۈرۈشلەشكەن قاراشلىرى ۋە بەدىئىي ئەمەلىيىتى يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەچچە ئەسىرلەرگىچە داۋام

قىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلىكىنى ـ ئىدراكىزم ئەدەبىي ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى ۋە ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە شەكىل بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملاشقان مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ئايلاندى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدراكىزم ئەدەبىي ئېقىمى فارابىنىڭ پەلسەپە ۋە سەنئەت قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسى قىلدى. فارابىنىڭ راتسىيونالىزملىق بىلىش نەزەرىيەسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن «مۇلاھىزىكار شېئىر ياخشى شېئىر»، «پەيلاسوپ شائىرلار ياخشى شائىرلاردۇر» دەيدىغان سەنئەت قاراشلىرى بۇ ئېقىمنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى بولدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق داستانلىرى بۇ ئېقىمنىڭ بەدىئىي نامايەندىسى بولدى. بۇ ئېقىم تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلەندى.

1. بۇ ئېقىمغا مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەردە ئوبرازلار ئاپتورلارنىڭ مەنتىقىي چۈشەنچە ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان (ماددىيلاشقان) ئىپادىسى سۈپىتىدە يارىتىلدى. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت پېرسوناژ ئوبرازى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتورنىڭ ئادالەت، بەخت ـ سائادەت، بىلىم ۋە قانائەتتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي قاراشلىرىنىڭ ئوبرازلاشقان ئىپادىسىدۇر.

2. بۇ ئېقىمغا مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەردە بىلىمنى ئۇلۇغلاش، بىلىمگە چوقۇنۇش ئىدىيەسى مۇھىم مەزمۇن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىلىمنى ئەقىلنى بىلىشنىڭ ئاساسى قىلىش، ئەقىل ـ ئىدراكنى ئىنسان ماھىيىتى ۋە قىممىتىنىڭ ئۆلچىمى قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار تەكىتلەندى.

بىلىكنى بەدۈك بىل ئۇقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىكى بەدۈتۈر ئۇدۇرمىش قۇلۇغ①.

(بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ (نەرسە) دەپ بىل، بۇ ئىككىسى خىللانغان قۇل (بەندە)نىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىدۇ)

سۆڭەككە يىلىگ تەگ، ئەرەنكە بىلىگ،
ئەرەن كۆركى ئەقىل ئول سۆڭەكنىڭ بىلىگ②.

(ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ، ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ يىلىكتۇر)

يۇقىرىقىدەك ئەقىل ـ ئىدراك ۋە بىلىمنى ئۇلۇغلايدىغان مىسرالار بۇ دەۋر ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي مىلودىيەسى بولدى.

3. بۇ ئېقىمغا مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەردە دىداكتىك مەزمۇن ئاساس قىلىنىدۇ. ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئەدىبلەرنىڭ ھايات تەجرىبىسىدىن يەكۈنلىگەن ئىبرەتلىرىنىڭ بايانى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «دىۋانۇ ھېكمەت» قاتارلىق ئەسەرلەردە شائىرلارنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئەندىزىلىرى، پۇقرالىق مەجبۇرىيەتلىرى، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى دىداكتىك شەكىلدە بايان قىلىنغان.

4. ئىسلام ئىدىئولوگىيەسىدىكى ياخشىلىق چۈشەنچىسىنى مۇھىم ئېستېتىك پىرىنسىپ قىلىدۇ. بۇ ئېقىمغا تەۋە ئەسەرلەردە ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ياشاشنى ئىنسان قىممىتىنىڭ يادروسى قىلىش ئىدىيەسى ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تە بۇ مەزمۇن ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا رەسمىي بىر دىنىي ئېقىم سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر پەلسەپەسى ۋە ئەدەبىياتىدا رەسمىي پىكىر ئېقىمى شەكىللەندى. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ چىرىكلىشىشى، خەلق ئۈستىدىكى قاتمۇقات زۇلۇم، خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمرانلارغا بولغان قارشىلىقىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بۇ پىكىر ئېقىمى جەمئىيەتنى نەپسانىيەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدىيەسىنى يادرو قىلىپ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى تەنقىد قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. تەسەۋۋۇپ ئالدى بىلەن زور كۆلەمدىكى پەلسەپىۋى دىنىي ئېقىم بولۇپ «قۇرئان كەرىم»

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 70 ـ بەت.
② ئەخمەت يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 20 ـ بەت.

بۇ ئېقىمنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى ئىدى. تەسەۋۋۇپچىلار «قۇرئان كەرىم»دىكى «ئەنكەبۇت»، «سۈرە نۇر» ۋە «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» (ئاللا سىرلىرىنىڭ نۇسخىسى) قاتارلىق سۈرىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئېلىپ، تەسەۋۋۇپنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىغا كىرگۈزدى ۋە ئاللا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرىدىغان بىر قاتار تەسەۋۋۇپ نەزەرىيەسىنى ياراتتى. روھىي پاكلىق ئارقىلىق ئىلاھىي قىممەتنى سېزىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدىكى تەلىمات ئۇلارنىڭ روھىي ئىنتىلىشى بولدى. تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسى يۈسۈپ مەمەدانى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق شەھەرلەرگە تارقالدى، تەسەۋۋۇپ كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئۆز ئىچىدىن ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەرنى شەكىللەندۈردى. يۈسۈپ مەمەدانىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئابدۇخالىق غىژدۇۋانى بىلەن ئەھمەد يەسسەۋى ئۆز كۆزقاراشلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇش جەريانىدا يەسسەۋىچىلىك ۋە كېيىنكى نەقشىبەندىچىلىك شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپە ئېقىمىنىڭ ئاساسچىلىرى تونۇلغان ئەدىبلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتكە تەتبىقلاش ئېھتىياجى بىلەن ئۆز ئەقىدىلىرىنى ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى تۈرلۈك بەدىئىي شەكىللەر ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىدى. تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنىڭ گۈزەل شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى خەلق بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. قىسقىسى، تەسەۋۋۇپ ئېقىمى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىن باشلاپلا مۇئەييەن ئورۇن تۇتقان ئەدەبىيات ئېقىمىغا ئايلاندى ھەمدە جەمئىيەت ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇزاققىچە داۋام قىلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چاغاتاي دەۋرىگە كىرگەندە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىيات ئېقىمى تېخىمۇ گۈللەنگەن، تەسىر دائىرىسى كېڭەيگەن بىر پەلسەپىۋى ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردە ئۇ ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ زاھىتلىق دەۋرىدىن ئۆتۈپ، مۇرىت تۇپلاش، ئۇستاز تۇتۇپ قول بېرىش يولى بىلەن كېڭەيگەن، ئېنىق ئىدىيىۋى بىرلىككە، زور تەسىر كۈچىگە ئىگە ئاڭلىق ئەدەبىي ھەرىكەت بولۇپ شەكىللەندى.

چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ، ھىرات، پارس قولتۇقىغىچە بولغان دائىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى قويۇقلاشتى. داڭلىق شەھەرلەردە مەدرىسەلەر، بىلىم مەركەزلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زىيالىيلارنىڭ بىرلىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان، ئۆگىنىش ۋە كەشپىياتلارنى ئىجات قىلىدىغان، ئوخشاش بولمىغان تەلىمات، مەزھەپ پىكىر ئېقىملىرىنى توپلايدىغان، ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىدىغان مەركەزگە ئايلاندى. موڭغۇللار ئۆزىنىڭ سىياسىي تەسىرىنى كۈچەيتىشتە ئۇيغۇرلاردىن پايدىلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىپ، شۇ دەۋر ئىجتىمائىي ئالاقىسى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا يېتەكچى رولغا ئىگە بولدى. ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى كۈچەيدى. بۇ تەسىر ئەرەپ، پارس تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان شائىرلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈردى. قوش تىللىق ئىجادىيەت گۈللەندى. تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ئىسلام دۇنياسىغا ئورتاق بولغان ئېتىقاد ۋە ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىنى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. نۇرغۇن شائىرلار بىر ـ بىرىگە قول بېرىشىپ، ئاڭلىق ھالدا ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىپ، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنى ئېنىق نەزەرىيىۋى سىستېمىغا ۋە ئىدىيىۋى يۆنىلىشكە ئىگە، كەڭ دائىرىدىكى شائىرلارنى بىرىكتۈرگەن، شۇنداقلا داڭلىق يازغۇچىلىرى ۋە مول ئىجادىيەت مېۋىلىرى بولغان ئەدەبىيات ئېقىمىغا ئايلاندۇردى. چاغاتاي دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا كەلگەندە تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈنۈشكە باشلىدى. خوجا ئابدۇخالىق غىژدۇۋانى ۋەكىللىكىدىكى «غىژدۇۋانى» تەرىقىتى بىلەن خوجا ئەخمەت يەسسەۋىي ۋەكىللىكىدىكى «يەسسەۋىي» تەرىقىتى ئىككى چوڭ مەزھەپ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. «ئىككى ئالەمنى تەڭ كۆرۈش» ۋە «ئەمگەك ئارقىلىق ھەق يولىغا ئېرىشىش»تىن ئىبارەت ئىلغار ئىدىيىۋى يۆنىلىشكە ئىگە تەلىماتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەرەققىيپەرۋەر شائىرلارنىڭ مايىللىقىنى قوزغىدى. ئۇلار تەركىدۇنيالىققا قارىشى تۇرۇپ، ئەمگەك ۋە مېھنەتلىك ھاياتنى مەدھىيەلىدى، زۇلۇمغا قارىشى تۇرۇپ، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى

ئاشىق دەپ ئاتاپ، تۈرلۈك شېئىرىي شەكىللەردە مۇھەببەت لىرىكىلىرى ۋە داستانلارنى يازدى ھەمدە بۇ خىل مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىگە باي، قايناق ھېسسىياتقا ئىگە شېئىرىيەتنى كېيىنكىلەر غىژدۇۋانىنىڭ روھىيەت ۋارىسى ــ خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەندىنىڭ نامى بىلەن نەقشىبەندىيە شېئىرىيەت ئېقىمى دەپ ئاتىدى. بۇ دەۋر شائىرلىرىدىن ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىقلار نەقشىبەندىيە شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغانىدى. ئەلىشىر نەۋائىي بۇ ئېقىمنىڭ يېتەكچى شائىرى بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نىسپىي تىنچلىقى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسىلىشى باشقا ئەللەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. «نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەر قايسى رايون مەدەنىيەتلىرى ئۇچراشقان ئاجايىپ قاينام ـ تاشقىنلىق مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرىگە كىرىپ كەتتى»①. تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان مۇسۇلمانلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ماۋرائۇننەھر، يەتتىسۇ، جۇڭغار رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى چاغاتاي تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نوپۇزىنى ئاشۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ دىن، تىل ـ يېزىق جەھەتتىكى بىرلىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن گۈللىنىش شارائىتىنى ھازىرلىدى ۋە ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي بىلەن بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك دەۋرى يارىتىلدى.

نەۋائىينى پىر ـ ئۇستاز تۇتۇشقان نۇرغۇن شائىرلار ھىراتنى مۇھىم پائالىيەت مەركىزى قىلىپ، نەقشىبەندىيە پىكىر ئېقىمىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسىرى زور بولغان ئەدەبىي ئېقىمغا ئايلاندۇردى. بۇ ئېقىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇكەممەل نەزەرىيىۋى بىرلىكنى يېتەكچى قىلغان، ئاڭلىق بىرلىشىش ۋە ئەگىشىش ئاساسىدىكى پائالىيەت بىرلىكى بولۇپ شەكىللەنگەن پىكىر ئېقىمى ۋە ئەدەبىي ئېقىم ئىدى.

نەزەرىيىۋى مەنبە جەھەتتە ئابدۇراخمان جامى، خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەندى ۋە نەۋائىينىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاراشلىرىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، كۆپلۈك گۇمانىستىك ۋە خەلقچىللىق روھقا ئىگە بىرقاتار سەنئەت نەزەرىيەسىنى ياراتتى. نەۋائىينىڭ «ھەيراتۇل ئەبرار»، «ماجالىسۇن نەفائىس»، «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»، «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە نەقشىبەندىيە شېئىرىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار خېلى كەڭ ئىپادىلەنگەن.

نەقشەنبەندىيە شېئىرىيەت ئېقىمى غەززالى ۋە يەسسەۋىنىڭ تەلىماتلىرىدىكى مەۋھۇملاشقان يەككە ئىلاھى بىرلىك نەزەرىيەسىنى ئىسلاھ قىلىپ، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا بەزى نەزەرىيەلەرنى كىرگۈزدى.

نەقشىبەندىيە ئېقىمىنىڭ مۇھىم تەلىماتى سۈپىتىدە «ئىشق نەزەرىيەسى» يېڭى مەنىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، نەۋائىي ئىشقنى ئىلاھىي ئىشق ۋە مەجازى ئىشق دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدى. بىراق مەجازى ئىشقنى ئىلاھى ئىشققا قارمۇقارشى قويماستىن، ئەكسىچە ھەققە يېتىشنىڭ باسقۇچى دەپ كۆرسەتتى.

مەجازى ئىشقدىن ئۆرتەنسە جانىڭ،
بارىب سەيلى فەناغا خانۇ مانىڭ.
ھەقىقى ئىشقدىن ئەسكەي نەسىمى،
يېتىب ئانىڭ نەسىمىدىن شەممى.
بولۇپ مەئشۇق ئەسلى چارە سازىڭ
ھەقىقەتقە بەدەل بولغاي مەجازىڭ②.

نەقشىبەندىيە ئېقىمى تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئابستراكىت ئىلاھ نەزەرىيەسىنى كونكرېت ئىنسان سۈپەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاللا ئىنسان قەلبىدە مەۋجۇتتۇر، ئىنسان ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر، دەپ قارىدى.

گەر بۇدۇرۇر ھەر نىمەكىم جانى بار،
جىسمىدا بۇ غۇنچە سىفەت قانى بار③.

---

① ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (2 ـ كىتاب)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 8 ـ بەت.

② ئەلىشىر نەۋائىي، «بەرھاد ـ شېرىن»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 321 ـ بەت.

③ ئەلىشىر نەۋائىي: «ھەيرەتۇلئەبرار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 111 ـ بەت.

دېمەك، ھەقنى سىرتقى دۇنيادىن ئەمەس، ئۆز ۋۇجۇدۇڭدىن ئىزدىگىن، ھەممە نەرسە ئىنساندا دېگەن گۇمانىستىك تۈيغۇغا باي بۇ قاراش ــ شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئىنساننى مەدھىيەلەش، تۇرمۇشقا ئۈمىدۋارلىق نەزىرىدە قاراش، ئىش ـ ئەمگەكنى مەدھىيەلەشتەك ئىجتىمائىي مەزمۇننىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئاساسى ئىدى.

نەقشىبەندىيە شېئىرىيەت تەلىماتىنىڭ يەسەۋىچىلىك ئېقىمىغا ئوخشىمايدىغان مەزمۇنى يەنە راتسىيونالىزملىق پەلسەپىۋى قاراشنىڭ ئېپىر راتسىيونالىزملىق (سەزگۈچىلىك) قارىشىغا ياندىشالىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. نەقشىبەندىيە شېئىرىيەت تەلىماتىدىكىلەر ئاللا ئىنسان قەلبىدە دەپ قاراپ، ئاللادىن ۋە ئىنساندىن سىرت ياكى قارىمۇقارشى مەنىدىكى ئابىستراكت بىرلىك نەزەرىيەسىگە قارشى تۇردى. ئۇلار كۆڭۈل ئىلاھنىڭ ماكانى، بۇ ماكان پاك بولسىلا، ئىلاھىي قىممەت بۇ ماكاندا جىلۋە قىلىدۇ دەپ چۈشەندۈردى. نەۋائىي بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى قوشلار تىلى ئارقىلىق مۇنداق بايان قىلىدۇ: «تېنىڭ قەسرىدە كۆڭلۈڭنى ئەينەك دەپ بىلگىن. شاھ ھۆسنىگە ئاشۇ ئەينەكتىن نەزەر سالغىن... سەن ئۇ ئەينەككە ئۇدۇل تۇرۇپ، سۇلماس گۈزەللىكنى تاماشە قىلغىن. كۆڭۈل ئەينىكىڭ قانچە پاك ۋە روشەن بولسا، ئۇ گۈزەل ھۆسنىمۇ شۇنچە نۇقسانسىز ئەكس ئېتىدۇ»①. دېمەك، ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە كونكرېت جەلپكار سۈپەتتە پەيدا بولىدىغان، ئىلاھنى شائىرنىڭ قەلبى ھېس قىلالايدۇ، سېزىم بىلەن ئۇنىڭغا يەتكىلى بولىدۇ. بۇ خىل سېزىمگە زور ئىشتىياق باغلاش نەزەرىيەسى نەقشىبەندىيە شېئىرىيىتىگە ئىنتايىن روشەن ئالاھىدىلىكلەرنى ئاتا قىلدى. شائىرلار ئوخشىتىش، مېتافورا، سۈپەتلەش، تەبىئەت تەسۋىرى ۋە سۆزنىتلىق بايان شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ئوي ـ پىكىرلىرىنى پەلسەپىۋى شەكىلدە ئەمەس، بەلكى گۈزەل ئوبراز ئارقىلىق كونكرېت ئىپادىلىدى.

چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتىدا يەنە رومانتىزملىق ئۇسلۇبقا ئىگە ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. نەسىرىدىن رابغوزى «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا رېئال شەخسلەر ۋە دىنىي رىۋايەتلەردىكى پەيغەمبەرلەردىن ئىبارەت ئىككى خىل تېمىنى ئالماشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، قايناق مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق غايىۋى ھايات مەنزىرىسىنى سىزىپ بەردى. ئارقىدىنلا خارازىمىنىڭ «مۇھەببەتنامە»، دۇربېكنىڭ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا»، لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» قاتارلىق داستانلىرى، شاھ قۇلى ئۇيغۇرنىڭ لىرىكىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پىراق ئازابلىرىنى، ۋىسال شادلىقلىرىنى ئەكس ئەتتۇردى. بۇ ھال بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا رېئال دۇنيانى گۈزەللەشتۈرۈپ يېزىش ئۇسلۇبىنى ئومۇمىي بىر ئەنئەنىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» تېمىلىرىدىكى قويۇق رومانتىك ئۇسلۇبقا ئىگە داستانلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى ۋە ئىستېخىيەلىك ئەگىشىش يولى بىلەن رومانتىزم ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى.

سىمۋوللۇق ئىپادىلەش سەنئىتى بۇ دەۋر ئەدىبلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئېستېتىك پرىنسىپى بولدى. كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ ئېستېتىك پرىنسىپىدا گۈزەللىك يوشۇرۇنلۇقتا، ئۇنىڭغا پەقەت ئىنسان تۇيغۇسى ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تۇيغۇ كونكرېت تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئوبيېكتىپلاشتۇرۇلۇپ بىۋاستە ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئوبرازغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، نەۋائىينىڭ «لىسانۇتتەير» ناملىق ئەسىرىدە سۇمورۇغ، ھۆپۈپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىلاھ بىلەن سوپىغا سىمۋول قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شائىر يۈسۈپ ئەمىرنىڭ «بەڭ ۋە مەينىڭ مۇنازىرىسى»، شائىر يەقىنىنىڭ «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى سىمۋولىزم ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇھەممەت سەيبانىخانىنىڭ ھىراتنى ئىشغال قىلىشى بىلەن تۆغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلاشتى ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىككىگە بۆلۈندى. يۇنۇسخان ئەۋلادىدىن بولغان سەئىدىخان مەنسۇر ۋە ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ يەكەن خانلىقىنى قۇردى. بۇ دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي بىرلىكى ۋە ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. خىلمۇخىل مەزھەپلەر، پىكىر ئېقىملىرى، ئەدەبىي ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىشلەر ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى. غەزەلچىلىك، رومانتىزم، سىمۋولىزم، دىداكتىزم، تەزكىرىچىلىك ۋە تەسەۋۋۇپ قاتارلىق ئەدەبىي ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، قوللاش ۋە ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت مۇنازىرە، ئىدىيىۋى

① ئەلىشىر نەۋائىي: «لىسانۇتتەير»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 71 ـ بەت.

كۈرەش ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا ئەدىبلەر چاغاتاي دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ رومانتىزملىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، گۈزەل مۇھەببەت ھېكايىلىرى ئارقىلىق بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدار مەنزىرىسىنى ياراتتى ۋە 17 ـ ئەسىرلەردە مۇھىم ئەدەبىي ئېقىمغا ئايلاندۇردى. مەسىلەن، مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «جاھاننامە»، مەجلىسىنىڭ «سەيفۇلمۇلۇك ـ بەدىئۇلجامال» (قىسسەئى سەيفۇلمۇلۇك)، مۇھەممەت ئىمىن غوجام قۇلى ھىرقەتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، موللا پازىل كىچىكنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن»، سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» قاتارلىق داستانلاردا ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ فانتازىيەلىك ھايات مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىدى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى يەنە بىر قېتىم ئېقىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخانلار تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكى ئىلاھىي ئىشىق قارىشىنى رېئال دۇنيادىكى گۈزەللىكلەر ئۈستىدىكى ئارمانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «كالام» مەزھىپىدىكى تەركىدۇنياچىلىق، تەقدىرچىلىك، روھانىيەتچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم مەرىپەت ۋە خەلقچىللىق ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلدى. يۈسۈپ قىدىرخان «مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ خىل مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئىلىم سۆيەر ئىدىيەسىنى «قۇرئان ـ كەرىم»دىكى «رەسۇلۇللا ئىلىم ئەھلىنى بايلىق ھېسابلا، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلغان كىشى، مېنى ھۆرمەت قىلغان بولىدۇ» دىگەن تەپسىرلەرنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىدى. ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا ئىلغار پىكىرلىك ئەدىبلەردىن ئاياز بېك قۇشچى، مىرزا ھەيدەر، زەلىلى قاتارلىقلارنى توپلاپ، «كالام»چىلارنىڭ سوپى ـ ئىشانلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇردى.

خوجىلار دەۋرى ئاخىرلىشىپ شىنجاڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن، خوجىلار تەزكىرىسىنى يېزىش قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن خوجىلار دەۋرىدىكى تەزكىرىچىلىك دولقۇنى تېخىمۇ جانلىنىپ، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ژانىر سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋر ئەدىبلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەھرىمانلىرىنى ۋە تارىخنى خاتىرىلەش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەخسلەر، خانلار، خوجىلار ئۈستىدە كۆپلىگەن تەزكىرىلەرنى يازدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارىخىي ۋەقەلەر، شەھەرلەر، خانىدانلىقلار، شائىرلار ھەققىدە يېزىلغان يىگى تېمىدىكى تەزكىرىلەرمۇ كۆپەيدى ھەمدە مۇھەممەت مىرزا ھەيدەر كۆرەگان، مۇھەممەت سادىق كاشغەرىينى مەركەز قىلغان تەزكىرىچىلىك ئەدەبىي ئېقىمى شەكىللەندى. مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخىي رەشىدى»، زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە»، «تەزكىرەئى ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد شەرىپ بۇزرۇكۋار»، قاسىمىنىڭ «تەزكىرەئى ئارسلانخان»، موللا ئابدۇلئەلىم (ئاخۇن) نىڭ «ئىسلامنامە»، موللا نىياز قارى سابىرنىڭ «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» قاتارلىقلار بۇ دەۋردىكى تەزكىرە ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدۇر. بۇ ئېقىم تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشتى ۋە مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، موللا ھاجىنىڭ «تەزكىرەئى بۇغراخان»، خىسلەتىنىڭ «شائىرلار تەزكىرىسى»، ھاجى يۈسۈپنىڭ «جەمئۇل تەۋارىخ»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە»، «تارىخىي ھەمىدى»، موللا شاكىرنىڭ «زەفەرنامە» قاتارلىق مەشھۇر تەزكىرىلەر مەيدانغا كەلدى.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا يەنە سىمۋولىزم ئىزچىل تۈردە يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت مېتودى بولۇپ كەلدى ۋە قىسمەن دائىرىدە ئەدەبىي ئېقىم ھاسىل قىلدى. شائىرلار تۈرلۈك مەجاز ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئىپادىلىدى. مەھزۇننىڭ «دىۋانە مەھزۇن» ناملىق ئەسىرىدىكى «قوغۇنلار مۇنازىرىسى»، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ «ماقالات»، زەلىلىنىڭ «چىلتەنلەر تەزكىرىسى»، ئەخمەت شاھ قاراقاشىنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، خىسلەتىنىڭ «مۈشۈك بىلەن چاشقان»، «تۆگە بىلەن ئاتنىڭ مۇنازىرىسى»، «كاسىپلار مۇنازىرىسى» قاتارلىقلار بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدۇر.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيدى، باج سېلىقلار ئېشىپ خەلق نامراتلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. يەرلىك فېئودال ۋە دىنىي كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتتى، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق خەلقنىڭ روھىغا سىڭىپ كىردى. بۇ ھال خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام

دۇنياسىدا مەيدانغا كەلگەن «ئۇسۇلى جەدىت» دەيدىغان ئىسلام دىنى ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن «يېڭىلاش» ۋە «دەۋرلەشتۈرۈش»نى مەزمۇن قىلغان دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ئېقىمى مەيدانغا كەلدى. بۇ ئېقىم دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، دىننى دەۋر تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ تەسىرىدە پۈتۈن جەمئىيەتتە دىنىي خۇراپاتلىققا، نادانلىققا قارشى ئىدىيىۋى ئويغىنىش باشلاندى. بۇ خىل ئويغىنىش ـ بىر تەرەپتىن، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلەتسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئىدىيەسىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە مەرىپەتچىلىك ئەدەبىي ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئىزچىل ئەنئەنە بولغان ھەم بىر قانچە ئەسىرلەر داۋامىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسى بۇ دەۋرگە ئىنتايىن تېز ماسلىشىپ، مۇئەييەن كۆلەمنى ھاسىل قىلىپ، جاھالەتنى، زۇلۇمنى، دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى تەنقىد قىلىدىغان كۈچ سۈپىتىدە راۋاجلاندى. بۇ دەۋردە يەنە ھاكىمىيەت بېشىدىكى خانلار داڭلىق ئەدىبلەرنى ئوردا ئىچىگە يىغىپ ئىجادىيەتكە تەشكىللەپ، مۇئەييەن پىكىر بىرلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شەرت ھازىرلىدى. قۇمۇل ۋاڭى ئەردەشىر، قەشقەر ھاكىمى زوھورىدىن، خوتەن ھاكىمى ئەلىشىر ھاكىم قاتارلىقلار نىزارى، زىيائى قاتارلىق ئەدىبلەرنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ نەۋائىي، سالاھى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاشقا ۋە تۈزۈشكە تەشكىللىگەندى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەر يەنە قايتا گۈللەندى. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن»، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا»، نورۇز ئاخۇننىڭ «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «مەسئۇد ـ دىلئارا»، سەئىد مۇھەممەدنىڭ «شەرھىي شىكەستە»، موللا بىلالنىڭ «غەزەلىيات» قاتارلىق لىرىك تۈيغۇغا باي ئەسەرلىرىدىن باشقا، يەنە ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىئە ۋە سەئدىن»، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە»، موللا بىلال نازىمىنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن»، «نوزۇگۇم» قاتارلىقلارغا ئوخشاش خەلق قوزغىلاڭلىرىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر ۋە موللا بىلالنىڭ «چاڭمۇزا يۈسۈپخان»، ئەخمەت شاھ قاراقاشىنىڭ «سالامنامە» قاتارلىق ھۆكۈمران سىنىپلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قامچىلايدىغان تەنقىدىي خاراكتېرى كۈچلۈك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى ۋە تەنقىدىي رېئالىزم ئېقىمىنى ھاسىل قىلدى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان بەزى ئېقىملار بىر دەۋرگىلا ئەمەس، بىر قانچە دەۋر ئەدەبىياتىغا ئورتاق بولغان ئېقىم بولدى. تەسەۋۋۇپ، ئىدراكىزم، مەرىپەتچىلىك قاتارلىق ئېقىملار قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدىن تاكى 20 ـ ئەسىر ئەدەبىياتىغىچە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمىدى.

تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە گۈزەل مەھبۇبىنىڭ ۋەسلىنى ئىزدەشنى لىنىيە قىلغان مۇھەببەت تېمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس تېما ئىزچىللىقىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، لىرىك ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىدىغان غەزەلچىلىكنى ياراتتى. قاراخانىيلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدراكىزم پىكىر ئېقىمى شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى مەرىپەتچىلىك ئېقىمىنىڭ بەدىئىي ئاساسىنى سالدى. كىلاسسىك ئېقىملار ياراتقان نادىر ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئەسەرنى باشلاش، ئاخىرلاشتۇرۇش (نەسىھەت قىلىش)، تىل ئىشلىتىش، ئوبراز يارىتىش ئۇسۇللىرىدا ئۆزگىچە ئەنئەنىلەرنى يارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى مىللىي خاسلىقنى ھاسىل قىلدى.

سىمۋولىزم ئېقىمى ياراتقان گۈل، بۇلبۇل، پەرھاد ـ شېرىن نامىدىكى مۇتىفلار سىمۋولىستىك ۋە دىداكتىك داستانلاردا ئىزچىللىقنى يارىتىپلا قالماي، بۇ ئېقىملار ياراتقان سىمۋولىستىك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىنىڭ ھەتتا بۈگۈنكى زامان پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ ئېستېتىك مەنبەسى بولدى. ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئابدۇقادىر داموللام، ئەخمەت زىيائى،

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوف، مۇھەممەتجان سادىق قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ خىل ۋارىسلىق ناھايىتى ئېنىق ساقلاندى.

پايدىلانمىلار:
1. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4 قىسىم) ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى.
2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 - يىلى نەشرى.
3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىلى نەشرى.
4. شېرىپىددىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى» (2 قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.
5. فارابى: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى.
6. غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى.
7. ئابلاجان مەمەت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى.
8. يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق: «11 - ئەسىر ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى.
9. مۇھەممەتقازى ئەيسا: ««قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشرى.
10. ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى.
11. مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت تۈزگەن: «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى.
12. ئەلىشىر نەۋائىي: «لىسانۇتتەيىر» ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى.
13. ئەلىشىر نەۋائىي: «مەجالىسۇن - نەفائىس» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى.
14. ئاياز شىكەستە: «جاھاننامە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى.
15. ئايگۈل ئابدۇرېھىم: «نەۋائىينىڭ ‹مەھبۇبۇل قۇلۇپ› ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2012 - يىللىق 3 - سان.

[بۇ ماقالە مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ 2011 - يىللىق ئىجتىمائىي پەنلەر فوند تۈرى — «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىيات پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى. تەستىق نومۇرى: 11XJJA751001]

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى
جاۋابكار مۇھەررىرى: ماھىنۇر يۇنۇس

# كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئەپسانىلەردىن مۇھەممەت باغراش ئىجادىيىتىدىكى ئەپسانىلەرگىچە

ئانارگۈل قاۋۇل

مۇھىم مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئەپسانىلەرنىڭ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا قايتىدىن قەلەمگە ئېلىنىشى مۇھەممەت باغراش ئىجادىيىتى ئاساسىدا ئەپسانە (ئەسلىي تىپ) تەنقىدچىلىكى نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئەپسانە؛ مۇتىف؛ ئەسلىي تىپ؛ ئۆزلۈك

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش داۋامىدا خەلققە مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، شۇ خەلقنىڭ ئىدىيەسى، تۇرمۇشى ۋە پسىخىكىسىنى ئۆزىگە قوشۇپ بېيىپ كەلدى. يازما ئەدەبىيات شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆزىگە سۈت ئانىسى قىلىپ كەلگەن بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نۇرغۇن نەمۇنىلىك ئەسەرلىرىمىزدىن ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز.

رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدە ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ھەققىدە نۇرغۇن ئەپسانە، رىۋايەتلەر بار؛ نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا شائىرنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلىكى، ئادالەتسىزلىكىگە بولغان غەزىپى، تىنچ - ئاسايىشلىققا بولغان تەشەببۇسى غايىۋى شاھ ئىسكەندەر رىۋايىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ «ھەيراتۇل ئەبرار» داستانىدىمۇ خەلق چۆچەكلىرى ۋە خەلق مەسەللىرىدىن پايدىلىنىلغان بولۇپ، زالىم پادىشاھ، ئالدامچى شەيخلەر قاتتىق تەنقىد قىلىنغان، داستان كۈچلۈك رېئالىزم ئېلېمېنتىغا ئىگە. موللا ئەلەم شەھيارىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىمۇ ئەركىن نىكاھ، ئەركىن مۇھەببەت قارىشى گۈل ۋە بۇلبۇلنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ھەققىدىكى رىۋايىتىدىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئەپسانە، رىۋايەتلەر يازغۇچى، ئەدىبلەرنىڭ قەلىمىدە بىۋاسىتە ئىشلىتىلىشتىن قالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەھمىيەتلىك رولى يازغۇچىلارنىڭ روھىغا بولغان ئوزۇقلۇق قىممىتىدىن قېلىپ قالغىنى يوق. لۇتپۇللا مۇتەللىپ «ئوت يۈرەك» ناملىق شېئىرىدا «تىڭشىغاچقا موماي ئاغزىدىن ساماۋى چۆچەكلەرنى» دەپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ۋە ئىلھام ئالغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇ خەلق قوشاق - بېيىتلىرىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن شېئىر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاممىباپلىقى كۈچلۈك بولغاچقا خەلق ئارىسىغا تېزلا تارقالغان. مول - ھوسۇللۇق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يولىغا قەدەم بېسىشىغا كىچىك ۋاقىتلىرىدا دائىم ئاڭلايدىغان ھېكايە - چۆچەكلەرنىڭ تۈرتكىلىك رولى بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مۇھەممەت باغراش ئەپەندى ئۆزىدىكى ئەدەبىي ھەۋەسنىڭ شەكىللىنىشى ئۈستىدە توختالغاندا، كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ھېكايە - چۆچەك، بېيىت - قوشاقلارنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى سۆيۈنۈش بىلەن ئەسلەپ: «ئاشۇنداق چاغلاردا ۋۇجۇدۇم تىترەپ، كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ ئۇزاق ئۆتمۈش، ئاجايىپ كەڭرى دۇنيا ئايان بولاتتى»① دەپ يازىدۇ. دەل باغراشتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى تۈپەيلى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ھېكايە - چۆچەك

① ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 - يىلى 1 - نەشرى، 201 - بەت.

ئېيتىشقا ماھىر بوۋايلار، ھېكايە، چۆچەك ئاڭلاشقا ئامراق ئوماق باللار ئوبرازى كۆپ ئۇچرىسا كېرەك.

ئۇنداقتا قەدىمكى شۇ ئەپسانە، رىۋايەتلەرنىڭ مۇتەفلىرنى ھازىرغىچە يەتكۈزۈپ كەلگىنى نېمە؟ ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان فولكلور ئالىملىرىدىن ئالان داندېس (Alan Dundes) فولكلوردىكى مەلۇم بىر چۆچەك نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ كىشلەر نېمە ئۈچۈن مەلۇم بىر خىل چۆچەكنى ئېيتىدۇ؟ مەلۇم بىر خىل چۆچەك نېمە ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە ئېيتىلىپ كېلىندۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە روھىي ئانالىز تەلىماتىدىن پايدىلانماي تۇرۇپ ھەرگىز جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى كارىل جۇڭ فروئىدقا ئوخشىمىغان ھالدا يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنى تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتتى. فروئىد شەخس پسىخىكىسىدىكى يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىنى بايقىغان بولسا، كارىل جۇڭ بۇ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مەزمۇنىنى شەخستىن ھالقىتىپ مىللەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت جۇغلانمىسى دائىرىسىگىچە، يەنى كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭغىچە كېڭەيتتى. ئۇ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئېرسىيەت ئارقىلىق ئىنسان قەلبىدە ساقلىنىپ بارىدىغانلىقىنى، شەخسىي يوشۇرۇن ئاڭ سىرتقى قاتلامدا ساقلىنىپ تۇرسا، كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلامدا ساقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېمەك، «كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ تارىختىن بۇيانقى ئىنسانىيەت ئېڭىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئورناپ كەتكەن، ھەممىگە ئورتاق بولغان ئىنسانىيەت ئىقتىدارى ۋە تەجرىبىسىنىڭ چۆكمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەم بىيولوگىيەلىك جەھەتتىكى ئېرسىيەتنى ھەم مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەدەنىيەت (文明) بايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئەسلىي تىپ (archetype) سۈپىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. ئەسلىي تىپتىن ئايرىلغان كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس»①.

ئەسلىي تىپ دېگەن بۇ سۆز ئالېكساندىرىيەلىك فىلو (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 15/10~ ؟) تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپ قوللىنىلغان. مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە يۇنان خرىستىيان ئىلاھشۇناسى سېينت ئىرېنايۇس (120/140~ 200)مۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە ئەسلىي تىپ دېگەن بۇ سۆزنى ئىشلەتكەن. كارىل جۇڭنىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ئەسلىي تىپ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىلا مەۋجۇت بولغان، ئومۇمىيۈزلۈك تۈسكە ئىگە بولغان ئىماگ② بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىلا شەكىللەنگەن. ئىپتىدائىي ئىماگ ئەجدادلارنىڭ سانسىزلىغان ئالاھىدە تەجرىبىلىرىنى شەكىل بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكتىن، ئۇلار چەكسىز ئوخشاش تۈردىكى تەجرىبىلەرنىڭ ئادەم پسىخىكىسىدىكى قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ئەسلىي تىپ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مەزمۇنى سۈپىتىدە ئەزەلدىن كىشىلەر مېڭىسىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇنداق پسىخىك جۇغلانمىغا ۋە مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە بولغان كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولغان ئەسلىي تىپنى يازغۇچىلار ئاڭسىز ھالدا ئەسەرلىرىدە ئىپادە قىلىدۇ. كارىل جۇڭ فروئىدقا ئوخشىمىغان ھالدا ئودىپۇس كومپلېكسىنى تەھلىل قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەپسانىنىڭ يېشىمىنىڭ ئۇنداق ئاخىرلىشىشى كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدا مەۋجۇت بولغان، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېرسىيىتى بىلەن كەلگەن بىر خىل ئىپتىدائىي ئىماگ (ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئانىسىنى ئېلىش يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ياۋايى ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شۇ مەزگىلدىكى كىشىلەردە ئورتاق مەۋجۇت بولغان پسىخىك تەجرىبە) ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئەپسانە ئەسلىي تىپى بىلەن ئىنسانىيەت پسىخىك قۇرۇلمىسىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، بۇنى ئىنسان روھىي دۇنياسىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى سۈپىتىدە قارايدۇ.

فراينىڭ ئەسلىي تىپ نەزەرىيەسى كارىل جۇڭنىڭ قارىشى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چىققان كارىل جۇڭنىڭ نەزەرىيەسىگە يەنە ئەدەبىيات مەنىسىنىمۇ قوشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئەدەبىيات ئەسلىي تىپى ئەدەبىياتتىكى مۇستەقىل ھەرىكەت ئېلىپ بارالايدىغان بىرلىك بولۇپ، ئۇلار ئىماگ، تېما، پېرسوناژ، كۆرۈنۈش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردە بولىسمۇ بولىدۇ،

① 杜昌忠：《跨学科文化批评视野下的文学理念》，北京大学出版社，2004 年，第 166 页。

② 荣格：《文学与心理学》，第 40 页。

ئەدەبىي ئەسەردە قايتا ـ قايتا پەيدا بولىدىغان ئالدىن بېلىش ۋە تۇراقلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان قۇرۇلما ئامىللىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەسلىي تىپ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ كۈچىنى تەشكىل قىلغۇچى ۋە ئىپادە قىلغۇچى بولۇپ، ئۇلار ئايرىم ئەسەرلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئەدەبىياتنى پۈتۈن بىرلىككە كەلگەن ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ئالاھىدە ئالاھىدە ئاڭ ھالىتىگە ئايلاندۇرىدۇ. فرايىنىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ئەدەبىياتتا تەكرار پەيدا بولىدىغان، ئۆزىگە شۇ مىللەت پسىخىكىسى ۋە مەدەنىيىتىنى جۇغلاپ كەلگەن مۇتىفلارنى ئەسلىي تىپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەدەبىياتىمىزدا يەنە ئەسىرلەردىن بېرى تەكرار قەلەمگە ئېلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئوبرازلار ۋە نۇرغۇن تېمىلار بولۇپ، ئەسلىي تىپ تەنقىدچىلىكى بىزگە بۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى، يىلتىزىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ.

نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ خەلق ئارىسىدىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن توغرىسىدىكى رىۋايەتكە ئاساسەن يېزىلغان. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىسكەندەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 356~323 ـ يىللىرى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارنى ئىستېلا قىلغان شەخس. ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا ئەپسانە، رىۋايەتلەرمۇ كۆپ. نەۋائىي مانا مۇشۇ خىل رىۋايەتلەردىكى قەھرىمان شەخس ئىسكەندەرنى پروتوتىپ قىلىپ، تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئادالەتلىك پادىشاھ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ شۇ دەۋر رېئاللىقى بىلەن زىچ باغلانغان ئىجتىمائىي، سىياسىي غايىلىرىنى، بىر پۈتۈن گۇمانىستىك تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى مىسالغا ئالساق، پەرھاد نامى بىلەن باغلانغان قىسسە ـ رىۋايەتلەر مىڭ يىللاردىن بۇيان شەرقتىكى ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە كۆپلىگەن يېڭى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى قوشۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارغان بولۇپ، بۇ ئوبراز شەرق ئەدەبىياتىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان بىر غايىۋى ئوبراز ھېسابلىنىدۇ. دوكتور ئەسئەت سۇلايمان پەرھاد ئوبرازىنىڭ ئەپسانىۋى پروتوتىپىنىڭ قەدىمكى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن زوروئاستىر دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋېستا»دىكى قۇياش ئىلاھى مىترا (Mitra)نىڭ ئوبرازىغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىز بۇنىڭدىن شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا ئۇزاق زامانلار جەريانىدا تەكرار ئىجادىيەتلەر نەتىجىسىدە تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن پەرھاد ئوبرازىنىڭ ئىپتىدائىي ئۈلگىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋى قەھرىمانلىرىدىن ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. پەرھاد ئوبرازى شەرقتىكى نۇرغۇن ئەللەر ئەدەبىياتىدا تەكرار قەلەمگە ئېلىنغان. پارس كىلاسسىكلىرى قەلىمىدە پەرھاد قوشۇمچە پېرسوناژ سۈپىتىدە ئەسەردىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارغا يان تەرەپتىن قىستۇرۇلۇپ، قوشۇمچە پېرسوناژ سۈپىتىدە قارالدى، 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، نەۋائىينىڭ قەلىمىدە پەرھاد باش قەھرىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، پەرھادنىڭ شېرىنغا بولغان پاك ئىشقى ـ مۇھەببەت جەريانىغا قەھرىمانلارغا خاس باتۇرلۇق، غەيرەت ـ شىجائەت ۋە چەكسىز ئەقىل ـ پاراسەت قوشۇلىدۇ. شېرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىش مەنزىلىگە ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىمىزدىكى سىناق مۇتىفىنى قوشۇپ، پەرھادنىڭ جاسارىتى ۋە ئەقىدىسىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. پارس كىلاسسىكلىرىنىڭ قەلىمىدە پەرھاد سۈت قانىلى قازسا، نەۋائىي قەلىمىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولغان سۇ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، پەرھادقا قانال قېزىپ چۆلگە سۇ باشلاتقۇزىدۇ. دېمەك، نەۋائىي قەلىمىگە كەلگەندە، پەرھاد ئوبرازى ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىغا زور دەرىجىدە ياندىشقان بولۇپ، «پەرھاد ئۆز پروتوتىپىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەپسانىۋى، تارىخىي مەنبەلىرىدىن ئالغىنى بىلەن، روھىي ئالىمىنى يىپەك يولى بويلاپ تارقىلىۋاتقان ۋە ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇۋاتقان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ مۇجەسسەمىدىن تويۇندۇرغانىدى»①.

نەۋائىيدىن كېيىن پۈتكۈل تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەدەبىياتىدا پەرھاد ئوبرازى قايتا ـ قايتا يارىتىلىپ كەلدى. بۇ ھەقتە 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تۈرك شائىرى لامىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن»

---

① ئەسئەت سۇلايمان، مېھراي مەمتىلى: «پەرھاد ئوبرازىنىڭ بەدىئىي تارىخىي»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001 ـ يىللىق 3 ـ سان، 36 ـ بەت.

داستانىنى؛ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە ئارىلىقتا يەركەندە ئۆتكەن موللا سىدىق يەركەنـدى بىلەن ئۆمەر بـاقى يەركەنـدىنىڭ «پەرھـاد ـ شىرىن» داسـتانىنى؛ يەنە ئابـدۇرېهىم نىـزارى (1776~1851)نىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى، ئۇلاردىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم بوستانلىقلىرىدا كەڭ تارقالغان «پەرھاد ـ شىرىن» ھەققىدىكى ھېكايە ـ قىسسە ۋە رىۋايەت ـ چۆچەكلەرنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىـڭ مەشھور ۋەكىللىرىـدىن نىمشېهىت (1906~1972) نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» داستانى سۇژىتى ئاساسىدا خەلقىمىز ئارىسىدا تارقالغان پەرھاد ـ شىرىننىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى بىلەن قىزىل مىڭئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى رىۋايەتكە ئاساسەن «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى يازدى. گەرچە ئاساسى سۇژىت ئۆزگەرمىگەن بىلەن، پەرھادنىـڭ ئـوبرازى بېھىستۇن قىيالىقىدىن قىزىل مىڭئۆيگە كۆچۈپ كەلگۈچە نۇرغۇن يەرلىك پۇراققا ئىگە بولـدى. يۇقىرىقىلار كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىـلەن بۈگـۈنكى زامـان ئەدەبىيـاتىمىز ئوتتۇرىـسىدا ئىزچىللىـق ۋە ۋارىـسلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدىكى مىساللاردۇر. چۈنكى، ئەسىرلەر مابەينىدە شەكىللەنگەن كوللېكتىـپ يوشۇرۇن ئېڭىمىـزدا ئۆتمـۈش بىـلەن مەنـبەداش بولغـان، ئۆتمۈشـتىن ئايرىلىـپ كېتەلمەيـدىغان تومۇرداشـلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

مۇھەممەت باغراش لاتىن ئامېرىكىسى «پارتىلاش ئەدەبىياتى»نىـڭ تەسـرىدە سېهرىي رېئالىزمنى ئەدەبىياتىمىزغا باشلاپ كىرىۋىدى، خەلقىمىزنىڭ تېزلا قوللىشىغا، ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولالىدى. چۈنكى، بىزدە ئەپسانىلەر بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن ئاڭ ۋە قاراش تېخىچە مەۋجۇت. خەنـزۇ ئەدەبىياتىغا نەزەر سالساق، سـېهرىي رېئالىزم خەنـزۇ ئەدەبىياتىغـا زور تەسـىر كۆرسـەتكەن. بۇنىڭـدىكى ئاساسلىق سەۋەب، خەنزۇ ئەدەبىياتى ئەسلىدىنلا ئۇزاق مۇساپىلىك ئەپسانىۋى ئەدەبىيات (传奇文学) ئەنئەنىسىگە ھەم سـېهرىي رېئالىزمنى قوبـۇل قىلالايـدىغان كەڭرى بوشلۇققا ئىـگە. «خەنـزۇ كىلاسـسىك ئەپـسانىۋى ئەدەبىياتى ئاساسلىقى جىن ـ ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ئەسەرلەر بىلەن ئاجايىـب ـ غارايىباتلار ھەققىـدىكى ئەسەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ مەنبەسىنى ‹تاغ ـ ئېرىقلار قۇرئى› (山海经)دىـن ئىزدەشكە بولىدۇ»①. «تـاغ ـ ئېرىقلار قۇرئى» ـــ جۇڭگودىكى ئەپـسانىلەر ۋە ئىپتىـدائىي تەپەككۇرنى خاتىرىلەپ قالـدۇرغان ئەڭ دەسلەپكى كىتـاب بولـۇپ، ئۇنىڭـدىكى ئاجايىـب ـ غارايىـب تەسۋىرلەر كېيىنكـى جىـن ـ ئالۋاستىلار ۋە ئاجايىب ـ غارايىباتلار ھەققىدىكى ئەسەرلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسـەتكەن. مىـڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋۇ چېڭئېن يازغان «غەربكە ساياھەت» بىلەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىـدىكى پۇ سۇڭلىڭنىڭ «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» بۇ تۈردىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەردۇر. ھالبۇكى، خەنزۇ ئەدەبىياتى شۇنچە ئۇزۇن يىللىق ئەپسانىۋى ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئىگە بولسىمۇ، 20 ـ ئەسىرگە كىرگەنـدىن كېيىن، 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىـڭ تەسـىرى، شۇنىڭدەك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە خاھىشىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى تۈپەيلى بۇ خىل ئەنئەنە سۇسلاپ قالغانىدى. 1984 ـ يىلى گارسىيا ماركۇزنىـڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانى نەشر قىلىنىۋىدى، شۇ ھامان ھەممىنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولدى.

سېهرىي رېئالىزم بىلەن بىزدىكى ئەپسانىۋى ئەدەبىيات ئەنئەنىسى مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئەپـسانىلەردىن ئـوزۇق ئالغـان. ھـازىر دۇنيـادا ئەڭ قىزىـق كـۆرۈش نۇقتىـسىغا ئايلانغـان «سـېهرلىك ئـۈزۈك» ، «خـاررى پـوتتېر» قاتـارلىقلار بۇنىڭغـا ئوخـشايدۇ. ئـۇلار ياۋروپانىـڭ ئوتتـۇرا ئەسىردىكى ئاجايىب ـ غارايىبلىققا تولغـان سـېهرىي ئەدەبىياتى (奇幻文学) غا تەۋە بولـۇپ، «بـۇ خىـل ئەدەبىياتتىكى پېرسوناژ، سـۇژىت ۋە ئارقـا كۆرۈنـۈش ئاساسـەن رېئاللىقتىن چەتـنىگەن بولـۇپ، ئـاپتور ھەمىـشە سـېهر قىلىـش، پېرىخونلـۇق، روھ ـ ئەرۋاھ، قەدىمىـي قەلئە، قـان ئىـچەر ئالۋاسـتى قاتـارلىق ماتېرىياللار ئارقىلىق ئاجايىب ـ غارايىب بولغان بەدىئىي دۇنيانى يارىتىدۇ. ئاجايىب ـ غارايىـب تەسەۋۋۇرلار ناھايىتى ئەركىن ۋە چەكلىمىسىز بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكنىڭ رېئاللىق ئاساسى يوق»②. گەرچە ھەر

---

① 曾利君：《魔魂现实诸于在中国的影响与接受》，中国社会科学出版社，2007 年，101页。

② يۇقىرىقى ئەسەر، 34 ـ بەت.

ئىككى خىل ئەدەبىيات ئاجايىب ـ غارايىبلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئۇلارغا تەگلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ.

رېئالىزملىق ئۇسۇلدا نەچچە يىل ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، رېئالىزم ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقان مۇھەممەت باغراش ئەپسانە ئارقىلىق ھازىرقى رېئاللىقنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۆز ئويلىنىشىغا ماس ئىجادىيەت ئىمكانىيىتىنى بايقىغان. شۇنىڭدىن بۇيان، مۇھەممەت باغراش «ئاقساق بۇغا»دىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسەرلىرىدە خەلق ئارىسىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەردىن كەڭ تۈردە پايدىلاندى ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ يىراق ئۆتمۈش دەۋرىدىكى پىسخىك يىلتىزىغا، مەدەنىيەت قاتلىمىغىچە تۇتاشقان ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قېزىپ چىقتى.

مۇھەممەت باغراش باشلىغان تۈنجى قەدەمدىن كېيىنلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نۇرغۇن يازغۇچىلار ئەپسانە ئارقىلىق بۈگۈنكى رېئاللىقنى ئىپادىلەيدىغان، ئەپسانىنى بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ روھىيەت سىرلىرىنى ئېچىشنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىسى قىلغان بۇ خىل ئۇسۇلغا ياندىشىپ، بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر»، «ئايخان»؛ توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا»، «مۇڭگۇز»؛ رىزۋانگۈل يۇسۇپنىڭ «سىرلىق ئالما»، «ئاق كەپتەر»، «ئېزىتقۇ»، «شۇۋىقەدىر كېچىسى»؛ ئەختەم ئۆمەرنىڭ «تاش مۇنار»، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «چۆل ئوغلى»، ئاباس مۇنىيازنىڭ «كۈيلەر كۆزى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇ يازغۇچىلار خەلق ئارىسىدىكى ئەپسانىۋى قاراش ـ ئادەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئەسەرلىرىدە قويۇق ئەپسانىۋى مۇھىتنى يارىتىپ ئۆزلۈكنى مۇئەييەن چوڭقۇرلۇق ئىچىدە ئىپادە قىلدى. مۇھەممەت باغراش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تۇنجى ئېلىپ كىرگەن يازغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەت باغراش ئەسەرلىرىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ قوللىنىلىشىغا كەلسەك، ئەپسانىلەر چۆچەكسىمان كەيپىيات ۋە مۇھىت ئىچىدە، سىمۋولسىمان ھالەتتە ۋە ئەپسانە، رىۋايەتلەرنىڭ بىۋاسىتە ئىشلىتىلىشى ئاستىدا روياپقا چىققان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن چۆچەكسىمان كەيپىيات خەلقىمىز ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان، ئېگىدا ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى ئاساس قىلغان. ئۇنىڭ «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى»، «تۆتقۇلاق» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى مىسالغا ئالساق، باشقا رەڭدە ئېچىلغان گۈلنىڭ تۇيۇقسىز باشقا رەڭدە ئېچىلىپ كېتىشىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈش؛ تۆتقۇلاق تېپىۋېلىپ، بەختىنى تاپىدىغان بولدۇم دەپ خۇشال بولۇش ئېگىز قايسى بىرىمىزگە يات؟ ھېچكىم بۇلاردىن غەلىتىلىك ھېس قىلمايدۇ. مۇھەممەت باغراش ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ ئەپسانە، رىۋايەتلەردىكى سۈزۈك، مۇتىفلاردىن جايىدا پايدىلانغان. مەسىلەن، پەرزەنت تىلەش، قەھرىمانىنىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش، ئالاھىدە چوڭ بولۇش مۇتىفى، يامان كىشىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان خاسىيەتلىك نەرسىلەر مۇتىفى دېگەندەك. نەۋائىي قاتارلىق پېشۋالىرىمىز ئەل ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ ياراتقان ئوبرازلار ھەرقايسى دەۋردە يازغۇچىلار تەرىپىدىن قايتا ـ قايتا يارىتىلىپ، شۇ دەۋر رېئاللىقىغا ماسلاشقان ھالدا ئۆلمەي كەلدى. گەرچە ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئەدىبلىرى ياراتقان ئوبرازلار ھەرخىل بولسىمۇ، لېكىن ۋەقەلىك مەشۇقى ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەش شەرتى، ئاشىقنىڭ بۇ شەرتنى بىجاندىل ئورۇنداش روھىي ئاستىدا بەرپا بولغان، پۈتۈن ئەلگە بەخت ۋە شۆھرەت ئېلىپ كېلىدىغان مۆجىزانە نەتىجىلەرنىڭ ئوخشاش بولۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي سۈزۈت بويىچە بولدى. چۆچەكلەردىكى خىمىر باتۇر، ئۇر توقماق، ئېچىل داستىخانلار ئەسكى كىشىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، مېھنەتكەش، ياخشى كىشىلەرگە خۇشاللىق ۋە يېڭى ھايات ئېلىپ كەلگەندى. مۇھەممەت باغراش قەلىمىگە كەلگەندە ماكان، زامان ۋە ئادەملەر ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، قىيىنچىلىقتىن غالىب كېلىش يەنە شۇ بويىچە بولدى. شۇڭا، مۇھەممەت باغراشنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا ھەرگىزمۇ غەلىتىلىك، بىمەنىلىك ياكى كونىلىق ھېس قىلمايمىز.

مۇھەممەت باغراش ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرىدىمۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى پېرسوناژلار ئىسىملىرى بىلەن ئوخشاشلىق بار. مەسىلەن، «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى»دىكى ئاتىللا، چۈنچىباي؛ «تۆتقۇلاق»تىكى مەكۇنا؛ «جەننەت بىلىتى»دىكى مۆگتۈرەك، ئايتۇرەك، بايتۇرەك قاتارلىقلار. بۇلارمۇ ئەسەرنىڭ ئەپسانىۋى تۈسىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرگەن.

ئەمدى باغراش بىۋاسىتە ئىشلەتكەن ئەپسانە، رىۋايەتلەرگە نەزەر سالساق، ئۇ بۇ ئەپسانە، رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئەينى پېتى ئىشلەتسىمۇ، كۆپىنچىلىرىنى مۇئەييەن بەدىئىي توقۇلما قىلىش ئارقىلىق ئەسەرگە ئېلىپ كىردى. «ئاقساق بۇغا»دىكى ئوغۇز رىۋايىتى، بۆرە توتېمى ئەپسانىسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇرۇندىن تارقىلىپ كېلىۋاتقان ۋە شۇ بويىچە خاتىرىلەنگەن ئەپسانە، رىۋايەت بويىچە ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن. «كەلكۈن»دىكى سۇ پەرىسى ئەپسانىسىگە كەلسەك، مۇھەممەت باغراش ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئانا يۇرتىدىكى خەلق ئارىسىدا تارقالغان «باغراش كۆلىدە سۇ پەرىلىرى بار ئىكەن، ھەر جۈمە كۈنى ئۇلار كۆلدىن چىقىپ ئاپتاپ سۇنۇپ چېچىنى تارايدىكەن»① دېگەن قاراش ئاساسىدا ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بەدىئىي توقۇلما قوشۇپ ئەسەردە ئاجايىپ تەسىرلىك بەدىئىي چىنلىقنى مەيدانغا چىقارغان. «يۇرەكتاغ»دىكى يۇرەكتاغ رىۋايىتىمۇ شۇنداق، پىچاندىكى ساياھەتتە يۇرەككە ئوخشايدىغان بىر تاغنى كۆرگەن مۇھەممەت باغراش شۇ يەردىكىلەردىن بۇ تاغ توغرىلىق ئەسىرگە خېمىرتۇرۇچ بولىدىغان دەسلەپكى مەنبەگە ئىگە بولىدۇ. ئاجايىپ مول تەسەۋۋۇرغا ئىگە مۇھەممەت باغراش بۇ رېئال مەنبەگە مىلادىيە 4 ـ ئەسىرلەردىكى كىروراندا بولغان چوڭ كۆچۈشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، «تۇرا قوشىقى»دا تىلغا ئېلىنغان قەھرىمان بەگ قۇلىبەگكە يەنە بىر گۈزەل ئانا (كۆركلەئىنە) ئوبرازىنى ياندىشتۇرۇپ، ئۇلارنى «يۇرەكتاغ»دىن ئىبارەت ئاساسىي لىنىيە ئارقىلىق بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئويلىنىشى، ئۈمىد ـ ئارزۇسى ۋە مۇئەييەن پەلسەپىۋى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئومۇمەن، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىكى ئەپسانىلىرىمىز رېئاللىقتىن قانچىلىق يىراق بولسۇن، ھازىرقى يېڭى ئېقىم، يېڭىچە ئىجادىيەت ۋە يېڭىچە ئەدەبىياتىمىز بىلەن شەكىلسىز يوسۇندا بىر گەۋدىلىكنى ساقلاپ كەلگەن، تا ھازىرغىچە ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىغان. خۇددى نورسىروف فىراي ئېيتقاندەك: «ئەمەلىيەتتە بىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يارىتىلىشى شەخسنىڭ ياراتقان ئىجادىي ئەمەس، شېئىر پەقەت باشقا شېئىر ئىچىدىلا، رومان باشقا رومان ئىچىدىلا بارلىققا كېلەلەيدۇ، ئەدەبىيات ئۆزىنى ئۆزى شەكىللەندۈرىدۇ» ②.

**ئاپتور:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھنۇر يۇنۇس

① 叶舒宪:《文学与人类学》，社会科学文献出版社，2003 年，第 131 页。

② يۇقىرىقى ئەسەر، 131 ـ بەت.

# ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى رادىف توغرىسىدا
## ــــ «دىۋان مەشھۇرى» ئاساسىدا

ماھىرە ئۆمەر

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە داڭلىق شائىر ئىبراھىم مەشھۇرىينىڭ «دىۋان مەشھۇرى» ناملىق شېئىرىي توپلىمى ئاساسىدا قاپىيە شەكىللىرىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى ــ رادىف ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قوش قاپىيە، ھاجىب، ئانافورا توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرى؛ رادىف؛ قاپىيە

قاپىيە ـ ئەسلىدە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئارقا تەرەپ»، «گەدەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، شېئىر ئىجايىتىدە بەدىئىي شەكىلنىڭ ئىككىنچى شەكلى بولغان قاپىيە ئىنگلىز تىلىدا «rifm» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز گرېكچە «rhythomos» («ئاھاڭداشلىق») دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. قاپىيە شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، شېئىرىي نۇتۇقنى تەسىرلىك ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلىدۇ. قاپىيەداش سۆزلەرنى ئەستە تۇتۇش ئاسان بولغاچقا، خەلق قىسقا، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قاپىيەلىك قىلىپ تۈزىدۇ.

ئەڭ دەسلەپكى شېئىرلاردا قاپىيە بولمىغان، كېيىن قاپىيە شېئىرلارنىڭ ئاخىرىدا ئەمەس، ئالدىدا كەلگەن. مەسىلەن، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردا قاپىيە كۆپ ھاللاردا مىسرالارنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. بۇنداق باش قاپىيەلىك شېئىرلار خەلقئارادا «ئاللىتىراتسىيەلىك» (تاۋۇشلۇق) شېئىرلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، بىر خىل ھەرپلىك قەدىمىي شېئىرىي سىستېمىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنچە قاپىيە مىسرالارنىڭ كەينىگە كۆچۈپ مۇقىملاشقان.

قاپىيەدە ئاھاڭداشلىق بىلەن ماسلىششچانلىق ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئاھاڭداشلىق شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن قاپىيەسىدە يۈكسەك دەرىجىدە ماسلاشقان بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا شېئىردىكى ئاھاڭداشلىق ۋە رېتىمنى تەلەپكە لايىق كۈچەيتكىلى بولىدۇ. قاپىيەنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، قاپىيەنىڭ بۇ شەكىللىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش شائىرلارنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە باغلىق. تونۇلغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى جەزبە، كۈچلۈك رېتىم ۋە تەسىر كۈچ ئۇلارنىڭ باشقا ماھارەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ قاپىيەدە مەۋجۇت سەنئەتلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى شائىرلار قاپىيەنىڭ رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنى كەشىپ قىلغان.

قاپىيە ـ مىسرانىڭ ئاخىرقى سۆزى ئىككىنچى بىر مىسرانىڭ ئاخىرقى سۆزى بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ كەلسە قاپىيە بولىدۇ. قاپىيە شېئىرىي ئەسەرنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ خىل رولى بار: 1) سۆزلەردە مۇناسىپ ئاھاڭداشلىق پەيدا قىلىپ، تىلنى تەسىرلىك، جاراڭلىق، مۇزىكىلىق ۋە گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ. شېئىرىي ئەسەرنىڭ رېتىملىق ھېسسىياتىنى كۈچەيتىدۇ، گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ؛ 2) كۈيلەشكە، دېكلاماتسىيە قىلىشقا، يادلاشقا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ؛ 3) شېئىرىي تىلنى، شېئىردىكى ئاڭ ـ تۇيغۇنى تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىش ياساھىتىگە ئىگە قىلىپ، شېئىر ئوقۇغۇچىلاردا ئىچكى ئورتاق سادا پەيدا قىلىدۇ. تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

ئى ھوسنۇڭگە ھەر گوشەدە يۈز شىفتە پەيدا،
ھەر زەردەئى پەرۋانە كەبى شەمئىگە شەيدا.

گەرۋادايى شەۋقىڭدە ئەمەس، بى سەرۇ ـ سامان،
بولدى نە ئۈچۈن خىزرى پەلەك بادىيە پەيما.

بۇ مىسالدا «پەيدا» بىلەن «شەيدا»، «شەيدا» بىلەن «پەيما» قاپىيە بولۇپ كەلگەن.

بىز مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان رادىق قاپىيە شەكىللىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر تۈر بولۇپ، ئۇ قاپىيەنىڭ قوشۇمچە ئاملى سۈپىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. رادىفنى قاپىيە بىلەن ئاھاڭداش شەكىلدە قوللىنىش شېئىرىي سەنئەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قىسمەن ئەھۋاللاردا جۈپ سۆزلەرمۇ رادىق بولۇپ كېلىپ قاپىيەنىڭ ئاھاڭدارلىقنى ئاشۇرىدۇ.

رادىق شېئىر مەزمۇنىدا ئىپادىلىنىۋاتقان مۇھىم پىكىرنى تەكىتلەش، ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىنى شېئىردىكى ئاساسىي پىكىرگە جەلپ قىلىش، شائىرنىڭ غايىسىنى ئوقۇرمەنگە تولۇق بىلدۈرۈش رولىنى ئوينىسا، ئۇنىڭ شەكلى شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقى، رېتىمدارلىقنى كۈچەيتىش، شېئىرغا ئالاھىدە تۈس بېغىشلاش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، رادىق شېئىرغا قوش پايدا يەتكۈزگۈچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. قەدىمى پېشقان شائىرلار رادىفنىڭ شېئىر مىسرالىرىدىكى ئورنى، تەكرارلىنىشتەك خاس ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار ئارقىلىق يېڭىچە مەزمۇن، يۈكسەك غايە، پەلسەپىۋى پىكىرنى ئىپادىلەشكە ئىنتىلىدۇ. قاپىيە سۆزىدىن كېيىن كېلىپ ئەينەن تەكرارلىنىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى «رادىق» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆرمەي ئول گۈل سانجىلۇر پەيكان كەبى مىژگان ماڭا،
گۈلشەن ئاتەشخانە غۇنچە ئاتىشىن پەيگان ماڭا.

بۇ مىسالدا قاپىيەدىن كېيىن كەلگەن «ماڭا» سۆزى رادىفتۇر، شۇڭا ئۇنى قاپىيەدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

ھۆسن ئىلە ئول بىر تەرەپ مىڭ ماھى تابان بىر تەرەپ،
ئىشقىدا مەن بىر تەرەپ مىڭ زار ھەيران بىر تەرەپ.

بۇ مىسالدا قاپىيەدىن كېيىن كەلگەن «بىر تەرەپ» دېگەن سۆز بىرىكمىسى رادىق بولۇپ كەلگەن.

ھاجى ئەخمەتنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىدا قوش قاپىيە بىلەن رادىفقا ئوخشاش ئېنىقلىما بەرگەن، ئەمەلىيەتتە قوش قاپىيە بىلەن رادىق ئوخشاش ئۇقۇم ئەمەس. قوش قاپىيە ـ شېئىر مىسرالىرىدا ئىككى سۆزنى قاپىيە ئورنىدا ئىشلىتىش «قوش قاپىيە» ياكى «زۇلقافىيە تەيىن» دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقافىيە تەيىن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، يەنى مۇتەكەررىر قاپىيە ۋە مەھجۇب قاپىيەدىن ئىبارەت.

1) مۇتەكەررىر قاپىيە. قاپىيە سۆزلىرى مىسرالارنىڭ ئاخىرىدا ئارقىمۇئارقا كەلتۈرۈلگەن بولسا، بۇنداق قاپىيە شەكلى مۇتەكەررىر قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

قىلدىڭ بىر سەۋرىكىم قومرىلىرى ئۇششاق نالەندۇر،
يۈرۈڭ بەرگى گۈلى بۇلبۇللىرى موشتاق نالەندۇر.

بۇ مىسالدىكى «قومرىلىرى» بىلەن «بۇلبۇللىرى»، «ئۇششاق» بىلەن «موشتاق» قوش قاپىيە (مۇتەكەررىر قاپىيە) بولغان، قاپىيەنىڭ كەينىدىكى «نالەندۇر» سۆزى رادىق بولغان.

2) مەھجۇب قاپىيە. قاپىيەلەنگۈچى ئىككى سۆز مىسرالارنىڭ ئاخىرىدا ئارقىمۇئارقا ئەمەس، بەلكى ئوخشىمىغان ئىككى ئورۇندا كەلسە، بۇنداق قاپىيە مەھجۇب قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

يۈز يۈزۈڭنى كورمەيىن گۈللەر كوزۇمگە خار ئىرۇر،
ئۈنلىرىڭنى ئىشتىمايىن بۇلبۇل ئۈنى ئازار ئىرۇر.

بۇ مىسالدىكى «كورمەيىن» بىلەن «ئىشتىمايىن»، «خار» بىلەن «ئازار» قوش قاپىيە (مەھجۇب قاپىيە) بولغان، قاپىيەنىڭ كەينىدىكى «ئىرۇر» سۆزى رادىق بولغان. شۇڭا، قوش قاپىيە

بىلەن رادىفنى پەرقلەندۈرۈش بىلەن بىللە، رادىف بىلەن قاپىيەنى قوشۇپ قوش قاپىيە دەپ ئاتىۋېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىدا ماقال ـ تەمسىللەردە مۇھىم نۇقتىنى ھەم ھېسسىياتنى تەكىتلەپ، گەۋدىلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان ئوخشاش سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى ياكى ئوخشاش جۈملە ۋە ياكى پۈتۈن بىر ئابزاسنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ قوللىنىش تەكرارلاش دەپ ئاتىلىدۇ.

تەكرارلاش ئۇسۇلى يېزىقچىلىق ھەم نۇتۇقتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، ئاپتورنىڭ ياكى نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ھېسسىياتىنى كۈچلۈك ئىپادىلەشكە، ئوي ـ پىكىر ھەم ئەسەر تىلىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىشكە، ئاھاڭدار قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. تەكرارلاش ئۇسۇلى خەلق قوشاقلىرى، شېئىر ۋە نۇتۇقلاردا بىر قەدەر كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. شېئىرلاردىكى سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇم بولۇپ، رادىف بولسا تەكرارلىنىشنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم بىر ئۇقۇمدۇر. شېئىرلاردىكى تەكرارلانغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ھەممىسى رادىف ھېسابلانمايدۇ. بۇ يەردە «دىۋان مەشھۇرى» ناملىق ئەسەر ئاساسىدا رادىفنىڭ بىر قانچە ئالاھىدە شەكلى ۋە تەكرارلاش ئۇسۇلى بىلەن بولغان پەرقى توغرىسىدا توختىلىمەن. شېئىرىي ئەسەرلەردە تەكرارلاش ئۇسۇلى تۆت خىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەن يەنى ئانافورا، پاراللېلىزم، ئاددىي تەكرارلاش، كۈچەيتىپ تەكرارلاشتىن ئىبارەت. ئانافورا بولسا بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈر بولۇپ، رادىفنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولغان ھاجىپ بىلەن ئانافورا ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ ھەم ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئانافورا ــ شېئىر مىسرالىرىدا باشتا كەلگەن سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى ئانافورا دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەيلىدى ئول كۈن مېنىڭ بىرلە ئۇشۇل جانان ۋىداھ،
ئەيلىدى سەبرو قارارىم خەيرباد جان ئەلۋىداھ.

بۇ مىسالدىكى «ئەيلىدى» سۆزى پەقەت ئانافورا بولغان. ئانافورا ئاساسەن شېئىرىي ئەسەرلەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. قوشاق ۋە شېئىرلاردىكى ھەر بىر مىسرانىڭ ئالدىدا كەلسە ياكى ماقال ـ تەمسەللەرنىڭ بېشىدا كەلسىمۇ ئانافورا بولىدۇ.

ھاجىپ ــ رادىفنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى بولۇپ، شېئىر مىسرالىرىدا قاپىيە سۆزنىڭ كەينىدە ئەمەس، ئالدىدا ئەينەن تەكرارلىنىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

نازاكەت بوستانىدا قەددىڭ سەرۋى خىرامانىدۇر،
نازاكەت گۈلۈستانىدا يۈزۈڭ گۈلبەرگى خەندانىدۇر.

بۇ مىسالدىكى «بوستانىدا»، «گۈلىستانىدا» دېگەن قاپىيە سۆزلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن «نازاكەت» سۆزى ھاجىپ بولغان ھەم شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ تەكرارلانغانلىقى ئۈچۈن ئانافورامۇ بولغان.

بۇ چىمەن ئىچرە ماڭا ئول سەۋرى ئازات بولسا بەس،
پائىسى دىلشاتلىق ئول قەدرى شەمشاد بولسا بەس.

بۇ مىسالدىكى «سەۋرى»، «قەدرى» دېگەن قاپىيە سۆزلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن «ئول» سۆزى پەقەت ھاجىپ بولغان.

قىسقىسى، ھاجىپ بىلەن ئانوفورا شەكىل جەھەتتە قىسمەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ھاجىپ بىلەن ئانافورانى ئارىلاشتۇرىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، دىۋاندا يەنە بىر خىل ئالاھىدە شېئىر شەكلى كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ خىل شېئىردا پەقەت سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشلا بار، رادىف، قاپىيە يوق. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا سۆزلەرنىڭ مۇشۇنداق تەكرارلىنىش ئەھۋالىنى قاپىيە ياكى رادىف دەپ ئايرىيدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

تەلپىنۇرجان تۈتى سى لەئل شەكەر بارىڭ كورۇپ،
مەۋج ئۇرار كوزگودا ھەيرەت ئەكس رۇخسارىڭ كورۇپ.

رەڭگىبارى ھوسىن بىرلەدۇر سىرشتە پەيكىرىڭ،
گۇل خىجالەت پەردىدە رەڭگى رۇخسارىڭ كورۇپ.
مەندۇمەن ھەڭگام ۋەسلى ئىچرە داغى مەھرۇمى ۋەسلى،
ياش يۇگۇرۇر كۆزدە خۇرشىد رۇخسارىڭ كورۇپ.

بۇ مىسرالاردىكى «رۇخسارىڭ كورۇپ» دېگەن سۆز بىرىكمىسى تەكرارلىنىش بولۇپ كەلگەن، شۇڭا ئۇنى قاپىيە ياكى رادىف دەپ ئايرىشقا بولمايدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، رادىف شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى تەكرارلاش ئارقىلىق تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش، شەكىل جەھەتتە شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، رادىف ئارقىلىق شەيئىلەرنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگىلى، بايان قىلماقچى بولغان شەيئىلەرگە نىسبەتەن تولۇپ تاشقان ھېسسىي ھاياجاننى قوشۇپ ئىپادىلىگىلى ھەم شېئىرنىڭ تىل جەھەتتىكى جانلىقلىقى، ئاھاڭدارلىقىنى، ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. رادىف قاپىيە شەكىللىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر تۈر بولۇپ، شەكىل جەھەتتە ئۆزگىچە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەكرارلاش، قوش قاپىيە، ئانافورا قاتارلىقلاردىن پەرقلىنىدۇ ھەم قاپىيە سۆزىدىن كېيىن تەكرارلىنىپ كېلىپ مەركىزىي ئىدىيەنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شېئىرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى، ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

پايدىلانمىلار:

1. ئىبراھىم مەشھۇرىي: «دىۋان مەشھۇرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
2. ھاجى ئەخمەت: «ئۇيغۇر شېئىرىيتى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
3. سەمەت تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
4. غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

**ئاپتور:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2012 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھىنۇر يۇنۇس

# ئاكادېمىيەمىزدىكى نوپۇزلۇق ئاز سانلىق مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى



شارىپقان ئابدالى، قازاق، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، ش ئۇ ئا ر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، قازاق ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىس، تەرجىمان.

ئۇ 1956-يىلى 11-ئايدا كۈنەس ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. كۈنەس ناھىيەسىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ھەمدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يېزىغا چۈشۈرۈلۈپ قايتا تەربىيە ئالغان. 1978-يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، تيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1982-يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنىپ قازاق ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1996-يىلى 11-ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. 2000-يىلى 11-ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى قارارلىق نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى ئاشكارا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. 2004-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 2012-يىلى 5-ئايدا شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ 1992-يىلى 11-ئايدا كاندىدات تەتقىقاتچى، 2002-يىلى 10-ئايدا تەتقىقاتچى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

شارىپقان ئابدالى قازاق يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا ئەسەر يازالايدىغان قوش تىللىق تەتقىقاتچى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 30 يىل مابەينىدە مۇستەقىل ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭ قازاقلىرىنىڭ مەدەنىيەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشى توغرىسىدا تەتقىقات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010-يىلى خەنزۇچە نەشرى)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقات تېمىسى «تۈزۈم ئىقتىسادشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن مەدەنىيەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقى» (خەنزۇچە)، دۆلەتنىڭ 8-بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى «جۇڭگو قازاقلىرى ئەدەبىيات تارىخى - ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» (قازاقچە)، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تەتقىقات تېمىسى «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە)، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تەتقىقات تېمىسى «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات تارىخى» (خەنزۇچە)، «قازاق مەدەنىيىتىگە نەزەر» (خەنزۇچە، قازاقچە)، «21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن شىنجاڭ. مەدەنىيەت تومى» (خەنزۇچە)، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» تۈرى «20-ئەسىردىكى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 100 يىللىق ئەدەبىياتىغا باھا» (خەنزۇچە)، « ‹تۆتنى ئېتىراپ قىلىش› ئوقۇشلۇقى» (خەنزۇچە)، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ھاۋالە قىلغان تەتقىقات تېمىسى «ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى مەسىلىسى» (خەنزۇچە)، «قازاقلارنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىش توغرىسىدا» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010-يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ مەدەنىيەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش توغرىسىدا تەتقىقات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010-يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. «شانلىق شىنجاڭ» (باشقىلار بىلەن بىللە)، «قازاق مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە ئۆرپ-ئادىتى» (يالغۇز) ناملىق ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىدىن قازاقچىغا تەرجىمە قىلدى. «ئەدەبىيات مەسىلىلىرى تەتقىقاتى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى (شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999-يىلى قازاقچە نەشرى). ئۇنىڭ ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى مەملىكەتلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق ئەسەرلەر ئامبىرى ياكى ئەسەرلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ بەزى ماقالىلىرى ئۇيغۇر، قىرغىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى، ھەتتا بىرقىسىم ماقالىلىرى قازاقىستاندىكى مەتبۇئاتلاردىمۇ ئېلان قىلىندى.

شارىپقان ئابدالى ئىلىم بېغىدا ھارماي-تالماي ئىشلىگەن ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى، ئۇنىڭ «قازاقلارنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىش توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «مەدەنىيەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەردە ئەدەبىي ئىجادىيەت» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن شىنجاڭ. مەدەنىيەت تومى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، « ‹تۆتنى ئېتىراپ قىلىش› ئوقۇشلۇقى» ناملىق ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قازاق مەدەنىيىتىگە نەزەر» ناملىق ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەكلىپلىك مۇتەخەسسىسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپلىك پىروفېسسورى.




主管单位：新疆社会科学院
主办单位：新疆社会科学院
出　　版：新疆社会科学杂志社
编　　辑：新疆社会科学杂志社维吾尔文编辑部
总　　编：阿不都热扎克·铁木尔
副 主 编：买买提·莫明
地　　址：新疆乌鲁木齐市北京南路 246 号
邮　　编：830011
电　　话：(0991)3837937
电子信箱：pantatkikat@sina.com
国际标准刊号：ISSN1002—9052
国内统一刊号：CN65—1038/C
邮发代号：58—81
国内总发行：新疆乌鲁木齐市邮政局
封面印刷：新疆新华印刷厂
内页印刷：新疆八百印务有限公司
广告经营许可证：6500006000035
定　　价：5.00 元

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەرى ژۇرناللار نەشرىياتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: ئابدۇرازاق تۆمۈر
مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەدجان مۆمىن
ئادرېسى: ئۈرۈمچى بېيجىڭ جەنۇبىي كوچىسى 246- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830011
تېلېفون نومۇرى: 0991-3837937
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: pantatkikat@sina.com
خەلقئارا ئورتاق نومۇرى: ISSN1002-9052
دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 - 1038 /C
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 81 - 58
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مۇقاۋا شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئىچكى بەتلىرى شىنجاڭ بابەي باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000035
باھاسى: 5.00 يۈەن